ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما (2)

# ئارمانلار يىسنجايدۇ



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئارمانلار يېلىنجايدۇ

ISBN 978-7-5371-5960-9
9 787537 159609 >
باھاسى: 20.00 يۈەن

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما (2)



# ئارمانلار يېلىنجايدۇ

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：萨黛缇·萨吾提
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：木拉丁·阿比提

阿不都许库尔·阿不都克里木新闻作品选（下）

**燃烧的心愿**（维吾尔文）

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆彩印胶印厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 10.625 印张
2008 年 7 月第 1 版 2008 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—2500

ISBN978-7-5371-5960-9 定价：20.00 元

# نەشرىياتتىن

كۆزگە كۆرۈنگەن ياش مۇخبىر ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم 1969 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چاپچال ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1991 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ گېزىتخانىسىغا خىزمەتكە چۈشكەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ گېزىت چىقىرىش بۆلۈمى، مەخسۇس بەتلەر بۆلۈمى ۋە مۇخبىرلار بۆلۈمىدە مۇھەررىر ۋە مۇخبىر بولغان. ھازىر «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر مۇخبىرلار بۆلۈمى ئىقتىسادىي خەۋەرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىجرائىيە مۇخبىرى، مۇدىر مۇخبىر.

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 17 يىلدىن بۇيان ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، 3000 پارچىدىن ئارتۇق تۈرلۈك ژانىردىكى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىپ، نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرى ئارقىلىق كەسىپداشلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ 60 پارچە ئاخبارات ئەسىرى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايون ۋە ساھەلەر بويىچە نادىر ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيەتلىرىدە 1-، 2-، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 12 پارچە ئەسىرى شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، ئۈچ پارچە ئەسىرى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، تۆت پارچە ئەسىرى مەملىكەت بويىچە بەش ئاپتونوم

www.uyghurkitap.com

رايون پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى باھا-لاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچ پارچىسى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1999 ـ يىلىدىن 2007 ـ يىلىغىچە ئۇدا توققۇز يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخباراتچىلار-نىڭ ئەڭ ئالىي شان ـ شەرىپى بولغان شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپا-تىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم 2003 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاخباراتچىد-لار جەمئىيىتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە ‹سارس› قا تاقابىل تۇرۇش تەشۋىقاتىدىكى مۇنەۋۋەر مۇخبىر»، 2007 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم كۆرۈنەرلىك ئەمگەكلىرى بىلەن 2008 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 2 ـ نۆۋەتلىك «مەملىكەت بويىچە ئون مېھرىبان مۇخبىر» نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى، 2008 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يەنە شەرەپ بىلەن 12 ـ نۆۋەتلىك «جۇڭگو ياشلىرىنىڭ 4 ـ ماي مېدالى» غا ئېرىشتى.

بۇ توپلاملارغا ئاپتورنىڭ ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان ئېلان قىلغان بىر قىسىم نادىر ئاخبارات ماقالىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇخبىرنىڭ كۆزى ۋە قەلىمى

مۇختار مەخسۇت

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەرنىڭ ناھايىتى ئابرۇيلۇق بىر پادىشاھى بولغانىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى سول پۇتىدىن كالتە بولۇپ، يول يۈرسە ئاقسىقلايدىكەن؛ سول كۆزى جىرتاق بولۇپ، ھەمىشە قىسىلىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۆزىنىڭ پورترېتىنى سىزدۇرماقچى بولۇپ، شەھەردىكى بارلىق رەسساملارنى ئوردىغا يىغىپتۇ ۋە كىمىكى ئۇنىڭ رەسىمىنى كۆڭۈلگە يارىغۇدەك سىزىپ چىقالىسا، شۇنى كاتتا تارتۇقلايدىغانلىقىنى، سىزالمىسا كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. رەسساملار ناھايىتى ئىخلاس بىلەن پادىشاھنىڭ سۈرىتىنى سىزىشقا كىرىشىپتۇ. بەزىلىرى پادىشاھنىڭ قىياپىتىنى ئەينەن سىزىپتۇ، بەزىلەر پادىشاھنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى ناھايىتى قاملاشقان قىلىپ ياساپ سىزىپتۇ. لېكىن، پادىشاھ بۇ رەسىملەرنىڭ ھېچقايسىسىدىن رازى بولماپتۇ ـ دە، رەسساملارنىڭ كاللىسىنى ئالدۇرۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا قالغان بىر رەسسام سىزغان رەسىم پادىشاھقا شۇنداق ياراپتىكى، پادىشاھ ئۇنى كاتتا ئىنئاملار بىلەن تارتۇقلاپتۇ. بۇ رەسسام سىزغان رەسىمدە پادىشاھ ئوۋغا چىققاندا ئالدىغا بىر كېيىك ئۇچرىغان بولۇپ، پادىشاھ كېيىكنى ئېتىش ئۈچۈن قولىغا يانى ئېلىپ، ئوڭ پۇتىنى بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سول كۆزىنى قىسقان ھالدا ئوڭ كۆزى بىلەن ئوۋنى قارىغا ئېلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەنىكەن.

دېمەك، رەسسام ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزى بىلەن، كۆزىتىش

www.uyghurkitap.com

ئىقتىدارى ۋە پاراسىتىگە تايىنىپ، مىيىپ پادىشاھنىڭ ئىنسانىي ھالىتىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، ھەم شاھ- نى رازى قىلغان، ھەم ئۆز جېنىنى ساقلاپ قالغان.

يۇقىرىقى ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى بىزگە گەرچە ئىنسانلارنىڭ كۆزى قارىماققا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىدىغان ۋە ئۇنىڭ باتىن تەرەپلىرىنى بايقايدىغان ئەقىل - پاراسەت كۆزىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاخبارات قوشۇنىمىزدىكى مۇخبىرلاردىمۇ پادىشاھنىڭ سۈ- رىتىنى سىزغان رەسسامدەك ئالاھىدە ئۆتكۈر كۆز بولۇشى كې- رەك. مېنىڭچە، ئادەتتىكى مۇخبىر بىلەن ئۆتكۈر كۆزلۈك مۇخ- بىرنىڭ ناھايىتى زور پەرقى بولىدۇ. كۆزى ئۆتكۈر مۇخبىر كىشىلەر دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان شەيئى - ھادىسىلەر ئارىسى- دىن باشقىلار كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى بايقىيالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى خۇددى ئۇلترا نۇردەك توساقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئەھۋالنىڭ ماھىيىتىدىكى نەرسىلەرنى روشەن كۆرەلەيدۇ. مۇنداق «كۆز» نى ئۇلاردىكى كەسپكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، ساداقىتى، جاپالىق ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش ئىرادىسى، پىداكارلىق روھى، ئادالەتنى ياقلاشتىكى جاسارىتى ۋە پاراسىتى ئاتا قىلغان.

كۆزى ئۆتكۈر مۇخبىر يېپيېڭى ئاخبارات پاكىتىنى كۆرۈپلا قالماستىن، يەنە شۇ پاكىتنىڭ تاشقى قىسمىدىن ئىچكى ماھىيى- تىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، شۇ پاكىتلار ئارقىلىق خىلمۇخىل شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشلارنى، ئۇنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەم دەۋر يۈزلىنىشىدە تۇتقان قىممىتىنى كۆرسى- تىپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا كۆزى ئۆتكۈر مۇخبىرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ «تەم» ى بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخباراتچىلىق كەسپىدە سىس-

تېمىلىق ئېلىم تەھسىل قىلغان، «شىنجاڭ گېزىتى» دىكى پېشقەدەم مۇخبىر، مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي تەربىيىسىنى ئالغان ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقىمىزدىكى ئىزباسار ياش مۇخبىر ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىمنىڭ ئاخبارات ئەسەرلىرىدە ئەنە شۇنداق مۇخبىرغا خاس ئۆتكۈر كۆز چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ ياش مۇخبىرىمىز تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان مۇخبىرلىق مۇساپىسىدە، ئىش - پائالىيەتلىرىدىن خەلق ئۈلگە ئالغان دەۋرىمىز قەھرىمانلىرى ۋە تىپىك شەخسلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت سەمەرىلىرى ھەم روھىي جۇلاسىغا ئۆز قەلىمى ئارقىلىق گۇۋاھچى بولدى. ئۇ تاللىغان تىپىك ۋەقەلەر، تېمىلار ئۇچۇن ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇخبىرلىق قىلىپلا قالماي، ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى، باش - ئاخىرىنىڭ باغلىنىشى، تىلى، قۇرۇلمىسىغا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ «تەم» ى ئۆزگىچە بولدى؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە، يۇرگۈزۈلگەن پىكىرلەردە ئۆتكۈرلۈك ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي تەقەززاسى ئەكس ئەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇرمەنلەرگە تېز تەسىر قىلدى. كەسپداشلار ئۇنىڭغا قايىل ۋە مايىل بولدى، تەشكىل ئۇنى ئەتىۋارلىدى.

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم ئاخبارات سېپىگە قېتىلغان 16 يىللىق كەسپىي خىزمەت ھاياتىدا 3000 پارچىدىن ئارتۇق تۇرلۇك ژانىردىكى ئاخبارات ئەسىرىنى يازدى. 58 پارچە ئەسىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ ئىككى قىسىملىق كىتابقا ئابدۇشۇكۇرنىڭ ئېلان قىلىنغان يىرىك ژانىردىكى ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن 60 پارچىسى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەردىن بىز بۇ ياش ئاخباراتچىنىڭ ئۆزىنى تۇرمۇش قاينىمىغا تاشلاپ، جاپالىق چېنىقىش، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ۋە ھايات ھەقىقەتلىرىنى قېزىشتىكى ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىش روھىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىمنىڭ ئاخبارات ئەسەرلىرىدىكى تىپىك ئاكتۇئاللىقى بىلەن يېزىش ئۇسلۇبىدىكى ئۆزگىچىلىكىدىن مۇخبىرنىڭ ئاخبارات تېمىسىنى بايقاشتىكى ئۆتكۈر كۆزى ۋە يېزىقچىلىقتىكى ئۆزگىچە ماھارىتى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تاللىغان مۇنۇ تېمىلىرىغا قاراپ باقايلى: «سوئال: 20 ئايلىق ئوقۇشقا 300 مىڭ يۈەن تۆلەش ئەرزىمدۇ؟ رادىل ئابلانىڭ جاۋابى: ئەلۋەتتە ئەرزىيدۇ» ناملىق ئەسەرىدە مۇخبىر شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلانىڭ بىر يېرىم يىللىقتىن ئارتۇقراق ئوقۇشقا 300 مىڭ يۈەن تۆلىگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئۇچۇرنى بايقىۋېلىپ، ئۇيغۇر كارخانىچىلىرىدىكى ئىدىيە ئۆزگىرىشىنى جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن؛ «قەلبى تۇتاش داھىيلار ۋە دېھقانلار» دا مۇخبىر ئەسلىدە 50 يىل مابەينىدە پارچە ـ پارچە خەۋەر قىلىنغان تۆت ئەۋلاد داھىيلارنىڭ شىنجاڭ دېھقانلىرىغا قىلغان غەمخورلۇقلىرىنى ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، شىنجاڭ ئازاد بولغان 50 يىلدىن بۇيان مەركەزنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇق تارىخىنى قايىل قىلارلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. «... 2001 ـ يىل 9 ـ ئايدىكى دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 5755 ئىكەن، 2005 ـ يىل 9 ـ ئايغا كەلگەندە بۇ سان كۆپىيىپ 11 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، تۆت يىلدا بىر ھەسسە ئاشقان... ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ئىچىدە... ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئومۇمىي ساننىڭ 89.4% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 99 ناھىيە، شەھەرنىڭ 80% ىدە ئەيدىز كېسەللىكى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار بايقالدى...» «ئەيدىز ھاياتىمىزغا ‹قارا قول› نى سوزماقتا» ناملىق ئەسەردىكى بۇ سان ـ سىپىرلاردىن بىز مەۋجۇتلۇقىمىزغا، ئەۋلادىمىزنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتـ

قان جىددىي رېئاللىقنى ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، «توك مۇنچا ئالماشتۇرۇشتىن تۇغۇلغان ئويلار»، «قىزىق نۇقتا: ئوۋچى يامانمۇ، ‹بۆرە› مۇ؟»، «مەڭگۈ ئۈزۈلمەس رىشتە»، «ھەدىيە خانىم، مىليونېر بولغۇڭىز يوقمۇ؟»، «چاقىلىق ئىككىنچى كرورەن بولۇپ قالارمۇ» ناملىق ئەسەرلىرىدە مۇخبىرنىڭ تېما بايقاشتىكى سەزگۈرلۈكى كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ.

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم شەخسلەر توغرىسىدا كۆپرەك يازدى. يازغاندىمۇ ئۇ ئىلگىرىكى شەخس تونۇشتۇرۇشتىكى قېلىپلاردىن دادىل قۇتۇلۇپ، مۇخبىرلىق كۆزىنى شەخسنىڭ نەمۇنىلىك ئىش - پائالىيىتىگىلا تىكىۋالماي، ئىچكى دۇنياسىنى قېزىش ۋە يورۇتۇشقا قاراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى شەخسلەرنىڭ ھەربىر كىچىك سۆز - ھەرىكەتلىرىدىمۇ شەخسنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، كەيپىياتى ۋە قىممەت قارىشى ئەكس ئەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئادىمىيلىكى ۋە خاراكتېرى چىن، جانلىق پاكىتلار ۋە يارىشىملىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تەسىرلىك رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

مۇخبىر دۇنيانى كۆزەتكۈچى، پاكىتنى سۆزلەتكۈچى، ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان، ئۆز يۈرىكى بىلەن ھېس قىلغان، ئۆز كاللىسى بىلەن ئويلىغان نەرسىلەرنى يازىدۇ. ئاخبارات ئەسىرىدىكى «مەن» ئەنە «شۇ سۆزلەۋاتقان» پاكىتلارنىڭ گۇۋاھچىسى. بىز مۇخبىرنىڭ كۆزى ئارقىلىق بىز كۆرەلمىگەن، كۆرسەكمۇ ھېس قىلالمىغان نەرسىلەرنى كۆرىمىز ۋە ھېس قىلىمىز. ئاخبارات ئەسىرىدە مۇخبىر «مەن» ئارقىلىق زىيارەت ئوبيېكتى بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ھېسسىيات ۋە پىكىر ئالماشتۇرىدۇ؛ «مەن» ئارقىلىق ئاخبارات پاكىتلىرى ئىچىگە ئوقۇرمەنلەرنى باشلاپ كىرىدۇ؛ «مەن» ئارقىلىق ئاخبارات پېرسوناژلىرى ۋە ۋەقەلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرىدۇ؛ «مەن» ئارقىلىق ئاخبارات

پاكىتلىرى ئىچىدىكى ئىچكى ئىدانى نامايان قىلىندۇ. قىسقىسى، ئاخبارات ئەسىرى «مەن» ئارقىلىق بىزگە تېخىمۇ يېڭىدىن بول-دۇ، يېقىملىق بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر ئاخباراتچىلىقىمىزدا تەشەببۇس قىلىشقا ۋە كۈچەيتىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا. ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىمنىڭ «ئېھ، مۇئەللىم»، «ھارۋىكەش ھەققىدە ھېكايە»، «ئىس - تۈتەكسىز ‹فرونت› - شىڭشىڭشى-يا» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە «مەن» نىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئۇقۇر-مەنلەرگە جەلپكار ۋە قايىل قىلارلىق مۇھىت يارىتىلغان. بۇ-نىڭدىن باشقا، ئابدۇشۈكۈرنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدىمۇ بىرمۇن-چە جۇلالىق تەرەپلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسى-لەن، ماۋزۇنى كۆركەم، ئوبرازلىق، جەلپ قىلارلىق قويۇشى، ئەسەر قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىچىلىك، تەپسىلات جەھەتتىكى ئىنى-چىكە تاللاش، تىل جەھەتتىكى ساددا ۋە نەپىسلىكىنىڭ بىرلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەردىن بىز ئۇنىڭ «خاسىيەتلىك قەلەم» تۇتقان بارماقلىرىدىكى قاپارتمىلارنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇخبىر بولۇش راستىنلا ئاسان ئىش، سىز كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭىزنى ئەينەن خاتىرىلەپ قويى-سىڭىزلا مۇخبىر بولالايسىز. پەقەت جان باقىدىغان مۇخبىرلا بولالايسىز! لېكىن يارامىلىق ياخشى مۇخبىر بولۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بىزدە تونۇلغان يازغۇچى، شائىرنىڭ كۆپ، تونۇلغان مۇخبىرنىڭ ئاز بولۇشىمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەلكى مۇخبىرنىڭ مەنزىلى يازغۇچىنىڭ مەنزىلىدىن تېخىمۇ يى-راق ۋە مۈشكۈل بولسا كېرەك. ئابدۇشۈكۈر شىنجاڭ ئۇنىۋېر-سىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ ئاخبارات ئەسەرلىرىنى توپلام قىلىپ جامائەتچىلىك-كە سۇندى. بۇ ئۇنىڭ ئانا مەكتىپىگە، ئۆزىنى تەربىيىلىگەن ئوقۇتقۇچىلىرىغا تاپشۇرغان يەنە بىر ئىمتىھان قەغىزى. «شىن-جاڭ گېزىتى» دىكى ئۇستازلىرىنىڭ ئەجرىگە قايتۇرغان بىر جاۋا-

بى. ئۇنى مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەن خەلق ئاممىسىغا سۇنغان مېھنەت مېۋىسى. مېنىڭچە، ئابدۇشۇكۇر بىلەن بىر سەپتە ئىشلىگەن كەسىپداشلىرى بۇنىڭدىن سۆيۈنىدۇ، ئىپتىخارلىنىدۇ، ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ياشلار ئۇنىڭدىن ئىلھام ۋە ئۆرنەك ئالىدۇ. جەمئىيەتكە قانداق كۆز بىلەن قاراشنى، قەلەمنى قانداق بىلەشنى ئۆگىنىدۇ. مەن ئابدۇشۇكۇر ۋە ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش ياش ئاخبارات خادىملىرىنىڭ كەلگۈسىگە نۇسرەت، قەلىمىگە بەرىكەت تىلەيمەن!

2007 - يىل ئۆكتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


مۇخبىرنىڭ كۆزى ۋە قەلىمى ...... 1

ئارمانلار يېلىنجايدۇ ...... 1

«پەگاھ» دىن «تۆر» گىچە ...... 33

گۈل ئۈنگەن ئىزلار ...... 40

ئىس - تۈتەكسىز «فرونت» — شىڭشىڭشيا ...... 47

بۈرچ ھەققىدە قىسسە ...... 61

ئەڭ ئاخىرقى ئېلىنىش ...... 74

700 مىليون يۈەن نەگە ئېقىپ كەتتى؟ ...... 78

خۇشاللىق، ئەپسۇسلۇق، ئۈمىد ...... 84

ستۇدېنتلار، كەسىپ تاللاش قارشىڭلار قاچان ئۆزگىرىدۇ؟ ...... 98

بىر دەستە گۈل ۋە مەسئۇلىيەت ...... 104

دېھقان ئۈچۈن سۆزلەيمەن ...... 109

تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۈنىۋېرسال تۈزەشتىكى «ئىككى چوڭ كاشىلا» ...... 115

بايىنبۇلاق، ھۆسنۈڭگە نېمە بولدى؟ ...... 120

قىزىق نۇقتا: «ئوۋچى» يامانمۇ، «بۆرە» مۇ؟ ...... 127

مەڭگۈ ئۈزۈلمەس رىشتە ...... 134

ئالتۇن توپىدىمۇ پارقىرايدۇ ...... 143

ھەدىيە خانىم، مىليونېر بولغۇڭىز يوقمۇ؟ ...... 153

يىللار ۋە ئىزلار ...... 160

توك مۇنچا ئالماشتۇرۇشتىن تۇغۇلغان ئويلار ...... 169

قەلبى تۇتاش داھىيلار ۋە دېھقانلار .................. 177
ئەجەم ياڭرىغان چاغلار ............................ 210
يانغىنىغا ئايلانغان ئۇچقۇن .......................... 217
«قىيىنچىلىق ئەڭ چوڭ بايلىق» ...................... 226
ئەيدىز ھاياتىمىزغا «قارا قول»نى سۇنماقتا .......... 237
تەمبۇر تۇتقان «قىزىلگۈل» ......................... 242
بوش كەلمە، نومچىلار ............................... 250
«ئالاھىدە كىشىلەر» ئارىسىدا 10 كۈن ............ 263
«ئارمان»دىن چاقنىغان مەرىپەت نۇرى ............ 285
ئەجەللىك — 10 ھالقا .............................. 293
ھايات - مامات دەقىقىلىرىدە ........................ 299
ھەمكارلىق روھى — گۈزەل ئىقبالنىڭ «يولخېتى» ... 310

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئارمانلار يىلىنجايدۇ

## مۇقەددىمە

ھەر قېتىم قۇمۇلغا مۇخبىرلىققا بېرىپ، تۇرسۇن خېلىل بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىمدا، ئۆزۈمنى خۇددى ئۇنىڭغا قەرزدار كىشىدەك ھېس قىلىپ بىئارام بولۇپ كېتىمەن. چۈنكى، بۇنىڭدىن 11 يىل ئىلگىرى قۇمۇل ۋىلايىتىدە مۇخبىرلىق قىلىۋاتقىنىمدا، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ، جۈملىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش ئىشلىرى ئۈچۈن كاتتا تۆھپىلەرنى قوشقان داڭدار ئىسلاھاتچى تۇرسۇن خېلىلنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى مەتبەئە يۈزىدە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىزدىنىپ - تىرمىشىپ ئون نەچچە كۈن ئەھۋال ئىگىلەپ «ئارمانلار يىلىنجايدۇ» دېگەن تېمىدا بىر پارچە چاتما تەپسىلىي خەۋەر يېزىشقا تۇتۇش قىلغانىدىم. بىراق، تۈرلۈك سەۋەبلەر زور ئۈمىد، كۈچلۈك ھاياجان ئىلكىدە باشلىغان ئىشلىرىمنى سۇغا چىلاشتۇرۇپ قويدى.

مانا ئارىدىن 11 يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھەر قېتىم ماتېرىياللار ئارىسىدىكى ئەينى چاغدا 20 نەچچە بەت يېزىلىپ تاشلىنىپ قالغان ماقالىگە كۆزۈم چۈشكەندە ۋە ياكى تۇرسۇن خېلىل بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزۈمنى مۇخبىرلىق سالاھىيىتىمگە، تۇرسۇن خېلىلغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ قالاتتىم. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا مەملىكەت بويىچە «خەلق رازى بولغان چاكار» دېگەن شەرەپكە ئېرىشكەن قۇمۇل شەھىرىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابلىزنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ ماڭا: «مۇبادا قۇمۇلدا تۆھپىسى بار كادىر بار دېيىشكە توغرا كەلسە، تۇرسۇن ئاكىنى

بىرىنچى ئورۇنغا تىزسا بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى تاشلاپ قويۇپ مېنى زىيارەت قىلىسىڭىز مەنمۇ خىجىللىق ھېس قىلىپ قالىمەن، ئۇنىڭ قومۇل ۋىلايىتىگە، جۇملىدىن، شەھىرىمىزگە قىلىپ بەرگەن ئەمەلىي ئىشلىرىنى سۆزلەپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مۇبادا ئۇ توغرىسىدا بىرنەرسە يېزىشنى خالىسىڭىز بىز پۈتۈن كۆچىمىز بىلەن قوللايمىز» دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى قەلبىمدىكى ئىلگىرى ناھايىتى تېزلا «تۈتىشىپ» يەنە ناھايىتى تېزلا «ئۆچكەن ئوت» نى قايتا تۇتاشتۇرغاندەك بولدى. 2005 - يىلى ئاپرېلدا قومۇلدا يەنە بىر قېتىم زىيارەتتە بولغىنىمدا ۋالىي ئابلاجان ئىمىن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىبادەت ھىمىت قاتارلىقلارنىڭ سەممىي تەۋسىيىسى مېنى ئىلى ۋادىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، قومۇل بوستانلىقىدا ئاجايىپ يارقىن ئىزلارنى قالدۇرۇپ، ئىككىنچى سەپكە چېكىنگەن بۇ تۆھپىكار توغرىسىدا قايتا قەلەم تەۋرىتىشكە مەجبۇر قىلدى ...

## داۋانبېشىدا ئۆتكەن 20 چاغان

2003 - يىلى چاغاننىڭ تۈنجى كۈنى. خىزمەت بىلەن گۇاڭجۇدا تۇرۇۋاتقان تۇرسۇن خېلىل سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا، قومۇل ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى لى يۆچۇنگە تېلېفون ئېلىپ:

— بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، ئىدارىدىكى بارلىق يولداشلارغا مەندىن بايراملىق سالام ئېيتىڭ، — دېدى.

— رەھمەت، ئىدارە باشلىقى. سالىمىڭىزنى چوقۇم يەتكۈزىمەن، — دېدى ئىشخانا مۇدىرى خۇشال ھالدا.

— داۋانبېشى داۋبەنىدىكى ئىشچىلاردىن ھال سوراشنىڭ تەييارلىقى پۈتتىمۇ؟ سائەت نەچچىدە يولغا چىقىسىلەر؟

— ھال سوراشنى تۈنۈگۈن تۈگىتىپ قايتىپ كەلدۇق.

— نېمە؟ ئۇ كىمنىڭ كۆرسەتمىسى؟ مەن ئۈچ كۈن ئىلگى-رى نېمە دەپ ئورۇنلاشتۇرغان؟ ئىشچىلار قارىسام تاغدا جاپا تارتىپ ئىشلەۋاتسا، سىلەر ئىسسىق ئۆيدە چاغان ئۆتكۈزۈۋاتا-سىلەر؟ دەرھال شۇجى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرى ۋە ھەرقايى-سى بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرىغا خەۋەر قىلىپ، ئىككى سائەت ئىچىدە داۋبەنگە چىقىپ بولۇڭلار، مەن ئىككى سائەتتىن كېيىن يەنە تېلېفون قىلىمەن.

— بىراق، ئىدارە باشلىقى، بىز تۇنۇگۇن …

— بىراق - پىراق دېگەن سۆزنى ئاڭلاشقا ۋاقتىم يوق. تۇنۇگۈنكىسى ھېساب ئەمەس، ئىدارىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە ئىدارە رەھبەرلىرى ھەر يىلى چاغاننىڭ تۇنجى كۈننى چوقۇم داۋانبېشى داۋبەنىدە ئۆتكۈزۈشى شەرت. ئىككى كۈن ئىداردە بولمىسام، ئۇن نەچچە يىللىق قائىدىنى يوق قىلماقچىمۇ؟ — تۇرسۇن خېلىل سۆزىنى تۈگىتىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى زەردە بىلەن قويدى.

توپتوغرا ئىككى سائەتتىن كېيىن، ئۇ داۋانبېشى داۋبەنگە تېلېفون قىلدى. قارشى تەرەپتىن داۋبەن باشلىقىنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىدارە رەھبەرلىرى كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى تۇرسۇن خېلىل.

— ھەئە، تېخى ھازىرلا يېتىپ كېلىشتى. تۇنۇگۈن كەلگەن-دىن كېيىن، بۈگۈن قايتا ئاۋارە بولمىسىمۇ بولاتتى.

— ئۇنداق گەپ يوق، بەلگىلىمىنى ھېچقانداق ئادەمنىڭ بۇزۇشىغا رۇخسەت يوق. مەن سىرتتا بولۇپ قېلىپ بارالمىدىم، ئىشچىلارغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ. تېلېفوننى ئىشخانا مۇ-دىرىغا بېرىڭ، — دېدى تۇرسۇن خېلىل ئىشخانا مۇدىرىغا كەس-كىن تەلەپپۇزدا.

— بۈگۈن بىر كۈننى ئىشچىلار بىلەن ئۆتكۈزۈسلەر، ئىنا-



www.uyghurkitap.com

گىرىكىگە ئوخشاش ئاش ـ تاماقنى ئۆزۈڭلار قىلىڭلار، بىرمۇ ئادەمنىڭ قايتىپ كېتىشىگە رۇخسەت يوق. مەن چۈشتىن كېيىن داۋبەنگە يەنە تېلېفون قىلىمەن،— دېدى.

ئۇنداقتا، داۋانبېشى داۋبەنى دېگەن زادى قەيەر؟ ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە نېمىشقا بۇنچە قاتتىق ئاچچىقلايدۇ؟

داۋانبېشى — قۇمۇل ۋىلايىتىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرىنىڭ چوققىسىدىكى بىر داۋاننىڭ نامى بولۇپ، قۇمۇل ـ باركۆل تاشيولى بۇ جايدىن ئۆتەتتى. قارلىق چوققىلار ئارىسىدىكى داۋانبېشى، كۆشۆتە قاتارلىق داۋانلارنىڭ نامى يىراق ـ يېقىنغا داڭلىق بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا، خېلى «مەنمەن» دېگەن شوپۇرلارنىڭ تېنى شۈركۈنەت-تى. چۈنكى، بۇ يەرلەرنىڭ ھاۋا كېلىماتى تولىمۇ ناچار بولۇپ، 7 ـ 8 ئايغا سوزۇلىدىغان قىش پەسلىدە قېلىن قار يېغىش، قارا بوران چىقىش، قار كۆچۈش ۋە يول توسۇلۇپ قېلىش دېگەندەكلەر بۇ جايغا نىسبەتەن «تولىمۇ نورمال» ئىشلار ئىدى. قار ـ شىۋىرغان دەستىدىن يول نەچچە كۈنلەپ ئېتىلىپمۇ قالات-تى. بەزىدە ھەتتا ئادەم ۋە مال ـ چارۋىلار قار ـ بوران ئىچىدە قاپسىلىپ قېلىپ توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈ-لۈپ تۇراتتى. شۇنداق بولغاچقا، داۋانبېشى داۋبەنىدىكى تاشيول ئاسراش ئىشچىلىرىنىڭ خىزمىتى ۋىلايەت بويىچە ئەڭ جاپالىق بولۇپ، ئىشچىلار قار تازىلاپ يول ئېچىش، شوپۇر ـ يولۇچىلار-نى خەتەردىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا دائىم دېگۈدەك پۇت ـ قوللى-رىنىڭ بارماقلىرى، بۇرۇن ـ قۇلاقلىرى قاتارلىق ئەزالىرىنى «دوغا تىكىش» كە توغرا كېلەتتى. سەمىمىي گەپنى ئېيتقاندا، تاشيول ئاسراش ئىشچىلىرى ئارىسىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەشنى خالايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى.

تۇرسۇن خېلىل 1985 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا دەل

چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنىگە توغرىلاپ داۋانبېشى داۋبەنىگە ھەم ھال سوراش، ھەم نەق مەيداندا ئىش بېجىرىشكە باردى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق شۇكى، يول ئاسراش ئىشچىلىرىنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، كىيىم - كېچەكلىرى مەينەت ھەم يىرتىلغان، داۋبەنىنىڭ كونا ھەم ئەبجەق ئۆيلىرىنىڭ بىر بۆلۈكى ئىشخانا، بىر بۆلۈكى ياتاق، يەنە بىر بۆلۈكى قوي قوتىنىغا ئايلانغان. بۇ يەردە بايراملىق كەيپىيات، تەنتەنە ۋە خۇشاللىق دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز ئازابلاندى، «ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىرىسى قۇرۇق» قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغانلىقىدىن ئۆزىنى گويا گۇناھكاردەك ھېس قىلدى. بىراق، ئۇ ناھايىتى تېزلا كەيپىياتىنى ئوڭشىۋېلىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى ئېلىپ كەلگەن گۆش، كۆكتاتلاردا كاۋاپ قىلىشقا، قورۇما قورۇشقا بۇيرۇدى. گازىر - پۇرچاق، قەنت - گېزەكلەرنى ئۈستەلگە چېچىپ، ھاراقنى ئۆز قولى بىلەن ئېچىپ، رومكىلارغا تولدۇردى.

ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن ئىشچىلارنىڭ چىرايىغا ئاستا - ئاستا قان يۈگۈرۈپ، «يۈرىكى يوغىناپ» كۆز ئالدىدىكى بۇ «سۈرلۈك باشلىق» قا دەرد - ئەلەملىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى. تۇرسۇن خېلىل ئۇن - تىنسىز ھالدا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى...

ئىشچىلار ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى: بۇ يەردىكى ئىشچىلار 26 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى داۋانلىق تاغ يولىنى ئاسراشنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئەڭ ئېگىز جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2850 مېتىر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمەت جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىدىن سۆز ئاچمىغاندىمۇ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نوپۇسىنى يېزىدىن شەھەرگە يۆتكەش، پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش، ئولتۇراق

ئۆيگە ئىگە بولۇش جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلىرىمۇ بىر دۆۋە. تېلېۋىزور كۆرۈش، رادىئو ئاڭلاش، گېزىت - ژۇرنال ئوقۇش دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

تۇرسۇن خېلىل شۇ كۈنى بىر تەرەپتىن ئىشچىلارنىڭ دەرد - ھالىغا قۇلاق سالغاچ، ھەربىر ئىشچى بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ توختىماي ھاراق ئىچتى، ئىچكەندىمۇ قۇلىقى مىدىرلىغۇدەك ئوبدانلا ئىچتى. بىراق، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقىنىنى ۋە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ھېچكىممۇ بىلمەيتتى. سورۇن ئاخىرلاشقاندا، ئۇ ئىشچىلار بىلەن سۇسلا خوشلىشىپ، ئۇلار سورىغان ھېچقانداق سوئالغا جاۋاب بەرمەي، ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، ئۈن - تىنسىز ھالدا قايتىپ كەلدى.

چاغانلىق دەم ئېلىش تۈگەپ، ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنىلا تۇرسۇن خېلىل ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئىدارە بويىچە بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنى ئاچتى. دەل مۇشۇ يىغىن قۇمۇل تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى. يىغىندا دەرھال ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئائىلىسىنىڭ نوپۇسىنى شەھەرگە يۆتكەش، ئىشچىلارغا شەھەردىن ئولتۇراق ئۆي سېلىپ بېرىش، يول ئاسراش ئىشچىلىرى بىلەن توي قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش، ياتاقلاشقان داۋبەن ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى قۇرۇش، ھەرقايسى داۋبەنلەرگە كىتاب - ژۇرنال، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ سەپلەپ بېرىش، توك يوق داۋبەنلەرگە تېزدىن توك يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق مۇھىم قارارلار ماقۇللاندى. دەل مۇشۇ يىغىندا يەنە ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ ھەر يىلى چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنىنى داۋانبېشىدىكى خەنزۇ ئىشچىلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش رەسمىي تۈزۈملەشتۈرۈلدى.

يىغىن زالىدا تاماكا چېكىپ، چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ قارار

ماقۇللاش ئاسان بولغىنى بىلەن، ئۇنى بىرمۇبىر ئەمەلىيلەشتۈ-رۈش ئانچە ئاسانغا توختىمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۇرسۇن خېلىل يۇقىرى - تۆۋەن تولا قاتراپ نۇرغۇن رىيازەت چەكتى. بىراق ئۇ تارتقان جاپاسى توغرۇلۇق ھېچكىمگە چىش يېرىپ ۋايسىپ باقمىدى.

خەيرىيەت، سەككىز يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجە-سىدە ۋىلايەت بويىچە داۋبەن قۇرۇلۇشى ۋە يول ئاسراش ئىشچى-لىرىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىدا ئاجايىپ چوڭ ئۆزگى-رىشلەر بولدى. 600 دىن ئارتۇق يول ئاسراش ئىشچىسى شەھەر-لەردىكى يېڭى ئۆيلىرىگە خۇشال - خۇرام ھالدا كۆچۈپ كىردى، ياتاقلاشقان خىش قۇرۇلمىلىق ئازادە، يېڭى داۋبەنلەر قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ ھەممە يېرىدە ئارقا - ئارقىدىن سېلىندى، داۋبەن-لەرگە يۇمشاق كارىۋات، يېڭى يوتقان - كۆرپە، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، كىر ئالغۇ قاتارلىقلار سەپلەندى...

ئۇنداقتا، بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئۇنۇمى بولدىمۇ؟ ئەلۋەتتە بول-دى. قۇمۇل ۋىلايىتى ئۇدا بەش يىل يول ئاسراش خىزمىتىدە ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى بولدى، ھەتتا ئاپتونوم رايوننىڭ تاشيول سىستېمىسى بويىچە «ئۈلگىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى قۇرۇش» نەق مەيدان يىغىنىمۇ قۇمۇلدا ئېچىلدى.

تۇرسۇن خېلىل «ئىدارە رەھبەرلىرى ھەر يىلى چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنىنى داۋانبېشى داۋبەنىدە ئۆتكۈزىدۇ» دېگەننى تۈنجى بولۇپ ئېغىزدىن چىقاردى. شۇنداقلا بۇ سۆزگە ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئەمەل قىلدى. 1985 - يىلدىن 2004 - يىلىغىچە بولغان 20 يىلنىڭ 2003 - يىلىنى ھېسابقا ئالمىغان 19 يىلىدا ئۇ چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنىنى قارلىق تاغنىڭ ئېچكىرىسىدىكى ئاشۇ جاپاكەش ئىشچىلاردىن ھال سوراش، ئۇلارغا شادلىق، خۇشاللىق ئاتا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

# 18 يىلدا پۈتكەن يول

تۇرسۇن خېلىل 30 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا ئاپتونوم رايونىمىز، ھەتتا مەملىكەتنىڭ قاتناش سىستېمىسىدىكىلەر بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان نۇرغۇن رېكورتلارنى ياراتقان. مەسىلەن ئالايلى، ئۇ قۇمۇل ۋىلايەتلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى بولۇپ ئۆلكە ئاتلاپ تىجارەت قىلىپ غەلىبە قىلغان، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم قەرز ئېلىپ يول ياساپ، ھەق يىغىپ قەرز قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان، مەملىكەت بويىچە ۋىلايەت (ئوبلاست) لار ئىچىدە تۇنجى قېتىم قاتناش تەرەققىيات رايونىنى بەرپا قىلغان، يەنە تېخى مەملىكەت بويىچە تۇنجى بولۇپ «ئۇچ شىمال» يولىنى ياساش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەملىكەت ئىچىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ئارىسىدا زور غۇلغۇلا پەيدا قىلغان. مانا مۇشۇلارنىڭ قاتارىدا ئۇنىڭ 230 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 77 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆلكە تاشيولىنى ياساشقا توپتوغرا 18 يىل ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقىدەك «ئاجايىپ بىر مۆجىزە» مۇ بار. گەرچە بۇ يول ئەينى چاغدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ كۆپ مەبلەغ سېلىنغان ئۆلكە يولى ھېسابلانسىمۇ، بىراق يول قۇرۇلۇشىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ھەرقانداق بىر كىشى «18 يىل» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا، بۇ زادى قانداق يول؟ بۇ «سىرلىق» يول توغرىسىدىكى ھېكايىمىزنى يەنىلا قۇمۇل - باركۆل تاشيولى ۋە كۆشۈتە، داۋانبېشى دېگەن يەرلەردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

1986 - يىلى ئەتىياز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، تۇرسۇن خېلىل ئۆزى بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلىپ يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا تەييارلىغان «نېرىنغول يولىنى ياساش توغرىسى-

www.uyghurkitap.com

دىكى لايىھە» نى كۆتۈرۈپ، ۋىلايەت رەھبىرىنىڭ ئالدىغا كىر-
دى. ۋىلايەت رەھبىرى «لايىھە» نى بىرەر قۇر ۋاراقلاپ كۆرگەن-
دىن كېيىن ئۇنىڭغا سوئال «ئوق» لىرىنى ياغدۇرۇشقا باشلى-
دى:

— باركۆل بىلەن ئاراتۈرۈككە بارىدىغان بىر ئوبدان قۇمۇل - باركۆل تاشيولى تۇرسا، قانداقسىگە بۇ يولنى تاشلاپ يېڭى يول ياساش خىيالىغا كېلىپ قالدىڭىز؟

— ھازىرقى يولنىڭ جەنۇبىي تاغ ئېغىزىدىن كۆشۈتكىچە بولغان 30 كىلومېتىر قىسمىنىڭ يول ئەھۋالى بەكلا ناچار، دېڭىز يۈزىدىن 2800 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز، يانتۇلۇق گىرا-دۇسى يۇقىرى، يول تار ھەم خەتەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە قار، بوران، كەلكۈن ئاپىتى كۆپ يۈز بەرگەچكە، ھە دېسىلا يول توسۇلۇپ، قاتناشنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايۋاتىدۇ، ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋالىمۇ كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. يول ناچار، ئاسراش، قار تازىلاش قىيىن بولغاچقا، ترانسپورت تەن-نەرخى ۋە ئاسراش ھەققى ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر «لايىھە» بويىچە ھازىرقى يولدىن ۋاز كېچىپ، نىرىنغول ئارقىلىق ئۆتىدى-غان يېڭى يول ياسىساق، يۇقىرىقى مەسىلىلەر بىراقلا ھەل بو-لۇپ، تاغنىڭ شىمالىدىكى باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چوڭ قۇلايلىق يارىتىلىپلا قالماي، ۋىلايەت ئىقتىسادىنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇ-بى بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينايدۇ، — تۇرسۇن خىلىلىنىڭ ئېغىزىدىن بۇ سۆزلەر خۇددى پىلىموت ئوقى-دەك ئېتىلىپ چىقتى.

— قانچىلىك مەبلەغ كېتەر؟

— يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 77 كىلومېتىر، دەسلەپكى مۆلچەردە 200 مىليون ئەتراپىدا مەبلەغ كېتىشى مۇمكىن.

— 200 مىليون؟! يولداش تۇرسۇن، بۇ ئاز پۇلمۇ؟ ۋىلا-

يىتىمىزنىڭ پۈتۈن بىر يىللىق خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي ئىشلەپ-چىقىرىش قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز ؟

— بىلىمەن، 100 مىليون يۈەنگە يەتمەيدۇ.

— بەللى، بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمە دېمەكچى، پۈتۈن ۋىلايەت خەلقى سىز يولنى ياسىۋالغۇچە، يېمەي ـ ئىچمەي تۇرۇپ تۇر-سۇنمۇ؟

— «مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى بىز چىقىرايلى» دېمەكچى ئە-مەسمەن، سىز «لايىھە» نى ئوبدانراق كۆرۈپ بېقىڭ، يۇقىرىدىن پۇل ھەل قىلىشقا تامامەن مۇمكىن.

— ھازىر كىم «تۇرسۇن كەلسە بېرىمەن» دەپ 200 مىل-يون يۈەننى قولتۇقلاپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ؟

— بىراق، بۇ يولنى دەرھال ياسىمىساق، تاغنىڭ شىمالىدى-كى ئىككى ناھىيە خەلقى ...

— بولدى، بولدى، تاغنىڭ شىمالىدىكى خەلقلەرنىڭ غېمى-نى يېيىش بىزنىڭ ئىشىمىز، سىز ياخشىسى ئۆزىڭىزگە تەئەللۇق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈڭ!

تۇرسۇن خېلىل رەھبەرنىڭ ئىشخانىسىدىن خۇددى چۈشىن يەۋالغاندەك كۆڭلى غەش ھالدا قايتىپ چىقتى. شۇنىسى ئېنىق-كى، بۇ ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەردىن «دەككىسىنى يې-يىش» ى ھەرگىزمۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىلگىرى مەيلى ۋىلايەتلىك ترانسپورت شىركىتىدىكى ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئاپتوموبىللارنى پاخوتقا چىقىرىۋېتىپ، يېڭى تىپ-تىكى ئاپتوموبىللارنى سېتىۋېلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا بولسۇن ۋە ياكى ئۆلكە ئاتلاپ تىجارەت قىلىش تەسەۋۋۇرىنى رويابقا چىقارماقچى بولغاندا بولسۇن، ياكى 13 قەۋەتلىك قاتناش بىناسى سېلىپ، بازارغا يۈزلىنىپ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەي-تىش، شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ توپ تارقىتىش، مال ئوبوروت بازىسى قۇرۇشنى خىيال قىلغاندا بولسۇن ئوخشاشلا

بەزىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا، تاپا ـ تەنىسىگە، ھەتتا مازاق قىلىشىغا ئۇچرىدى. بەزىلەر ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا «تۇرسۇن خېلىل ئالجىپتۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى «ئاقساقال» ، «يوغان باش» دەپ ئەيىبلىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ نۇرغۇن يېڭى تەسەۋ-ۋۇر، يېڭى پىكىرلىرى ئەينى چاغدىكى قىسمەن كىشىلەرنىڭ «دېتى» غا زادىلا ياقمىدى، شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ «چىراي» ئىپادىسىگە قاراپ ئىش قىلىشنى بىلمەيدىغان ھەم ئۇلارنىڭ «ئاچقان يېرىگە بارمايدىغان» ئاشۇ «غەلىتە» مىجەزى ئۇنى ھە دېسىلا رەھبەرلىك-نىڭ «نەزىرىدىن» چۈشۈپ قېلىپ «دەككىسىنى يېيىش» كە مەجبۇر قىلاتتى. قىزىق يېرى، ئۇ رەھبەرلىكنىڭ تۇرلۇك شە-كىلدىكى «ئاگاھلاندۇرۇش» لىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن يولنى بويلاپ ماڭغىنى ماڭغان ئىدى. ئۇنىڭ باشقى-لارغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئىشنى قىلىپ تۈگىتىپ، ئاندىن يۇقىرىغا مەلۇم قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇ ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلەر ئىچىدە «تەنقىد» كە ئەڭ يېقىن كىشى ئىدى.

تۇرسۇن خېلىل نېرىنغول يولىنى ياساش پىلانىنى ھەرگىز-مۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىدا مۇنداقلا ئېيتىپ قويغان بولماستىن، بەلكى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىي دەلىللەش ئاساسى-دا ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ ھازىرقى يولدىن ياخشى بىر جاينى تېپىش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1986 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە ئىدارىدىكى تېخنىك خادىملارنى باشلاپ، قېلىن قار، جۇدۇن ـ چاپقۇن، قەھرىتان سوغۇقتا تەڭرىتېغىنى ئاتلىق ئۈچ قېتىم توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە يېڭى يولنىڭ ئورنىنى بېكىتكەنىدى. يېڭى لىنىيە بويىچە يول ئالغاندا، يولنىڭ ئېگىزلىكى ھازىرقىدىن 500 مېتىر تۆۋەنلەپ، يانتۇلۇق گرادۇسىمۇ كۆرۈنەرلىك كىچىكلەيتتى.

تۇرسۇن خېلىلنى يېڭى يول ياساش كويىغا سالغان ئەڭ مۇھىم ئامىل — تاغنىڭ شىمالىدىكى ھەر مىللەت نامرات دېھقانلىرى ئىدى. باركۆل بىلەن ئاراتۈرۈكتىن ئىبارەت بىرى مەملىكەت، يەنە بىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامرات ناھىيىدىكى 100 نەچچە مىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدا تاشيولنىڭ ئوينايدىغان رولى ناھايىتى زور ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇلار ياخشى بىر يولغا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ھەر نۆۋەت بۇ ئىككى ناھىيىگە بارغاندا ئاممىنىڭ ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ، مەيلى قانچىلىك بەدەل تۆلىشى، قانچىلىك جاپا تارتىشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئۇلارغا ياخشى بىر يول ياساپ بېرىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ ئۆزىنى «ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى» دېگەن «قالپاق» نى كىيىشكە ماس كەلمەيمەن، دەپ ھېس قىلاتتى.

باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ 13 يىل قاتراپ ئاخىر بۇ تۈرنى رەسمىي تەستىقلىتىپ ئىشقا كىرىشتۈردى. بۇ جەرياندا قاتناش نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، قاتناش مىنىستىرلىكىگە تالاي قاتىردى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، ئاققۇزغان قان - تەرى ئاخىر يۇقىرى - تۆۋەننىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى ...

1998 - يىلى باش باھاردا غايەت زور پارتلاش ساداسى ئىچىدە نېرىنغول تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك قۇرۇلۇش مەيدانىغا بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار ئۇچۇن پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇلازىملىق قىلىپ، يولنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق پۈتۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. 2002 - يىلى 7 - ئايدا ھەممە ئادەم،

جۇملىدىن، تۇرسۇن خېلىل ۋە ئاراتۇرۇك، باركۆل خەلقى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن خاسىيەتلىك مىنۇتلار يېتىپ كېلىپ، 230 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان نېرىنغول تاشيولىدا ئومۇملىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى. شۇ كۈنى ئۇ ھاياجىنىنى زادىلا باسالماي قالدى. چوڭ ـ كىچىك ئاپتوموبىللار يىلان باغرى سوزۇلغان كەڭ ئاسفالت يولدا غۇيۇلداپ مېڭىۋاتقاندا، ئۇ خۇددى ئۆز قىزىنى ئالىي مەكتەپكە ئۇزاتقان چاغدىكىگە ئوخشاش چەكسىز شادلىققا چۆمدى...

## دۆلەت يولىغا «ھۇجۇم»

1994 ـ يىلى تومۇز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى چىڭقىچۈش مەزگىلى. تۇرسۇن خېلىل ئولتۇرغان قىزىل رەڭلىك «santana» ماركىلىق پىكاپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى چېگرىسى بولغان شىڭشىڭشياغا كېلىپ توختىدى. تۇرسۇن خېلىل پىكاپتىن چۈشۈپ، بەستلىك قامىتىنى خۇددى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان گېنېراللاردەك تىك تۇتۇپ تۆت ئەتراپقا تەكشى كۆز يۈگۈرتتى. غەرب تەرىپى كۆز يەتكۈسىز قاقاس سايلىق، شەرق تەرىپى گىياھسىز ئېگىز تاغلىق بولغان بۇ جاي قەدىمدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ۋە باردى ـ كەلدىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن ئىدى. ئۇ غەربكە — قۇمۇل تەرەپكە سوزۇلغان يولغا قاراپ، ئۇزاققىچە سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ كەتتى. بۇ يول دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسى بولۇپ، ئۇ شەرقتە شاڭخەيدىن باشلىنىپ، غەربتە قورغاس ئېغىزىغا تۇتىشىدۇ، ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان دۆلەت يولى غول لىنىيەسى بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن مەملىكەتنى شەرقتىن غەربكە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ گوللاندىيىنىڭ خەلقئارا پورتى روتتېر-

دامغا تۇتىشىدىغان تاشيول چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ھېسابلىنات-
تى. ئۇ يولنىڭ قۇمۇل چېگرىسى ئىچىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى
400 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان بولۇپ، بۇ يوللار كۆپ يىللاردىن
بۇيان رېمونت قىلىنماي تاشلىۋېتىلگەچكە بۇزۇلۇپ ناھايىتى نا-
چارلىشىپ كەتكەنىدى. بەزى جايلىرى ھەتتا نەچچە مىڭ يىللار
ئىلگىرىكى قەدىمىي كارۋان يوللىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى. يول
شارائىتى ناچار بولغاچقا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كېلىدىغان ئاپ-
توموبىللارمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئازلاپ، قۇمۇلنىڭ
تاشيول ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئوڭۇشلۇق
ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئېغىر دەرىجىدە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتاتتى.

— بۇ يولنى چوقۇم ياساش كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا،
قۇمۇل ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر
زىيان يەتكۈزىدۇ. ھازىر دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسا-
دىي تەرەققىياتى نەگە كەتتى، بىز نەدە قالدۇق؟ بۇلارغا مۇشۇ
ئەسكى يوللار سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى تۇرسۇن خېلىل
ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا قاراپ.

— بىراق، بۇ دېگەن دۆلەت يولى تۇرسا، بۇنىڭغا بىزنىڭ
چىشىمىز قانداق پاتىدۇ؟ — دېدى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى.

— كونىلار «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دەپتى-
كەن، تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك، باشقىلار قىلغان ئىشلارنى بىز
نېمىشقا قىلالمايمىز. مەن ئۆتكەن يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىگە
ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا بارغاندا، ئۇلارنىڭ تاشيول قۇرۇلۇش
ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنىدىم، ئۇلار نۇرغۇن يوللارنى قەرز
پۇل ئېلىپ ياسايدىكەن، يول پۈتكەندىن كېيىن ھەق ئېلىش
ئارقىلىق قەرزنى قايتۇرىدىكەن، بۇنداق قىلغاندا، دۆلەتنىڭ يۈ-
كىمۇ زور دەرىجىدە يېنىكلەيدىكەن. بىزمۇ بۇ يولنى شەندۇڭلۇق-
لارنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ياسىساق تامامەن بولىدۇ. مۇبادا

يەنە ھەرىكەت قىلماي «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ كۈتۈپ ئولتۇرساق باشقىلار ئالدىغا كېتىۋېرىدۇ، بىز كەينىدە سۆزلىشىپ قېلىۋېرىمىز.

— يەنە باشقىلارنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە قالارسىزمىكىن

— مەيلى، پەرۋايىم پەلەك، باشقىلار سۆزلەۋەرسۇن، مەن ئىشىمنى قىلىۋېرىمەن.

تۇرسۇن خېلىل سۆزىنى تۈگىتىپ، باش ئىنژېنېر جاۋ فېڭكەيگە قاراپ بۇيرۇق چۈشۈردى:

— دەرھال خادىم تەشكىللەپ، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ، دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسىنى قەرز پۇل ئېلىش ئارقىلىق كېڭەيتىپ ياساش ۋە ھەق يىغىش ئارقىلىق قەرز قايتۇرۇش توغرىسىدا لايىھە تەييارلاڭلار. بۇ ئىشقا ئۆزۈم رىياسەتچىلىك قىلىمەن.

«شىڭشىڭشىيا قارارى» ماقۇللىنىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، يەنى 1994 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا تۇرسۇن خېلىلنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «قۇمۇل ۋىلايىتى تەۋەلىكىدىكى دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسىنى كېڭەيتىپ ياساش توغرىسىدىكى لايىھە» يۇقىرىغا يوللاندى. «لايىھە» دە بانكا قەرزى بىلەن قۇمۇل تەۋە-سىدىكى يول بۆلىكىنىڭ كەڭلىكىنى ھازىرقى يەتتە مېتىردىن 12 مېتىرغا كېڭەيتىش، يولنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يول پۈتكەندىن كېيىن تۆت ئورۇندا ھەق ئېلىش پونكىتى قۇرۇش ئارقىلىق بانكا قەرزىنى قايتۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي ئىزاھلانغانىدى.

بۇ قېتىم ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ ئىشنى قوللاش پوزىتسىد-يىسىدە بولدى. بىراق، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قىسمەن كىشىلەر گەرچە ئۇنىڭغا يۈزتۇرانە ئېيتىشقا پېتىنالمىسىمۇ، كوچا ـ كوي-لاردا ئۆسەك سۆز تارقىتىپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم «سېسىتىش» كويىدا بولۇشتى.

— بىر ۋىلايەتنىڭ قاتناش ئىدارىسىنىڭ سولتەك باشلىقى دۆلەت يولىنىڭ غېمىنى يەپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان… ئۆزىنى قاتناش مىنىستىرى چاغلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، يولدىن ماڭغان ماشىنىدىنمۇ «ئەكەل، پۇل!» دېسە، بىر نامرات ئىككى نامرات بولمامدۇ؟

— تۇرسۇننىڭ كاللىسىنىڭ چوقۇم بىر دەردى بار، بولمىسا ھە دېسىلا ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا چېپىلىۋالامتى؟

— تولا ئاقساقاللىق قىلىپ، يۇقىرىنىڭ زىتىغا تېگىپ ئۆسەلمەي جايىدا ئولتۇرۇپ قالغان نېمە، ئۇ.

تۇرسۇن خېلىل باشقىلار يەتكۈزگەن ئۆزى توغرىسىدىكى كوچا پاراڭلىرىنى ئاڭلىغىنىدا «پىسەنتىگە» كۆلۈپ قويۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋەردى. بۇ نۆۋەت ئۇ ۋىلايەت رەھبەر-لىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىمىغان بىلەن قاتناش نازارىتى ھە دېگەندىلا، ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئانچە قوللاپ كەتمىدى، ھەتتا ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە تېلېفون بېرىپ ئۇلارغا «جاھىل» تۇرسۇن-نى نىيىتىدىن ياندۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىشتى. بىراق، ئۇ ئۇ-رۇمچى بىلەن قۇمۇل ئارىلىقىدا توختىماي قاتراپ ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارچە تىركەشتى. قاتناش نازارىتىدىكىلەرنىڭ «لايىھە»نى تازا مۇۋاپىق كۆرمەسلىكىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىككى بولۇپ، بۇنىڭ بىرى، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونى، چېگرا رايون، نامرات رايون بولغانلىق-تىن تاشيولدا ھەق ئېلىپ سېلىقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشكە بول-مايدۇ؛ يەنە بىرى، بۇ يولدا ھازىر قاتناۋاتقان ئاپتوموبىللار كۆپ ئەمەس، يولنى ياساش ئۈچۈن ئېلىنىدىغان نەچچە يۈز مىليون يۈەن قەرزنى ھەق يىغىش ئارقىلىق قايتۇرۇپ تۈگىتىش تەسكە توختايدۇ.

تۇرسۇن خېلىل بۇ سەۋەبلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىگە

www.uyghurkitap.com

يۈزدە ـ يۈز ئىشەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونى، چېگرا رايونى، نامرات رايون بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ يولنى ياساش تولىمۇ زۆرۈر. ئەگەر بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت نامرات دېھقان، چارۋىچىلارغا ياخشى يوللارنى كۆپلەپ ياساپ بەرمىسەك، ئۇلار مەڭگۈ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىيالمايدۇ. تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىر بۇ يولدا قاتناۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ 80% تىن كۆپرەكى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىكەن، بۇنداق ئەھۋالدا ھەق ئېلىنسا، شىنجاڭلىقلارنىڭ سېلىقى ھەرگىز ئېشىپ كەتمەيدۇ. يەنە بىر نۇقتا، ھازىر يول ناچار بولغاچقا، كۈنلۈك ئاپتوموبىل قاتناش مىقدارى 1000 ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ. مۇبادا سۈپەتلىك يول پۈتسە، كۈنلۈك ئاپتوموبىل قاتناش مىقدارى تۆۋەن مۆلچەرلەنگەندىمۇ 3000 دىن ئاز بولمايدۇ. مۇشۇ سان بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر يىلدىلا يىغىۋالىدىغان يول ھەققى 20 مىليون يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ. قەرز پۇل ئېلىپ يول ياساپ، ھەق يىغىپ قەرز قايتۇرۇش ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئاللىبۇرۇن سىناقتىن ئۆتكەن ئوبدان تەجرىبە. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ھەم دۆلەتكە، ھەم خەلققە پايدىلىق ئىشنى قىلىشتىن قورقىمىز. قاچانغىچە ھەممە ئىشتا دۆلەتنىڭ پۇل بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرىمىز. سىلەر ماڭا پەقەت سىياسەت بەرسەڭلارلا كۇپايە، قالغان ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن.

كۆپ مۇنازىرىلىشىش، سۆھبەتلىشىش ۋە پىكىرلىشىشتىن كېيىن، قاتناش نازارىتى ئاخىرى قۇمۇلغا «يېشىل چىراغ» يېقىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە قاتناش مىنىستىرلىكى تەستىقلىسا، قۇمۇل تەۋەسىدىكى دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا «قەرز پۇل ئېلىپ يول ياساش، ھەق يىغىپ قەرز قايتۇرۇش» يېڭى سىياسىتىنى سىناق قىلىشقا رۇخسەت قىلىدىغانلىقى ھەم يولنى كېڭەيتىش

قۇرۇلۇشى ۋە كىرىم - چىقىمغا قۇمۇل ۋىلايىتى مەسئۇل بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى.

قاتناش نازارىتىنىڭ بۇ قارارى تۇرسۇن خېلىلغا زور مەدەت ۋە ئىلھام بولدى. بۇ «باھار شاملى» نىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇ ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يىلغا يېقىن چېپىپ يۈرۈپ، بىردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىردگە، بىردە قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئۆز پىلان، تەسەۋۋۇر، لايىھىلىرىنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپ، ئاخىرى ھەر ئىككىلا تەرەپنى قايىل قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئۇ دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسىنىڭ قۇمۇل تەۋەسىدىكى بۆلىكىنى كېڭەيتىپ ياساشنىڭ دۆلەت، ئاپتونوم رايون، قۇمۇل ۋىلايىتى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى توغرىسىدا تالاي قېتىملاپ سۆزلىگەچكە، سان - سىپىرلار ئۇنىڭغا ياد بولۇپ كەتتى، شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە بۇ ئىشنى دوكلات قىلغاندا، ھېچقانداق ماتېرىيال ۋە تېزىسقا قارىماي نەچچە سائەت سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى...

1998 - يىلى باھاردا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قەرز پۇل ئېلىش ئارقىلىق ياسىلىپ، ھەق يىغىپ قەرز قايتۇرۇلىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى. قەلبىدىكى گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ روياپقا چىقىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنگەن تۇرسۇن خېلىل ئىش باشلىنىش بىلەن تەڭ، ئائىلە، بالا - چاقا دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ، ئۆيىگىمۇ قايتماي ئىش ئورنىدا يېتىپ - قوپۇپ، چاڭ - توزانغا مىلىنىپ ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئاللىقاچان يول پۈتۈپ ھەق ئېلىش باشلانسا، ئاشۇ يىغىلغان پۇللار بىلەن قۇمۇلنىڭ يېزا - كەنت يوللىرىنى ياخشىلاش توغرىسىدا بىر قاتار ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇ ھەربىر مىنۇت ۋاقىتنى

چىڭ تۇتۇپ قۇرۇلۇشنى تېزرەك تاماملاش، كېيىنكى قەدەملەرنى تېزرەك بېسىشقا ئالدىرايتتى.

ئەپسۇس، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ خۇشاللىقى، ئارمانلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى. قۇرۇلۇشنى دەرھال توختىتىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى تېلېفون ۋە جىددىي تېلېگراممىلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبى يەنە غەشلىككە چۆمدى، زادى قانداق قىلغۇلۇق؟ يەنە «جاھىللىق» قىلىش كېرەكمۇ ياكى يۇقىرىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇپ قۇرۇلۇشنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەكمۇ؟ بۇ قۇرۇلۇشنى پىلانلاپ ئىش باشلىغۇچە، ئۇ قانچىلىك جاپالارنى تارتمىدى دەيسىز؟ بۇ قۇرۇلۇش پۈتسە ئۇ يەنە قۇمۇل خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ياخشى يوللارنى ياساپ بېرىشنى ئارمان قىلغان ئەمەسمىدى؟

ئۇ كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىر ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە يول پۈتكەندىن كېيىنكى ھەق يىغىش ئىشلىرىنى بىراقلا يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. توغرا، ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ ئاپتونوم رايون ۋە قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان بۇ ناچار يولنى ياخشىلاش ئەمەسمىدى؟ شۇنداق بولغانىكەن، يولنى كىم ياسىسا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟! جۇڭگودا نەدىمۇ دۆلەت يولىنى ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ ياسايدىغان ئىش بولسۇن؟ بىراق، كەلگۈسى ئارمانلارچۇ؟ ئۇلارنى ئەمدى نەدىكى پۇل بىلەن ئىشقا ئاشۇرغۇلۇق؟ خەيرىيەت، ئارمانلار ئارمان پېتى تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇنىڭغا كېيىنچە يەنە پۇرسەت چىقىپ قالار… يول پۈتۈپ قاتناشمۇ باشلاندى، تۇرسۇن خېلىل يەنە بىر قېتىم ئۆز ئەجىرىنىڭ مېۋىسىدىن شادلاندى. تۆت ھەق ئېلىش پونكىتىدىكى خادىملارمۇ كېچە ـ كۈندۈز ئالدىراش بولۇپ كەتتى… ئۇنداقتا، نەتىجە قانداق بولدى؟ پاكىت شۇكى، بۇ تۆت ھەق ئېلىش پونكىتى



www.uyghurkitap.com

2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يىغقان ئومۇمىي ھەق 200 مىليون يۈەنگە، كۈندىلىك ئاپتوموبىل قاتناش مىقدارى 4000 دىن كۆپ-رەككە يەتتى.

مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، تۇرسۇن خېلىلىنىڭ يۈرەكلىك ھالدا دۆلەت يولىغا قىلغان «ھۇجۇم»نى غەلىبىلىك بولدى دېيىشكە بولامدۇ، قانداق؟!

## كېلەچەك ئۈچۈن بېسىلغان قەدەم

2001 ـ يىلى يانۋار ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، بېيجىڭ. تۇرسۇن خېلىل باش ئىنژېنېر جاۋ فېڭكەي ۋە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى پېڭ ۋېينى باشلاپ، گوۋۇيۈەن تەرەققىيات ـ تەتقىقات مەركىزىنىڭ سۇرلۇق تۈس ئالغان يىغىن زالىغا كىرىپ كەلگەندە، زالدىكى ھەممەيلەننىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى بىردىنلا شىنجاڭدىن كەلگەن ئېگىز بويلۇق، قامەتلىك، پېشانىسى كەڭ، كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ پاراسەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر ئوغلانىغا ئاغدۇرۇلدى.

جاۋ فېڭكەي ئۇنى كۆپچىلىككە:

— بۇ كىشى قۇمۇل ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، بۈگۈن باھالىنىدىغان تەتقىقات تۈرىنىڭ تەشەببۇسچىسى ۋە باش رىياسەتچىسى تۇرسۇن خېلىل بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇرغاندا سورۇن ئەھلى قىزغىن چاۋاك چېلىپ ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈردى.

بۈگۈن بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىغىنى گوۋۇيۈەن تەرەققىيات ـ تەتقىقات ئورنى ئۇيۇشتۇرغان «شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو ۋە غەربىي شىمال تاشيولىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات دوكلاتى»نى باھالاپ بېكىتىش يىغىنى بولۇپ، تۇرسۇن خېلىل ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تەتقىقات تېمىسى گورۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى سۈپىتىدە

www.uyghurkitap.com

دە بۇ يىغىنغا ئالاھىدە ئىشتىراك قىلغانىدى.

رىياسەتچى يىغىننىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىشى بىلەن تەڭ، مۇتەخەسسىسلەر بەس ـ بەستە تۇرسۇن خېلىدىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

— سىزنىڭچە، «ئۈچ شىمال» يولىنى ياساشنىڭ ئەھمىيىتى نەدە؟

— مېنىڭچە، «ئۈچ شىمال» يولىنى شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو ۋە غەربىي شىمال رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان «ئالتۇن ئاچقۇچ» دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ تاشيول قۇرۇلۇشى دۆلەت يولى غول لىنىيىسى تورىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ قالماي، بەلكى يەنە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش، چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

— بۇ يولنى ياساشقا قانچىلىك مەبلەغ كېتەر؟

— «ئۈچ شىمال» يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5400 كىلومېتىر بولۇپ، ھازىر شىنجاڭنىڭ ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىن ئىچكى موڭغۇلنىڭ لىنخې شەھىرىگىچە بولغان 998 كىلومېتىرلىق بۆلىكىدە يول يوق. دۆلەتنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى 2 ـ دەرىجىلىك تاشيول قۇرۇلۇشى ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا بۇنىڭغا 3 مىليارد يۈەن ئەتراپىدا مەبلەغ كېتىدۇ.

— ئاراتۈرۈكتىن لىنخېغىچە بولغان ئارىلىقنىڭ يەر شارائىتى قانداق؟

— بىز بۇ يەردە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق ھەم يەر شارائىتى توغرىسىدىكى تەپسىلىي ماتېرىياللارنى «دوكلات»قا كىرگۈزدۇق. بۇ ئارىلىق پۈتۈنلەي تۈزلەڭلىك بولۇپ، يول

قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا ھېچقانداق توسالغۇ يوق.

— سىزنىڭچە، بۇ يولنى قاچان ياسىسا مۇۋاپىق بولىدۇ؟

— شىنجاڭ، گەنسۇ ۋە ئىچكى موڭغۇلدىكى نامرات دېھقان، چارۋىچىلار بۇ يولنىڭ ياسىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. بۇ يول بىر كۈن بۇرۇن پۈتسە، شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ۋاقتى بىر كۈن قىسقىرايدۇ.

ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان مۇنازىرە، سوئال سوراش ۋە مۇھاكىمىدىن كېيىن باھالاش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى لى جىڭۋېن ئەپەندى «شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو ۋە غەربىي شىمال تاشيولىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات دوكلاتى» دىن ئىبارەت بۇ دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىنىڭ باھالاش كومىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىردەك باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى. زال ئىچىدە ئالقىش سادالىرى ئۇزاققىچە ياڭرىدى. تۇرسۇن خېلىل كۆچلۈك ھاياجان ئىلكىدە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، لى جىڭۋېن ۋە باشقا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ئاكادېمىك لى جىڭۋېن تۇرسۇن خېلىلنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ نام ـ شەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم، ئاساسىي قاتلامدىكى قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولسىڭىزمۇ مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يەپسىز، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يېغىسىنى يىغلاپسىز ھەم بۇ جەرياندا كۆپ رىيازەت چېكىپسىز. مەن سىزگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق قىيىنچىلىق بولسا مېنى ئىزدەڭ، سىزدىن ياردىمىمنى ئايىمايمەن.

ئۇنداقتا، «ئۈچ شىمال» يولى دېگەن زادى قايسى يول؟

يەرلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ كىچىككىنە بىر ئەمەلدارى بولغان تۇرسۇن خېلىل قانداق قىلىپ توققۇز ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرگە تۇتىشىدىغان بۇ يولنى قۇرۇشنىڭ تەشەببۇسچىسى بولۇپ قالدى؟

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «ئۈچ شىمال» يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5400- كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ توڭجياڭ دېگەن يېرىدىن باشلىنىپ، قورغاسقا تۇتىشىدۇ، ئارىلىقتا يەنە خاربىن، چاڭچۇن، شېنياڭ، تيەنجىن، بېيجىڭ، جاڭجياكۇ، كۆكخوت، لەنجۇ، ئېچىنا، خۇڭشىشەن، ئاراتۇرۇك، باركۆل، داخۇاڭشەن، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، جىڭ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتىدۇ. بۇنىڭ ئارىسىدا پەقەت ئاراتۇرۇكتىن لىنخېغىچە بولغان 998 كىلومېتىر قىسمىدا مۇقىم يول يوق بولۇپ، بۇ بۆلەك تۇتاشتۇرۇلسا، پۈتۈن لىنىيە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ. لىنخې بىلەن ئاراتۇرۇك ئوتتۇرىسىدىكى تاش يول پۈتسە، ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاشيول مۇساپىسى ئىلگىرىكى 4097 كىلومېتىردىن بىراقلا 2664 كىلومېتىرغا ئازىيىپ، 1415 كىلومېتىر قىسقىرايدۇ، شۇنداقلا بېيجىڭ - ئۈرۈمچى تاشيول لىنىيىسى ھاۋا قاتناش لىنىيىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلىشىدۇ.

تۇرسۇن خېلىل ئەينى يىللاردا نېرىنغول يولىنى ياساشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن چاغلىرىدىلا، بۇ يولنى ئېچىشنىڭ «پېيىغا چۈشكەن» بولۇپ، «مەخپىي» ھالدا تېخنىك خادىملارنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاراتۇرۇك ئارقىلىق خۇڭشىشەن، ئېچىنا، لىنخې قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يەر شارائىتى قاتارلىقلارنى تەكشۈرگەن ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى تەكشۈرۈشكە ۋە مۇمكىنچىلىك دوكلاتى تەييارلاشقا ئۇيۇشتۇرغانىدى.

دۆلەتنىڭ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تۇرسۇن خېلىلنىڭ قەلبىدىكى بۇ

يوشۇرۇن «ئوت يالقۇنى» نى بىراقلا كۆچەيتىۋەتتى. 2000 - يىلى 5 - ئايدا ئۇ ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان «يېڭىدىن شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو ۋە غەربىي شىمال تاشيولى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ» نى ئېلىپ ۋىلايەت، قاتناش نازارىتى، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزدىكى ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلارغا قاتراشنى باشلىۋەتتى. بۇ «تەكلىپ» ناھايىتى تېزلا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق جامائەتچىلىككە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدا خېلى چوڭ غۇلغۇلا پەيدا بولدى. 2002 - يىلى 1 - ئايدا بۇ تۇر توغرىسىدىكى «تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات دوكلاتى» گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن يۇقىرى باھا بىلەن ئۆتتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بۇ «دوكلات» تىكى ئاراتۇرۇك - لىنخې تاشيولىنى ياساشنى «مەملىكەت بويىچە چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىشنىڭ 2001 — 2010 - يىللىق پىلان پروگراممىسى» غا كىرگۈزدى. 2002 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت پىلان كومىتېتىغا «ئۈچ شىمال تاشيولىنىڭ ئاراتۇرۇك - لىنخې بۆلىكىنى دۆلەت زايومى ئارقىلىق مەبلەغ سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا يوليورۇق ئېلىش دوكلاتى» نى سۇندى. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئىچكى موڭغۇل، گەنسۇ قاتارلىق جايلارمۇ ئوخشاش مەزمۇندا دوكلات سۇنۇپ، يول قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى. 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق 34 نەپەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىگە يوللانما يوللاپ، ئۇلارنىڭ «ئۈچ شىمال» تاشيول قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئاراتۇرۇك - لىنخې تاشيولىنى دۆلەت زايومى مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ قۇرۇشنى رەسمىي بېكىت-

كەلتۈرۈپ كەلگىنىنى ئۇقتۇردى...

مانا مۇشۇنداق بىر قاتار نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش جەريا-نىدا بۇ ئىشنىڭ تەشەببۇسچىسى بولغان تۇرسۇن خېلىل نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئۆزى ھەم تەشەببۇس-چى، ھەم پىلانلىغۇچى، ھەم تەشۋىقاتچى بولۇپ، بارغانلا يېرىدە بۇ يولنىڭ ئەھمىيىتىنى كىشىلەرگە «ئېزىپ ئىچكۈزدى»، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپى، ئاخبارات ۋاسىتىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ھەممە يەردە جامائەت پىكرى توپلىدى. بۇ يىل 4 - ئايدا قاتناش مىنىستىرلىكى 2 - لايىھىلەش يۇرتىدىكى خادىملار ئاراتۇرۇك - لىنخې يولىنى تەكشۈرۈش ۋە پىلانلاش ئۈچۈن قۇمۇلغا كېلىۋىدى، ئىككىنچى سەپكە چېكىنگىنىگە بىر يىل بولغان تۇرسۇن خېلىل قايتا ياشلىق باھارىغا قايتقاندەك بولۇپ، ئۇلار بىلەن چۆل - جەزىرىدە ئون نەچچە كۈن بىللە يېتىپ - قوپۇپ ئىشلىدى...

ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ چوڭ ئارمىنىنى چېچەك ئاچقۇزماي تۇرۇپلا، ئىككىنچى سەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئاشۇ ئارمىنىنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق ئەمەلگە ئېشىشىغا نەقەدەر تەقەززا - ھە!

## تۇرسۇن خېلىل تون كىيدى

2004 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن قۇمۇل شەھىرى غەربىتاغ يېزىسى قۇرلۇق كەنتىدىكى دېھقان يۇسۇپ سىيىتنىڭ ئۆيى ئادەملەرگە لىق تولغان بولۇپ، قازاندا قايناۋاتقان ئوغلاق گۆشىدىن تارقىلىۋاتقان مەززىلىك پۇراق دى-ماغلارنى غىدىقلاپ ئىشتىھانى قوزغايتتى. بۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ ھېلىدىن - ھې-

لىغا كۆچلۈك كۆلكە سادالىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۆيىنىڭ بىر
بۆلۈڭىدىكى ئەلنەغمىچىلەر بولسا قۇمۇل غىجەكى قاتارلىق ساز-
لىرىنى تەڭشەش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

بۈگۈن بۇ ئۆيدە توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتامدۇ نېمە؟
ياق، ئۇنداق ئەمەس، بۇ يەرگە يىغىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىنى
ئۇزاق يىللاردىن بېرى قىيناپ كېلىۋاتقان ئەسكى توپىلىق يولدىن
قۇتۇلدۇرۇپ، داغدام ئاسفالت يول ياساپ بەرگەن شاپائەتچىسى
تۇرسۇن خېلىلغا تون كىيدۈرمەكچى ھەم ئۇنىڭ شەرىپىگە مەش-
رەپ سالماقچى ئىدى. پاھ! بۇ ئەجەب قالتىس ئىشكىنا! ئىلگى-
رى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدا دېھقانلار ئۆزلىرىگە
يول ياساپ بەرگەن ئادەمگە تون كىيگۈزىدىغان مۇشۇنداق ئىش
بولۇپ باققانمىدۇ؟ بۇنىڭغا دەماللىققا بىرنەرسە دېيىش قىيىن،
چۈنكى بۇ ھەقتە ئېنىق خاتىرە يوق. لېكىن، بۇنىڭ تۈنجى
قېتىملىق ئىش بولۇپ قېلىشىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت بەشتە دالا ئاپتوموبىلىدىن ئىككىسى
يۈسۈپ سېيىتنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. تۇرسۇن خې-
لىل ئۆزىنىڭ ئىزباسارى، ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ باش-
لىقى مەڭلىك سېيىت، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئابلىمىت ئىمىن
قاتارلىقلار بىلەن بىللە ماشىنىدىن چۈشۈپ ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ
تۇرغان كىشىلەر بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشتى. مېھمانلار سا-
ھىبخانىلارنىڭ ئىززەت - ئېھتىرام بىلەن باشلىشى بىلەن ئۆيگە
كىرىپ تۆردىن ئورۇن ئالدى.

— ئۆزلەنى يول پۈتكەن كۈنى چاقىرتىپ مېھمان قىلايلى
دېگەن، ئاڭلىساق غۇلجىغا كېتىپلا، شۇڭا، ئۆزلەنى كەلگەيكى
دەپ ساقلاپ تۇردۇق، — دېدى ئەينى چاغدا ئامما ۋەكىلى سۈپى-
تىدە تۇرسۇن خېلىلغا يول ياساپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانلار-
نىڭ بىرى بولغان ئوسمان بوۋاي قويۇق قۇمۇل تاغلىقلىرىنىڭ
تەلەپپۇزىدا.

— تۇرسۇن ئاكام ئىلگىرى قۇمۇللۇقلاردا يول ياساپ بېرد-
مەن، دەپ غۇلجىدىكى تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپتىكەن، ئىك-
كىنچى سەپكە چېكىنگەندىن كېيىن تۇغقانلىرى قايتا ئېسىگە
كېلىپ، بېرىپ يوقلاپ كەلدى.

مەڭلىك سېپىتىنىڭ بۇ سۆزى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— پۇل دۆلەتنىڭ، يول خەلقنىڭ تۇرسا، ماڭا رەھمەت ئېيتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، سىلەرنىڭ بۇنداق ئاۋارە بولىدىغانلىقىڭلارنى بالدۇر بىلگەن بولسام ھەرگىز چىقمايتتىم، — دېدى تۇرسۇن خىلىل كىچىك پېئىللىق بىلەن. دېمىسىمۇ، ئۇ بۈگۈنكى بۇ يىغىلىشنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

— بۇ نېمە دېگەنلىرىدۇ، ئېكى. ئۆزلە ئوغۇل بالچىلىق قىلمىغان بولسىلا قۇرلۇق، قالغايتىلارنىڭ لېپىر يولىنىڭ قاچان ئوڭشىلىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ دەيلا، — دېدى ئىسھاق ئېزىز ئىسمىلىك بوۋاي.

مېھمانلار ياپما، گۆش بىلەن قورساقلىرىنى ئوبدان ئەستەر-لىۋالغاندىن كېيىن، يېزا باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابلەت كۆپچىلىك-نى دىققەتكە ئۇندەپ سۆز باشلىدى:

— بىز بۇ يەرگە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەمەس، بەلكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن جەم بولدۇق. بۈگۈن غەربىتاغ خەلقى ئۆزلىرىنى توپا - چاڭ، كاتاڭلىق ئەسكى يولدىن قۇتۇلدۇرۇپ، داغدام يولغا ئىگە قىلغان تۇرسۇن ئاكىغا تون كىيدۈرمەكچى. يول پۈتكەندىن كېيىن قۇر-لۇق، قالغايتى، تاراتى ۋە ئۆرۈكلۈك كەنتلىرىدىكى جامائەت مەسچىتلەردە تۇرسۇن ئاكىغا ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەپ دۇئا قىلىشىپتۇ ھەم پۇل يىغىپ تۇرسۇن ئاكىغا ئاتاپ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا تون كىيگۈزۈپ، رەھمىتىنى بىلدۈرۈشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. بىزمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ ناھايىتى سۆيۈندۇق. دەرۋەقە، خەلقنىڭ تونى تۇرسۇن ئاكىغا ئوخشاش

خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيگەن، سۈيىدە ئاققان ئوغلانلارغا مۇناسىپ.

ئابدۇرېھىم ئابلەت سۆزىنى تۈگىتىپ ئىككى ئاقساقالنى تۇرسۇن خېلىلغا تون كىيگۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئىككى مويسىپىت تۇرسۇن خېلىلغا ئۆزلىرى تەييارلىغان توننى ئېھتىرام بىلەن ياپقاندا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، لېكىن ھاياجىنىنى زادىلا باسالمىدى، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. مۇشۇ تاپتا ئۇ قۇمۇل بوستانلىقىدا يول، خەلق دەپ باسقان 36 يىللىق ھايات مۇساپىسىنىڭ، تارتقان جەبىر - جاپالىرىنىڭ ھاردۇقى چىققاندەك بىر خىل ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى.

قىسقا مۇراسىمدىن كېيىن، قۇمۇل غېجەكى ۋە داپ چېلىشقان ھاپىزلار جاراڭلىق ئاۋازلىرى بىلەن قۇمۇل خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، مەشرەپنى باشلىۋەتتى. شۇ كۈنى تۇرسۇن خېلىل ساھىبخانىلارنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئاپئاق ساقال بوۋايلار، قىران يىگىتلەر ۋە گۈل چىراي قىز - چوكانلار بىلەن پوتا ئۇسسۇلىنى راسا ئوينىدى، ئوينىغاندىمۇ قەدەملىرىنى چەبدەس ئېلىپ، غۇلاچلىرىنى كەڭ يېيىپ، تولىمۇ مەردانە ئوينىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ بېشى قايغاندەك، كۆزى قاراڭغۇلاشقاندەك بولغاندىلا، ئاندىن ئۇسسۇلدىن توختىدى.

ئۇنداقتا، غەربىتاغ يولى توغرىسىدىكى ھېكايە قانداق؟

2004 - يىلى مارت ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى، تۇرسۇن خېلىل «غەربىتاغ يېزىسىدىكى دېھقانلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يول ياساشقا باشلاپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ دەرھال يولغا چىقتى. غەربىتاغ يېزىسىنىڭ يول قىيىنچىلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. بۇ يېزا بىلەن قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئارىلىقى 66 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ 10 كىلومېتىرى دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسى بولغاچقا، ئاسفالت يول، 312 - لىنىيىسىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان ئۆرۈكلۈك

كەنتىگىچە بولغان 56 كىلومېتىر يول شېغىل بېسىلغان يول ئىدى. ھازىر بۇ يول ۋىلايەتتىكى ئەڭ ناچار يېزىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يول يۈزى ھەددىدىن زىيادە ناچارلىشىپ كەتكەچكە، دېھقانلار شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن 56 كىلومېتىر يولنى ماشىنا بىلەن ئىككى سائەت مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، توپا ـ چاڭ دەستىدىن يېزىدىن شەھەرگە يېتىپ كەلگۈچە «توپا ئادەم» گە ئايلىنىپ قالاتتى. 1988 ـ يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەت دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە يولنىڭ توپا قۇرۇلۇشىنى تاماملىغان بولسىمۇ، بىراق «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دې- گەندەك، يازدا كەلگەن كەلكۈن پۈتۈن قىلغان ئىشنى بىراقلا يوق قىلىۋەتكەنىدى. تۇرسۇن خېلىل بۇ يولنى ياساش ئۈچۈن مەبلەغ- گە نۇرغۇن قاترىغان بولسىمۇ، تا بۈگۈنگىچە ئەمەلىيلەشمەي كېلىۋاتاتتى. دېھقانلار قوزغىلىپ چىقىپ بوپتۇ، يانچۇقتا بۇ يولغا ئاجرىتقۇدەك دەسمايە يوق، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

تۇرسۇن خېلىل ھەمراھلىرى بىلەن ئىش ئورنىغا يېتىپ كېلىپ ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە دېھقانلار خۇددى چۈمۈلىدەك ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. كەتمەن ـ گۈرجەكلەرنىڭ تاشقا تېگىپ جاراڭلىغان، ئاتنىڭ كىشنىگەن، ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان، كالى- نىڭ مۆرىگەن ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى، ئىش ئورنىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان دەستىدىن كۆزنى ئېچىشمۇ قىيىنغا چۈشەتتى.

تۇرسۇن خېلىل يېزا باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابلەتنى چاقىرتىپ كېلىپ سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى؟

— دېھقانلار ئۆزى تەشكىللىنىپ چىقتى.

— قانچىلىك ئادەم ئىشلەۋاتىدۇ؟

— 2000 دىن ئاشىدۇ.

— بۇ ئات ـ ئېشەكلەرنى ئىشلىتىپ 2000 ئادەم توپا قۇرۇلۇشىنى بىر يىلدىمۇ تۈگىتەلمەيدۇ، بۇنى بىلەمسىلەر؟

— بۇ يىل تۈگىتەلمىسەك، كېلەر يىلى يەنە قىلارمىز، ئىشقىلىپ، دېھقانلارنىڭ بۇ يولدا يەنە مېڭىۋېرىشكە تاقىتى قالمىدى.

— ئاسفالت ياتقۇزىدىغان پۇلنى قانداق قىلىسىلەر؟

— بىلمەيمەن.

شۇ ئارىدا ئوسمان بوۋاي، ئىسھاق ئېزىز قاتارلىق دېھقان ۋەكىللىرى يېتىپ كەلدى.

— تۇرسۇن جۇيجاڭ، ئاڭلىساق ئۆزلەنى يېقىندا ھاردۇققا چىقىدۇ دەيدۇ، بىزگە بىر ياردەم قىلسىلاچۇ.

— ئۆزلەگە خۇدايىم ئۇزۇن ئۆمۈر بەرگەي، بىزنى يول ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسىلا، جۇيجاڭ.

— مۇشۇ يول ئۆزلەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ياسىغان يوللىرى بولۇپ قالغاي، بىزگە بىر ياردەم قىلىۋەتسىلە، ئۇكام.

بىر ياخشى يولغا ئېرىشىش ئىستىكىدە توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقان جاپاكەش دېھقانلار، ئەڭ ئاددىي، ئەڭ سەممىي سۆزلەر، سەممىي تىلەكلەر، بولۇپمۇ ئوسمان بوۋاينىڭ ئېغىزىدىن چىققان «ئەڭ ئاخىرقى يول» دېگەن سۆز ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۇردى.

— بولدى، دېھقانلار ھازىرلا قايتىپ ئۆز ئىشىنى قىلسۇن، يولنى بىز ياساپ بېرەيلى، دېھقانلار خاتىرجەم بولسۇن، يولنى بۇ يىل پۈتتۈرۈپ بېرىمىز!

ئىدارىنىڭ قۇرۇلۇشقا مەسئۇل خادىمى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئىدارە باشلىقى، بۇ يىللىق قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىغا ئەمەلىيلىشىپ بولغان تۇرسا، مەبلەغنى يۆتكەپ ئىشلەتسەك خاتا بولىدۇ، ۋەدە بەرمىسىڭىز ياخشى بولاتتى.

— نېمىشقا خاتا بولىدىكەن، مەن ساق ئېيتىپ قوياي، دېھقانغا، خەلققە پايدىلىق ئىشنىڭ خاتاسى يوق. مەسىلىنى ئۆزۈم ھەل قىلىمەن.

دەرۋەقە، 5 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان بۇ يولدا بىر ئايدىن كېيىن رەسمىي ئىش باشلاندى. تۇرسۇن خېلىل گېپىدە تۇرۇپ، مەبلەغنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بەردى.

2004 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 56 كىلومېتىرلىق ئاسفالت يول پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. پۈتۈن غەربىتاغ خەلقى چەكسىز شادلىقتا چۆمۈش بىلەن بىللە، ئۆز شاپائەتچىسىنىڭ بۇنداق كاتتا شادلىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولالمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى، چۈنكى بۇ چاغدا تۇرسۇن خېلىل ئىككىنچى سەپكە چېكىنىپ، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن غۇلجىغا كەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

## خاتىمە

ئاق رەڭلىك «TOYOTA» ماركىلىق دالا ئاپتوموبىلى تۇپ-تۇز ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. جىسمى چارچىغان، ئەمما قەلبى چەكسىز ھاياجانغا چۆمگەن تۇرسۇن خېلىل ئالدى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ ئال-غۇدىن ئۇ تولىمۇ ياقتۇرىدىغان قۇمۇل خەلق ناخشىلىرى ياڭرى-ماقتا ئىدى:

گۈل بارەي گۈل بار،
گۈلنىڭ تەۋىدە كىم بار.
سەنمۇ ئۆلىسەن، مەنمۇ ئۆلىمەن،
ئۆلمەيدىغان كىم بار.

توغرا، دۇنيادا ئۆلمەيدىغان زادى كىم بار دەيسىز؟ ھەممەيلەن ئاخىر بىر كۈنى ئۆلىمىز. بىراق، ھاياتلىقتا مەڭگۈ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئۆلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس.

مۇشۇ تاپتا قۇمۇل بوستانلىقىدا ئۆتكەن 36 يىللىق مۇساپىسى خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۇنىڭ قەلب ئېكرانىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

2005 - يىل ئاۋغۇست، قۇمۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# «پەگاھ» دىن «تۆر» گىچە

— خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئوينىغان رولىغا بىر نەزەر

## تىغمۇتىغ ئېلىشىش

2002 ـ يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئاساسلىق سورۇنى بولغان شىنجاڭ «خەلقئارا» كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ مەركىزىي يايما رايونىغا كىلىپ تۆت ئەتراپىڭىزغا نەزەر سالسىڭىز ئۆزىڭىزنى خۇددى خۇسۇسىي كارخانىچىلارنىڭ قاتتىق «مۇھاسىرە»سى ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىسىز. «مەيچۇئېر»، «ئارمان»، «جىرۋيشياڭ» قاتارلىق ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ھەشەمەتلىك، ياسىداق يايما ئورۇنلىرى بۇ يەردە ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، يەرمەنكە زالىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ. دەرۋەقە، ئىلگىرى ئىزچىل تۆردە شاڭخەي «ھەمىمباب» ئاپتوموبىل شىركىتى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، مايتاغ نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى ۋە قاراماي نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىقلار «مونوپول» قىلىپ كېلىۋاتقان يەرمەنكە زالىنىڭ «يۈرىكى» ھېسابلىنىدىغان مەركىزىي يايما ئورنى بۇ يىل ئۇن ـ تىنسىز ھالدا خۇسۇسىي كارخانىچىلارنىڭ «ئىگىدارچىلىقى» غا ئۆتكەنلىكى كىشىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىماي قالمايدۇ. بۇ بىزگە تولىمۇ تەبىئىي ھالدا مۇنداق بىر مەسىلىنى، يەنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەككە، خۇسۇسىي كار-

خانىلارنىڭ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدىن ئىبارەت بۇنداق كاتتا ئىقتى-
ساد - سودا كېڭىشىش سورۇنىدا بارا - بارا «پەگاھ» دىن «تۆر»
گە، «قوشۇمچە» رولدىن «باش رول» ئېلىشقا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يەرمەنكە تەشكىلىي كومىتېتى تەمىنلىگەن بىر پارچە ماتېرى-
يالدا كۆرسىتىلىشىچە، 1992 - يىلدىكى تۇنجى نۆۋەتلىك ئۈ-
رۈمچى يەرمەنكىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارماق بىلەن سانى-
غىلى بولغىدەك دەرىجىدىكى تولىمۇ ئاز خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ
خوجايىنلىرى يەرمەنكە زالىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلال-
ماي، بۇ كاتتا سورۇنغا دەرۋازا سىرتىدا ھەۋەس بىلەن قاراپ
تۇرغان بولسا، 1993 - يىلىدىكى 2 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى
يەرمەنكىسىگە شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» ئۆي - زېمىن شىركىتى،
شىنجاڭ «مەيكې» ئۆي جاھازىلىرى شىركىتى قاتارلىق بىرنەچچە
«قاپ يۈرەك» خۇسۇسىي كارخانىلار قاتنىشىپ، تولىمۇ قورۇن-
غان ھالەتتە «پەگاھ» دىن ئورۇن ئالغان. بۇ يىللىق ئۈرۈمچى
يەرمەنكىسىگە 900 دىن ئارتۇق كارخانا قاتناشقان بولۇپ، بۇنىڭ
ئىچىدىكى خۇسۇسىي كارخانىلار 300 دىن ئېشىپ، ئومۇمىي
سانىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئۈرۈمچى
يەرمەنكىسىنىڭ ئاساسىي قوشۇنىغا ئايلانغان. بۇ خۇسۇسىي كار-
خانىلار ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە كارخانا ئوبرازىنى نامايان قىل-
لىش، ئىچكى - تاشقى ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقى-
رىش، خېرىدار چاقىرىش ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش قاتارلىق
جەھەتلەردە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست،
شەھەرلەرنىڭ سودا ئۆمەكلىرى بىلەن «تىغمۇتىغ ئېلىشىپ» دۆ-
لەت كارخانىلىرىنى ئىختىيارسىز ھالدا چوڭقۇر رىقابەت قايىنىمىغا
سۆرەپ كىرگەن. بولۇپمۇ «مەيچۇئېر» ، «ئارمان» ، «خۇڭ-
جىڭ» ، «دېلۇڭ» ، «تۇنخې» ، «جىرۇيشياڭ» قاتارلىقلار يەر-
مەنكە تەشكىلىي كومىتېتى مەركىزىي يايما رايونىدا تەسىس قىل-

www.uyghurkitap.com

غان 70 يايما ئورنىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى مونوپول قىلىۋې-لىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ كارخانىلارنى بۇ رايوندىن سىقىپ چىقىرىپ، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى تارىخىدا يېڭى بىر مۆجىزە ياراتتى. بۇ خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئەڭ ئاز يايما ئورنى سېتىۋ-ۋالغانلىرىمۇ تۆتتىن ئارتۇق سېتىۋېلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كار-خانىلارنىڭ مەركىزىي يايما رايونىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا زادىلا ئىمكانىيەت بەرمىدى.

ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ھەرقايسى سودا ئۆمەكلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ خۇسۇسىي كارخانى-لارنىڭ بۇ سودا ئۆمەكلىرىدە ئىگىلىگەن سالمىقى ناھايىتى زور بولدى. ئالايلى، ئۈرۈمچى سودا ئۆمىكى تەركىبىدە جەمئىي 46 كارخانا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرسىلا دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ئىكەن، قالغان 45 كارخانا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ۋە پاي ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىلار ئىكەن. بىكتۇەن سودا ئۆمىكى تەركىبىدە يەرمەنكىگە قاتناشقان خۇسۇسىي كارخانىلار بۇلتۇرقىدىن تۇپتوغرا بىر ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ سودا ئۆمەكلىرىدىمۇ خۇسۇسىي كارخانى-لار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن.

## ئاق ۋە پوزىتسىيە

9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ «ئار-مان» كەسپىي چەكلىك شىركىتىنىڭ يايما ئورنى مۇخبىرلارنىڭ «قورشاۋ» ىدا قالدى. بۇ يەردە «ئارمان» شىركىتى كانادا «NELG» شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىدا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، «ئارمان» يەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتىنى قۇرۇش توختامى رەسمىي ئىمزالانغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ

مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىنىنىڭ ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلىشى بۇ سورۇننىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. شېرىكلەر توختامغا قول قويۇپ بولۇپ ئۆز ئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە نەچچە ئونلىغان فوتوئاپپاراتلىرىنىڭ چىراغلىرى توختىماي چاقناپ رادىل ئابلانى مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە يەرمەنكە زالى ئىچىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئاخباراتلىق شەخسكە ئايلاندۇردى.

خۇددى ئون يىلنىڭ ئالدىدا كارخانىچى بولۇش رادىل ئابلانىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىش بولغىنىدەك، بەش يىلنىڭ ئالدىدا رادىل ئابلادىن «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى دېگەن قانداق سورۇن؟» دەپ سورىسا تازا ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلىشى ناتايىن ئىدى. 1999 - يىلى رادىل ئابلا ئۆزىنىڭ ئىككى خىل مەھسۇلاتىنى كۆتۈرۈپ، يەرمەنكە زالىنىڭ كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان جايىدىن بىر يايما ئورنى سېتىۋېلىپ، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ئىشلارغا قىزىقسىنىش، ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراپ ئون كۈننى ئۆتكۈزگەن بولسا، مانا بۈگۈنكى كۈندە يەرمەنكە زالىنىڭ «كۆزى» دىن سەككىز يايما ئورنى سېتىۋېلىپ، 50 نەچچە خىل مەھسۇلاتىنى بازارغا سالدى، قىسقىغىنە بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئومۇمىي پۈتۈشۈش سوممىسى 60 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ئىچكى - تاشقى ھەمكارلىق توختامى ۋە خام ئەشيا بازىسى بەرپا قىلىش توختاملىرىنى ئىمزالاپ، بارچە ئەلنىڭ قايىللىقىنى قوزغىدى. تۆت قېتىملىق يەرمەنكە جەريانىدا «داڭدار مەھسۇلات»، «چولپان كارخانا» قاتارلىق ھەممە شان - شەرەپلەردىن بەھرىمەن بولدى. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى «ئارمان» نىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىشىدا «ئالتۇن قانات»، دېڭىز - ئوكيانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشىدە «ئالتۇن كۆۋرۈك» بولدى...

بۇ «ئالتۇن قانات»، «ئالتۇن كۆۋرۈك» تىن پايدىلىنىپ

كۆكتە پەرۋاز قىلغانلار يالغۇز «ئارمان» شىركىتىلا ئەمەس، مەيلى «ئوسما» شىركىتى ۋە ياكى «دىلۇك»، «گۈلخۇرۇ»، «مەيچۇئېر» شىركەتلىرى بولسۇن، ئۆز تەرەققىيات مۇساپىسى توغرىسىدا سۆز بولغاندا ئۆرۈمچى يەرمەنكىسىنى پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە تىلغا ئالماي قويمايدۇ.

يۇقىرىقى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا سۆز بولغاندا، ئۆرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئۇلارنى تەمىن ئەتكەن پۇرسەت، شارائىتلارنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە بۇ كارخانىلاردىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىڭ ئۆرۈمچى يەرمەنكىسىگە بولغان تونۇشى، رىقابەت، خىرىس ئېڭى ۋە يەرمەنكىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. جۇڭگو ئەرلەر پۇتبول كوماندىسىنىڭ سابىق باش ترېنېرى مىلودىنوۋىچ ئەپەندىنىڭ «تونۇش ۋە پوزىتسىيە ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن دائىم ئىشلىتىدىغان بۇ سۆزى ماڭا بەكلا يارايدۇ. دەرۋەقە، تونۇش ۋە پوزىتسىيە ھەممە ئىشتا تولىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ خۇسۇسىي كارخانىچىلىرىمىزنىڭ ئۆرۈمچى يەرمەنكىسىگە تۇتقان پوزىتسىيە جەھەتتىكى ئەستايىدىللىق ۋە ئىزچىللىقى ھەممەيلەننىڭ قايىللىقىنى قوزغىماي قويمايدۇ. «ئارمان» شىركىتىنىڭ بۇ قېتىمقى يەرمەنكىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن ئاجراتقانلىقى بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرسە كېرەك.

«ئالتۇن ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەندەك، ئارىمىزدىكى تېخى نۇرغۇن كارخانىلار ئۆرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولىنى ئېنىق تونۇپ يەتمەي، يەرمەنكە بوسۇغىسىدىن ئاتلىماي يۈرۈۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئاشۇ كارخانىلارنىڭ خوجايىنلىرىدا ئاڭ، تونۇش ۋە پوزىتسىيە جەھەتتە ئاز ـ تولا مەسىلە بار دېسەك توغرا بولامدۇ، قانداق؟!

## «ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ»

«ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ» — بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ مەشھۇر سۆزى. گەرچە بۇ سۆز جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە يېڭىدىن قەدەم بېسىۋاتقان ئۈمىدۋار خۇسۇسىي كارخانىچىلارنى «ئۇچقۇن» غا ئوخشىتىشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ يەرمەنكىنى ۋاستە قىلىپ، تېزرەك «يانغىن» غا ئايلىنىشىنى تولىمۇ خالايمەن. بۇ يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە يەنە بىر تۈركۈم «ئۇچقۇن» لارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ تولىمۇ سۆيۈندۈم. ئالايلى، ئۈرۈمچى «خالمۇرات» پەن تەتقىقات تەرەققىيات شىركىتى، كۇچا «تۆت پەسىل شېرىن» مېۋە شەربەتلىرى شىركىتى، «دەرمان» نانلىرى، «سۇلايمان» نانلىرى، چاقىلىق «ئۈچ دېڭىز» قوغۇنچىلىق شىركىتى، «ناجۇ خېنە» گىرىم بويۇملىرى شىركىتى ... بۇ خۇسۇسىي كارخانىلار بۇ قېتىمقى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە «يېڭى مېھمان» بولۇشقا قارىماي ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق خېلى ئوبدان نەتىجە يارىتىپ، نۇرغۇن قەلبلەردە ئۇنتۇلماس ئىز قالدۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «خالمۇرات» پەن تەتقىقات شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «خالمۇرات» ماركىلىق قۇمنى قىزدۇرۇپ داۋالاش ئۈسكۈنىسى بىلەن «دەرمان» نانلىرى «داڭلىق مەھسۇلات» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى ھەمدە تەيۋەن، مالايسىيا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خۇسۇسىي كارخانا 25 مىڭدىن، ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغان ئادەم 327 مىڭدىن، بۇلارنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 28 مىليارد 963 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. يەرمەنكىگە قاتناشقان 300 خۇسۇسىي كارخانىنىڭ 25

مىلىك كارخانا ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى تولىمۇ ئاز. نۇرغۇن كارخانىلار يەرمەنكىگە بوسۇغىسىدىن تېخى ئاتلاپ باقمىدى. مۇبادا تېخىمۇ كۆپ خۇسۇسىي كارخانىلار ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىپ، يەرمەنكە زالىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئىگىلىسە، ئۇ هالدا ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى تېخىمۇ رەڭدار تۈسكە كىرگەن بولاتتى، ئەلۋەتتە.

2002 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گۈل ئۈنگەن ئىزلار

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىلھام ئوسمان توغرىسىدا

ئىلھام ئوسمان ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەملىكەت بويىچە «كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش» نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان چاغدا ئۇنى زىيارەت قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، «پېيىگە چۈشكەن» بولساممۇ، ئۇ ھەر قېتىم زىيارەت قىلىش تەكلىپىمنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىپ، مېنى ئۆزىگە زادىلا «يېقىن كەلتۈرمىگەن» ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى بۇ قېتىم ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئازدۇر - كۆپتۇر «يۇمشىغان» بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ تۈگىمەس ئالدىراشچىلىق ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ماڭا بىر - ئىككى سائەت ۋاقىت ئاجرىتىشى تولىمۇ تەسكە توختىدى. بۇ تەستە قولغا كەلگەن ئازغىنە ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن ئارامخۇدا سۆزلەشكىلى بولسىچۇ كاشكى، ھېلىدىن - ھېلىغا جىرىڭلاۋاتقان تېلېفون، ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقان يوليورۇق سورىغۇچى، خىزمەت دوكلات قىلغۇچى، كەسپىي ئىشلار توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغۇچى ... لار سۆھبەتنى ھېلىدىن - ھېلىغا ئۈزۈپ تۇردى. راستىنى دېسەم، بىر مۇخبىرغا مۇخبىرلىق ھاياتىدا بۇنداق ئالدىراش ئوبيېكتلاردىن بىرى ياكى ئىككىسىلا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا داۋاملىق ئولتۇرۇۋېرىشىنىڭ ئەپسىزلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇ يەردىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ كەسپداشلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاز - تولا بىر نەرسە «ئۈندۈرۈش» كويىغا چۈشتۇم.

كەسىپداشلىرى — 1986 - يىلى بېيجىڭ رادىئو ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا تەقسىم قىلىنغان ئىلھام ئوسماننىڭ 16 يىللىق خىزمەت ھاياتى توغرىسىدا، ئاساسلىقى ئىلھام ئوسماننىڭ كەمتەرلىكى، ئۆزىگە تەلەپنى تولىمۇ يۇقىرى قويىدىغانلىقى ۋە خىزمەتتىكى كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقى توغرىسىدا سۆزلەشتى. قېنى، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرى ئاساسىدا رەتلەپ چىققان خاتىرەمگە نەزەر ئاغدۇرۇپ باقايلى:

ئىلھام ئوسماننىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغاچقا، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم ئىنتايىن مۇھىم خەۋەر قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئىشەنچ بىلەن يۈكلىدى. ئۇ جياڭ زېمىن، لى پىڭ، قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەندە، شۇنداقلا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى چەت ئەللەرگە زىيارەتكە چىققاندا، بۇ ھەقتىكى خەۋەر ئىشلەش ۋەزىپىسىنى دادىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، «باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى»، «زۇڭلى لى پىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى»، «لاگېر ئەترىتى ياپونىيىدە»، «ياۋروپاغا زىيارەت»، «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئوتتۇرا شەرقتىكى تۆت دۆلەتتە زىيارەتتە بولدى»، «شاگىخەيدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر» قاتارلىق تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىملىرى ۋە چاتما خەۋەرلەرنى ئىشلەپ ئامما ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئىلھام ئوسمان خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا زادى قانچە قېتىم مۇخبىرلىققا بارغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ مۇخبىرلىق ھاياتى توغرىسىدا سۆز بولغاندا، كەسىپداشلىرى ئۇنىڭ مۇخبىرلار ئارى-

سىدا ھەر يىلى ئاساسىي قاتلامغا ئەڭ كۆپ بارىدىغانلىقى، خەۋەر ـ ماقالىلەرنىمۇ ئەڭ كۆپ يازىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيدۇ. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 8000 پارچىدىن كۆپرەك تېلېۋىزىيە خەۋىرى، 20 نەچچە مەخسۇس فىلىمنى مۇستەقىل ئىشلىدى ياكى ئىشلەشكە، پىلانلاشقا قاتناشتى، كەسپكە دائىر ئىلمىي ماقالىدىن ئون نەچچىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ 30 نەچچە پارچە ئاخبارات ئەسىرى جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى، جۇڭگو رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى، شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى، شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى قاتارلىق دۆلەت، ئۆلكە ـ مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئاخبارات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى. ئۇ مۇشۇ نەتىجىلىرى بىلەن كەسپداشلىرىنىڭ نەزىرىدە شىنجاڭنىڭ تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى سېپىدىكى داڭلىق ياش مۇخبىر بولۇپ قالدى.

1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئىلھام ئوسمان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىدىغان مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، بۇ ئىستانسىنىڭ ئاخبارات تەشۋىقاتى خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئۇ ئىككى يىل جەريانىدا 300 پارچىدىن كۆپرەك خەۋەر ئىشلىدى. بۇنىڭ 150 پارچىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» پروگراممىسىدا كۆرسىتىلدى. ئۇ تېلېۋىزىيە كەسپىي خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۇرس ئېچىپ ئۆزى دەرس ئۆتتى. ياش مۇخبىرلارنى باشلاپ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالتە ناھىيە، بىر شەھىرىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا تېلېۋىزىيە ئاخباراتى نەزەرىيىسى ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قانداق ياخشى ئىشلەش ھەققىدىكى تەجرىبىلەرنى توپلاپ «تارباغاتاي خەۋەرلىرى» نىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان

www.uyghurkitap.com

ئېلان بۆلۈمىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسى يولغا قويۇلۇش ئارقى-لىق تارباغاتاي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يىللىق ئېلان كىرىمى ئەسلىدىكى 80 مىڭ يۈەندىن 320 مىڭ يۈەنگە كۆپەيدى. ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش ئاخىرلاشقاندا، ئۇ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن «ۋەزىپە بىلەن چېنىققان مۇنەۋۋەر كادىر» بولۇپ باھا-لاندى.

ئىلھام ئوسمان تارباغاتايدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىن-جاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش-لىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات بۆلۈمى-نىڭ مۇدىرى، ئاخبارات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن ئىستانسا باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

ئىلھام ئوسمان رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان-دىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئىدا-رە پارتگۇرۇپپىسى، ئىستانسا پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئۇ-رۇنلاشتۇرۇشى بىلەن پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغان، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن، دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن، ھەر مىل-لەت خەلقى ئامېرىكىنىڭ ئېلىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدىكى باش ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن، فالۇن گۇڭچىلار ۋە گۇرۇپپا ... قىلىنغان، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش ... چوڭ ـ چوڭ تەشۋىقات ـ خەۋەر قىلىشنى بىۋاستە پىلانلاپ ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىپ، كە-سىپداشلىرىنىڭ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىشىغا كۈچ چىقاردى ھەم رەھبەرلىكنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئىلھام ئوسمان ئىستانسا پارتكومىنىڭ خەۋەرنى ئاساس قى-

لىپ ئىستانسا باشقۇرۇشتەك يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئەمەلىيلەش-
تۈرۈپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۈچ خىل تىلدا
كۆرسىتىلىدىغان ئون خىل خەۋەرلەر پروگراممىسىنى ياخشىلاش
ھەم سەرخىللاشتۇرۇشقا كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇ ئاخبارات
مەركىزى بىلەن بىرلىكتە، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى
شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئىقتىساد
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىشىدا خەۋەرلەر
پروگراممىلىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئالدى بىلەن تاماملىدى.
شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئاخبارات مەركىزى قۇرۇلۇپ
ئۈچ خىل تىلدا خەۋەر ئىشلەش، تەرجىمە قىلىش بىر گەۋدە
قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە «شىنجاڭ خەۋەر-
لىرى» پروگراممىسىنىڭ كۆرسىتىلىش ۋاقتىنى ئەسلىدىكى 15
مىنۇتتىن 20 مىنۇتقا ئۇزارتىپ، خەنزۇچە «شىنجاڭ خەۋەرلى-
رى» پروگراممىسىنىڭ ۋاقتى بىلەن ئوخشاش قىلدى، قازاقچە
«شىنجاڭ خەۋەرلىرى» پروگراممىسىنى ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت
يەتتىدە كۆرسىتىلىدىغان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۈچ خىل تىلدىكى
شىنجاڭ خەۋەرلىرى پروگراممىسىنى بىرلا ۋاقىتتا كۆرسىتىلى-
دىغان قىلدى.

ئىلھام ئوسمان شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەشۋى-
قات خىزمىتىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاخبارات
مەركىزىدىكى خادىملار بىلەن بىرلىكتە بوشاشماي تىرىشتى. ئۇ-
نىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە، 1996 ـ يىلىدىن بۇيان شىنجاڭ
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاخبارات مەركىزىدىكى ھەر مىللەت
مۇخبىرلىرىنىڭ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا يوللىغان
خەۋىرى 2700 پارچىدىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆرسىتىلگىنى
1280 پارچىدىن ئاشتى. ئاخبارات مەركىزىنىڭ 19 پارچە خەۋى-
رى مەملىكەت بويىچە، 103 پارچە خەۋىرى ئاپتونوم رايون بويىچە
مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «بۈگۈنكى سۆھبەت» پروگراممىسى تۇنجى

نۆۋەتلىك «جۇڭگو ئاخباراتچىلىقىدىكى داڭلىق مەخسۇس سەھنە-پە» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2000 ـ يىلى ئاخبارات مەركىزى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن «ئاشكارا تەشۋىقات بويىچە تۆھپە قوشقۇچى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىلهام ئوسمان ئاخبارات مەركىزىگە مەسئۇل بولغان بۇ جەرياندا خەۋەرلەردە ھېچقانداق خاتالىق كۆرۈلمىدى.

ئىلهام ئوسمان ئىستانسا رەھبەرلىكىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قوللىشى ئاستىدا، ئاخبارات تېخنىكا ئۇسكۇنىلىرىنى يېڭىلاش قەدىمىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىرلىرى ئاپتونوم رايون سىرتىدا ئىشلىگەن ئاخبارات خەۋەرلىرى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ۋاقتىدا يوللىنىپ، شۇ كۈنى كۆرسىتىلىدىغان بولدى.

ئىلهام ئوسمان ئاخبارات مەركىزىدە ئىلمىي، قېلىپلاشقان باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش داۋامىدا، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، مۇخبىر ـ مۇھەررىر ۋە دىكتورلارغا سىياسىي ـ ئىدىيە، كەسىپ ئىنتىزامى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى ھەم ئۆزى باشلامچى بولدى. خىزمەتنى ھاردىم ـ تالدىم دېمەي بېرىلىپ ئىشلىدى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلىدى. ياشلارنى ئالغا بېسىشقا ئۈندىدى. ئۇ ھەر تەرەپلىمە تىرىشىش ئارقىلىق مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئاخبارات مەركىزىدىكى ياش مۇخبىر، مۇھەررىرلەر نۆۋەت بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئۆگىنىشكە بېرىپ، كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

ئىلهام ئوسماننىڭ ئىزچىل تىرىششى ۋە يېتەكلىشى نەتى-

جىسىدە، ئاخبارات بۆلۈمى ۋە ئاخبارات مەركىزى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئىلغارلىقنى قولدىن بەرمەي، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى بويىچە كۆپ قېتىم ئىلغار كوللېكتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشتى. 2001 - يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئىلھام ئوسمانوۋ كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى. ئۇ ئۆز نەتىجىلىرى بىلەن 1999 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىسلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. 2000 - يىلى جۇڭگودىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياشنى باھالاش بويىچە ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2001 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاپتونوم رايونلۇق 6 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى. شۇ يىلى 12 - نۆۋەتلىك «جۇڭگودىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياشنىڭ بىرى» بولۇپ باھالاندى. يەنە يېقىندا پارتىيە 16 قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ سايلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاخباراتچىلىرىغا شان - شەرەپ كەلتۈردى.

2002 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىس - تۈتەكسىز «فرونت» — شىڭشىڭشيا

## سالام، شىڭشىڭشيا

شىڭشىڭشيا (ئارا يۇلتۇز، يۇلتۇز جىلغىسى دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى تولىمۇ ئاددىي، ھەم كىچىك بازار. بۇ جاي ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەر-كىزى ئۈرۈمچىگە توپتوغرا 800 كىلومېتىر، قۇمۇل شەھىرىگە 200 كىلومېتىر كېلىدۇ. بازار دېيىلسە، كۆز ئالدىڭىزغا ئۆزدە-ڭىز كۆرگەن كۆجۈم مەھەللىلىرى، ئاۋات رەستىلىرى، ساڭ-جاق - سانجاق ئادەملىرى بار يېزا بازارلىرى كېلىشى مۇمكىن. بىراق، بۇ جاينىڭ باشقا بازارلارغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ بىرمۇ مۇقىم ئولتۇراق پۇقراسى، بىرمۇ تېرىلغۇ يېرى، بىرمۇ چارۋا مېلى، بىر تۇپمۇ دەل - دەرىخى ۋە بىر تېمىممۇ ئىچىدىغان سۈيى يوق. بۇ جاي — بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسىدىكى چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئۆتەڭ.

2003 - يىلى باش باھاردىن باشلاپ، ئېلىمىزنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا سارس تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن شىڭشىڭشيادا ئاپتو-نوم رايونىمىز سارسنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە بىرىنچى تەكشۈ-رۈش پونكىتىنى تەسىس قىلدى. شۇ سەۋەبلىك شىڭشىڭشيانىڭ بىر كىچىدىلا «داڭقى» چىقىپ كەتتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارت-كومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىبادەت ھېمىتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، شىڭشىڭشيا ئاپتونوم رايوند-

مىزنىڭ سارسىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىس - تۈتەك-
سىز ئۇرۇشتىكى ئەڭ ئالدىنقى «ئىستىھكامى» ، شۇنداقلا «ئۇ-
رۇش» ئەڭ كەسكىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان رەھىمسىز «فرونت»
ى. شۇنداق بولغاچقىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە ھەممىلا ئادەم شىڭ-
شىڭشىياغا بەكلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. شىڭشىڭشىيا تەرەپتىن كېلىدى-
غان ھەرقانداق تىۋىشقا دىققەت قىلىدۇ. دەرۋەقە، مۇشۇ كۈنلەردە
«شىڭشىڭشىيا فرونتى» دىكى جەڭنىڭ قانداق بولۇشى ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى 19 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ھايات - ماماتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىدى.

سارسىنىڭ ۋەھىمىسىنى تولا ئاڭلىغانلىقىمىز ئۈچۈنمىكىن،
بىز ئولتۇرغان پىكاپ شىڭشىڭشىياغا يېقىنلاشقانسېرى، ۋۇجۇدى-
مىزنى ئىختىيارسىز تەشۋىشلىنىش ۋە ئەندىشە تۇيغۇسى چىرمى-
ۋالدى. بىز ئالاھازەل ئىككى يېرىم سائەتتىن كېيىن شىڭ-
شىڭشىيا سارسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوماندانلىق شتابىغا
كەلدۇق.

بۇ بازار بىر قاراشتىلا كىشىگە تولىمۇ سۈرلۈك ھەم قور-
قۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى، يەنى
1993 - يىلى ئاسىيا - ياۋروپا ئوپتىكىلىق كابېل قۇرۇلۇشىنىڭ
شىنجاڭغا كىرىش مۇراسىمى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەندە، بۇ يەرنىڭ
كۈن بويى ئۈزۈلمەي چىقىدىغان غۇر - غۇر شاملى ۋە شۇ شامال
ئۇچۇرۇپ كېلىدىغان ياۋا شىۋاقلارنىڭ خۇشبۇي ھىدى مەندە
چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. مانا بۈگۈنمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ
غۇر - غۇر شامال، لېكىن ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىۋاتقىنى شىۋاق
ھىدى ئەمەس، بەلكى دىماغلارنى ئېچىشتۇرىدىغان دېزىنفېكسىيە
سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاچچىق ھىدى ئىدى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ
ئىشخانا مۇدىرى، شىڭشىڭشىيا سارسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوماندا-
نلىق شتابىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جىيۇەن بىلەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك

تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ شۇجىسى ۋە قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جېڭ شىچىڭ مېنى ئىشخانىدا كۈتۈۋالدى.

مەن بۇ ئىككىلەننىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىدىن تۆۋەندىكىلەردىن ۋاقىپلاندىم: بۇ پونكىت بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت نۆلدىن باشلاپ ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كىرگەن ئاپتوموبىللارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ۋە شوپۇر، يولۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش؛ قىزىش، يۆتىلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن شوپۇر، يولۇچىلارنى ئايرىپ كۆزىتىش ۋە ئۇلارغا سالامەتلىك ئارخىپى تۇرغۇزۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئىشلەپتۇ. بۇ پونكىتتا ھازىر سەھىيە، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق توققۇز تارماقتىن تاللانغان 70 خادىم ئىسمېنىلارغا بۆلۈنۈپ كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەيدىكەن. 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە بۇ پونكىتتىكى خادىملار دېزىنفېكسىيە قىلغان ئاپتوموبىل 13 مىڭ 558 گە، سالامەتلىكىنى تەكشۈرگەن شوپۇر ۋە يولۇچى 38 مىڭ 880 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپتۇ. ھازىرغىچە ئۇلار تەكشۈرۈش جەريانىدا قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكى ئېنىقلانغان يەتتە يولۇچىنى ئايرىپ كۆزىتىپ، باشقىچە ئەھۋال كۆرۈلمىگەندىن كېيىن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. تۇساقنى بۆسۈپ قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان توققۇز شوپۇرنى قوغلاپ تۇتۇپ كېلىپ، ئاپتوموبىللىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ ۋە سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ يولغا سېلىپتۇ.

مەن شوپۇر، يولۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش ئورنىدىكى كىچىك تۆمۈر بوتكىغا كىرگەندە، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىلىق شىپاخانىنىڭ دوختۇرى بۇرھان بىر شوپۇرنىڭ سالامەتلىك ئارخىپ جەدۋىلىنى تولدۇرۇۋاتقانىكەن:



www.uyghurkitap.com

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟
— لەنجۇدىن.
— نەگە بارىسىز؟
— داخېيەنگە.
— يېقىندا گۇاڭدۇڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا بارغانمۇ؟
— ياق.
— كىملىك بىلەن پراۋىڭىزنى چىقىرىڭ.

بۇرهان دوختۇر ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق جايى، خىزمەت ئورنى ۋە تېلېفون نومۇرىنى بىرمۇبىر خاتىرىلىدى. بىر خادىم قىزىل ئىنفرا نۇرلۇق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش ئەسۋابى ئارقىلىق شوپۇرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى. يەنە ئىككى خادىم ئاپتوموبىلغا يامىشىپ چىقىپ، ئاپتوموبىلنى دېزىنفېكسىيە قىلىشقا باشلىدى.

— خاتىرىلەنگەن ئادرېس ۋە تېلېفون نومۇرلارنىڭ توغرىلىقىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدىم مەن.

بۇ سوئالغا ۋاڭ جيۈەن جاۋاب بەردى:

— تىزىملاش خادىملىرىنى كۆپەيتىپ، ئىناۋەتلىك گۇۋاھنامىسىنى ئاساس قىلىپ تىزىملاش ۋە بەزى تېلېفون نومۇرلارنى نەق مەيداندا ئۇلاپ سىناش ئارقىلىق توغرىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇردۇق.

مەن 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تىزىملانغان، ۋۇخەندىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان جاڭ جىبىڭ ئىسىملىك بىر يولۇچىنىڭ يانفونىغا تېلېفون بېرىپ، ۋاڭ جيۈەننىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى بىلدىم.

بۇ يەردىكى خادىملارنىڭ روھىي قىياپىتىدىكى خاتىرجەملىك ۋە جەڭگىۋارلىقنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز خىجىللىق ھېس قىلدىم. دەرۋەقە، جان ھەممە ئادەمگە ئوخشاشلا تاتلىق. بىز ئەندىشە ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرۈيمىز، ئەكسىچە ئۇلار شۇنچە خاتىرجەم

ۋە روھلۇق. چۈنكى، ئۇلار سارس بىلەن يۇقۇملانغان ئېرەر ئادەمنىڭ مۇشۇ تۈنجى «ئىستىھكام» دىن ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇلار بىر ئوت يۈرەك ئەزىمەتنىڭ ۋەتەن، خەلقنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت كەلگەندە قانداق ئوتتۇرىغا چىقىش، ئۆز بۇرچى، مەسئۇلىيىتىنى قانداق ئادا قىلىشى لازىملىقىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ. ئەنە شۇ بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بولۇپمۇ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھايات - ماماتى ئۇلارنى ئەنە شۇنداق قورقۇمسىز، جەسۇر قىلغان.

مەن ناتونۇش، ئەمما تولىمۇ سۆيۈملۈك چىرايلار بىلەن سىردىشىپ شىڭشىڭشيا تەكشۈرۈش پونكىتى تەسىس قىلىنغان 20 نەچچە كۈن مابەينىدە مۇشۇ «جەڭگاھ» تا يۈز بەرگەن نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەرنى خاتىرەمگە پۈتتۈم ھەم ئاشۇ قۇرلار ئارىسىدىن ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشنى لايىق كۆردۈم.

## «جەڭگاھ» خاتىرىلىرى

شىڭشىڭشيانىڭ كىلىماتى ۋە تەبىئىي شارائىتى زىيادە ناچار، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېپىك بوران ئېغىزى بولۇپ، بۇ جايدا بىر يىلنىڭ كۆپ قىسمىدا بوران چىقىپ تۇرىدىكەن، ھەر قېتىم بوران چىققاندا ئەتراپتىكى قۇم ۋە شېغىل تاشلار ئۇچۇپ، بۇ جاي بەئەينى كۆھقاپ ئېغىزىغا ئوخشىشىپ قالىدىكەن. شىڭشىڭشيانىڭ سۈيى بەك تۇزلۇق بولۇپ، ئادەم بىرنەچچە كۈن ئىچسە چاچلىرى چۈشۈپ كېتىدىكەن. شۇنداق بولغاچقىمۇ، بۇ يەردە ئاشخانا، مېھمانخانا ۋە رېمونتخانا ئاچىدىغانلار سۇنى 90 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۈگە قوتىنىدىن ئەكىلىپ ئىچىدىكەن، ئۇلار-

نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ يەردە سۇ بېنزىندىنمۇ قىممەت
ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە شىڭشىڭشيا دېڭىز يۈزىدىن 1700 مېتىر
ئېگىز بولۇپ، كۈچلۈك بىنەپشە نۇر بۇ جايدا بىرەر ھەپتە تۇرغان
ئادەمنىڭ چىرايىنى قاپقارا قىلىۋېتىدىكەن.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونـ
كىتىدىكى لەي ۋېنشىڭ بۇ ئىس - تۈتەكسىز «فرونت» قا تۇنجى
بولۇپ كەلگەن «جەڭچى»، ئۇ 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن
كېيىن بۇ يەرگە كەلگەندە نە قوماندانلىق شتابى، نە ياتقىلى
ياتاق، نە يېگىلى تاماق يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن ئۈچ - تۆت سائەت
كېيىن كەلگەن سەھىيە، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماقلىـ
رىدىكى بىرنەچچە خادىم بىلەن قىسقىلا باش قوشۇۋالغاندىن كېـ
يىن، 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت نۆلدە
ئىچكى ئۆلكىدىن شىنجاڭغا كىرىدىغان تۇنجى ئاپتوموبىلنى توسۇـ
دى. ئىش تەقسىماتى بويىچە لەي ۋېنشىڭ ئاپتوموبىل توسۇشقا،
قالغان ئىككى - ئۈچ خادىم دېزىنفېكسىيە قىلىش، تىزىملاش
ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشكە مەسئۇل بولدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ ئىشلىگىنىچە ئاغزىغا بىر بۇردا نانمۇ سالـ
ماي، كىرپىك قاقماي توپتوغرا 24 سائەت ئىشلەپ كېتىشىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئەينى چاغدا ئىچكى ئۆلكىلەردىن
شىنجاڭغا كىرىۋاتقان ئاپتوموبىللار ھازىرقىدىن بىر ھەسسىدەك
ئارتۇق بولۇپ، كۈنىگە كىرىدىغان ئاپتوموبىل 1000 - 1500
گىچە، يولۇچى 2000 - 2500 گىچە ئىدى. ئايىغى ئۈزۈلمەي
كېلىپ تۇرىدىغان ئاپتوموبىللارنى بىرمۇبىر توختىتىش، مىجەزى
ئوسال، تەرسا شوپۇر، يولۇچىلارنى تەكشۈرتۈش ۋە تىزىملاشقا
كۆندۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن «شەھەر ئالماق» تىنمۇ تەسكە توختىـ
دى. لەي ۋېنشىڭ ئەتىسى يېرىم كېچىدە سەپداشلىرىدىن ئۇۋ
ياڭيى، ئىبراھىم تۆمۈر، فېردون، لى داشىڭ قاتارلىقلار چىدـ
قىپ ئۇنى بىرەر جاينى تېپىپ ئارام ئېلىشقا ئۈندىگەندە ئاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشتىن توختاپ، بىر قاچا تەييار چۆپ يەپ، ئېغىرلاشقان بەدىنى-نى كېيىم بىلەنلا كارىۋاتقا تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى ھەم ئېغىر زۇكام ۋە ھارغىنلىق دەستىدىن ئۇن نەچچە سائەت ئورنىدىن تۇرالمىدى ...

— بىزنىڭ تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش سىستېمىمىزدى-كى شىڭشىڭشياغا كەلگەن ھەربىر خادىم ئاپتونوم رايونلۇق پارت-كوم، خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان سارسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى-نى قەتئىي توسۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ھەم مۇشكۇل ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن، خۇددى لەي ۋىنشىڭغا ئوخشاش پىدا-كارلىق بىلەن ئىشلىدى، — دەپ سۆز باشلىدى ۋىلايەتلىك تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتىنىڭ شۇجىسى جىڭ شىچىڭ.

ئۇ قولىنىڭ بارماقلىرىنى بىر - بىرلەپ پۈككىنىچە خادىم-لىرىنىڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىنى ساناشقا باشلىدى:

— ئالايلى، 5 - ئاينىڭ 2 -، 3 - كۈنلىرى بۇ يەردە ئون بالدىن يۇقىرى بوران چىقىپ، ئۆرۈكتەك تاشلار بەدەنگە تاراسلاپ تېگىۋاتقان شارائىتتىمۇ، خادىملىرىمىز دالدا بولغۇدەك ھېچقانداق نەرسە يوق ئەھۋالدا قاتناش ساقچىلىرى بىلەن بىرلىك-تە بىر - بىرىنىڭ بىلەكلىرىدىن چىڭ قاماللاپ تۇتۇشۇپ، چوڭ يولدا ئاپتوموبىللارنى توسۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى، 5 - ئاينىڭ 4 -، 5 - كۈنلىرى ئۇدا ئىككى كۈن توختىماي ياغقان يامغۇردا خادىملىرىمىزنىڭ ھەربىيچە جۇۋىسىدىن تارتىپ ئىچىدى-كى كۆڭلەكلىرىگىچە ھۆل بولۇپ كەتتى. لېكىن، ھېچكىممۇ بۇنداق جاپاغا ۋايساپ كەتمىدى. پونكىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل پەتقۇلنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىرىنچى سەپتىن قەتئىي چېكىنمەي ئىشلىدى، قوماندانلىق شتاب ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاخىر 8 - كۈنى ئۇنى بۇيرۇق بىلەن قومۇلغا قايتۇرۇۋەتتى. ئىبراھىم تۆمۈرنىڭ يەتتە ياشلىق

بالىسى ئۆيدە قارىغۇچىسى بولمىغانلىقتىن بىشىنى يىرىۋالغاندا، ئۇ خىزمەت ئالدىراشلىقى بىلەن بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى، لى داشىڭ بىلەن لىيۇ جوڭنىڭ ئاياللىرى ئىغىر ئاياغ بولۇپ، تۇغۇشقا نەچچە كۈن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاياللىرىغا تېلېفوندا تەسەللى بېرىپ قويۇپلا ئىش ئورنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلماي ئىشلىدى ···

سەھىيە، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرى ئىچىدە ماڭا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى «يالغانچى قىز» گۈلسۈمئاي ئەخمەت بولدى. مېنىڭ ئۇنى شۇنداق ئاتىشىمنىڭ ئاز - تولا «ئاساسى» بار. قانداقسىگە دەمسىز؟ چۈنكى ئۇ شىڭشىڭشياغا ئىغىر قان بېسىم كېسىلى بار ئاپىسىنى ئالداپ قويۇپ كەلگەن. گۈلسۈمئاي ئەخمەت قۇمۇل ۋىلايەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ لابورانتى بولۇپ، خىزمەتكە قاتناشقىنىغا تېخى ئۈچ ئايمۇ بولمىغانىدى. پاكار بويلۇق، جۈغى كىچىك، بىر قارىماققا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدەكلا كۆرۈنىدىغان بۇ قىز 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىڭشىڭشياغا ئاتلىنىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئاپىسىغا: «مېنى شىڭشىڭشيادىكى خىزمەتچى خادىملارغا تاماق توشۇپ بەرگىلى ئەۋەتىپتۇ» دەپ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى···

شىڭشىڭشيادا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى تاماق توشۇش بولماستىن، بەلكى شوپۇر، يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، سالامەتلىك ئارخىپ جەدۋىلىنى تولدۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بولدى. 5 - ئاينىڭ 2 -، 3 - كۈنلىرى چىققان قارا بوران ئۇنى نەچچە قېتىم «ئۇچۇرۇۋەتكىلى» ئاز قالدى، بۇنداق چاغدىمۇ ئۇ يېنىدىكى ھەمراھلىرىنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ يەنە قايسى ئاپتوبۇستا چەت ئەللىك مېھمانلار بولسا، شۇ يەردە پەيدا بولۇپ قوشۇمچە تەرجىمانلىقمۇ قىلدى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۇدا بىرنەچچە كۈن داۋاملاشقان

بوران ـ چاپقۇنلۇق ناچار هاۋا تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئانگىنا كېسىلى قوزغىلىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ كېچىسى ئىشلەپ، كۈندۈزى ئاسما ئوكۇل ئۇردۇرۇپ، خىزمەتكە ئازراقمۇ تەسىر يەتكۈزمىدى ...

ئەجەبلىنەرلىكى، مەن ئۇنى زىيارەت قىلغاندا ئۇ ئۆزى توغرىلىق بەكلا ئاز سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭدىن سوئال سوراۋاتقاندا ئۇ هېلىدىن ـ هېلىغا «گەپ ئەپقېچىپ» سەپداشلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن تەسىرلىك هېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. بۇ هېكايىلەر ئىچىدە ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ساۋ جىيىنىڭ كاناي ياللۇغى كېسىلى قوزغىلىپ ئۇدا ئالتە كۈن ئاسما ئوكۇل ئۇردۇرغان بولسىمۇ خىزمەتنى زادىلا تاشلاپ قويمىغانلىقى، پالۋانتۇر يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى ئابدۇل ئاقمولنىڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرى شەلۋەرەپ كەتكەن شارائىتتىمۇ يەنىلا ئېگىز ـ ئېگىز يوك ئاپتوموبىللىرىغا يامىشىپ چىقىپ دېزىنفېكسىيە قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى، گۈلمىرە ئىسهاق قاتارلىق سەككىز قىز سەپدىشىنىڭ شوپۇر، يولۇچىلارنىڭ قوپال مۇئامىلىسى، تىل ـ ئاهانەتكە چىداپ خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ياتاققا قايتىپ كېلىپ كارىۋاتتا دوم يېتىپ راسا يىغلىغانلىقى قاتارلىق كىشى قەلبىنى هاياجانغا سالىدىغان هېكايىلەر بار ئىدى.

مەن بۇ يەردىكى هېكايىلەرنىڭ هەممىسىنى بىرمۇبىر، تەپسىلىي خاتىرىلەشكە هەقىقەتەن ئامالسىز، ئىشىنىمەنكى، بۇ هېكايىلەر كەلگۈسىدە چوقۇم تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

## ئامان بول، شىڭشىڭشيا

شىڭشىڭشيانىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سارىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش «جېڭى» دىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى تولىمۇ مۇهىم بولغاچقا، مۇشۇ كۈنلەردە ئاپتونوم رايون، قاتناش نازارىتى،

سەھىيە نازارىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ رەھ-
بەرلىرى «شىڭشىڭشيا» دېگەن بۇ كىچىككىنە بازارنىڭ ئىسمىنى
دائىم دېگۈدەك تىلغا ئالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

شىڭشىڭشيا سارسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تەكشۈرۈش پونكى-
تى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشكەن-
دىن بۇيان، بۇ پونكىت ۋە بۇ يەردە جاپالىق ئىشلەۋاتقان ھەر
مىللەت خادىملار ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى،
ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى
ساھە كىشىلىرىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە ئالىي ئېھتىرامىغا
مۇيەسسەر بولدى. ئاپتونوم رايون مەركەزنىڭ يولىيورۇقى بويىچە
مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، شىڭشىڭشيا تەكشۈرۈش پونكىتى-
نىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلىدى.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپ-
تونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن 5 -
ئاينىڭ 13 - كۈنى شىڭشىڭشيا قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى
ۋاڭ جيۈەنگە ئالاھىدە تېلېفون بېرىپ، بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان
بارلىق خادىملاردىن سەمىمىي ھال سورىدى ھەم ئۇلارنىڭ ھەرقان-
داق قىيىنچىلىقىنى ئاپتونوم رايون دەرھال ھەل قىلىپ بېرىدى-
غانلىقىنى بىلدۈردى. ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق ئاپتونوم
رايون رەھبەرلىرىمۇ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە كۆپ قې-
تىم تېلېفون بېرىپ، شىڭشىڭشيا تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ئەھ-
ۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەم خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش
توغرىسىدا مۇھىم كۆرسەتمە بەردى.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇ جيايەن ئاپتونوم
رايونلۇق قاتناش نازارىتى، مالىيە نازارىتى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتى-
نىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرىنى باشلاپ شىڭشىڭشياغا كېلىپ، ئاپ-
تونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بىرىنچى

سەپتە جاپالىق «جەڭ» قىلىۋاتقان خادىملاردىن ھال سورىدى، ھەم ئۇلارنىڭ «ئىستىھكام» نى مۇستەھكەم ساقلاپ، ساراسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا تاشيول ترانسپورتى ئارقىلىق كىرىشنى قەتئىي توسۇشنى ئۈمىد قىلدى.

مۇشۇ 20 نەچچە كۈن مابەينىدە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بەي جىجيې ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپ بىرىنچى بولۇپ ۋاڭ جيوەنگە تېلېفون ئۇرۇپ، شىڭشىڭشيانىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى قىلىۋالدى، ئۇ يەنە بىرقانچە قېتىم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ شىڭشىڭشياغا بېرىپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىبادەت ھىممەت شىڭشىڭشيادا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، بۇ يەردە سىمىلىق تېلېۋىزىيە قانالىلىرىنىڭ بەكلا ئازلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ يەردىلا ۋىلايەتلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە يوليورۇق بېرىپ، قانالىلارنى كۆپەيتكۈزۈپ بەردى. قۇمۇل شەھىرىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئابلىز خادىملارنىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىنىڭ بەكلا نېپىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەتىسىلا ھەممە خادىمغا يېتەرلىك قېلىن يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يەتكۈزۈپ بەردى ھەم خىزمەتچى خادىملارغا ئىچىدىغان سۇ، كۆكتات، گۆش توشۇيدىغان مەخسۇس ئاپتوموبىل سەپلەپ بەردى.

ئايەت ئالدىدا قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەممە ئادەم خۇددى ئۆيۈل تاشتەك زىچ ئۇيۇشۇپ، شىڭشىڭشياغا ئۆزلىرىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتلىك قەلبلىرىنى ئىزھار قىلىپ، بۇ «فرونت» تا سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتنىڭ ئاجايىپ كۈيلىرىنى ياڭراتتى، ئەنە شۇ كۈيلەرنىڭ ئەۋجى بىلەن ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان تۆپىلىك ۋە ئىبدىرلىقلار لەرزىگە كەلدى. شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى بىلەن شىنجاڭ

«ليەنتوٴڭ» خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ قوٴموٴل تارمىقى تەكشوٴ-
روٴش پونكىتى قوٴروٴلوٴش بىلەن تەڭ، قوماندانلىق شتابى ۋە
ھەرقايىسى كەسپىي خىزمەت گوٴروٴپپىلىرىنى ئوٴسكوٴنە، لىنىيە،
يانفون، كەڭ بەلۋاغلىق كومپيوٴتېر تورى قاتارلىقلار بىلەن ھەق-
سىز تەمىنلەپ، بوٴ يەرگە كەلسىلا «گاچا» بولوٴپ قالىدىغان
يانفونلارنى بوٴلبوٴلدەك سايرايدىغان قىلىۋەتتى، ۋىلايەتلىك تاش-
يول ترانسپورت باشقوٴروٴش باش پونكىتى قوماندانلىق شتابىغا
ھەقسىز ئالتە كومپيوٴتېر بېرىپلا قالماستىن، جەمئىيەتتىن
كومپيوٴتېر مەشغوٴلاتىغا پىششىق ئالتە خادىمنى يوٴقىرى مائاش
بىلەن تەكلىپ قىلىپ شىڭشىڭشىيادىكى كوٴندىلىك ستاتىستىكىلىق
مەلوٴماتلارنىڭ ئاپتونوم رايونغا دەل ۋاقتىدا يەتكوٴزوٴلوٴشىگە كاپا-
لەتلىك قىلدى. شىڭشىڭشىيا بازارلىق ھوٴكوٴمەت، بازارلىق
سودا ـ سانائەت مەموٴرىي باشقوٴروٴش پونكىتى ۋە شىڭشىڭشىيا ھەق
ئېلىش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئوٴزلىرىنىڭ ئىشخانا، ياتاقلى-
رىنى تەشەببوٴسكارلىق بىلەن بوٴ يەردىكى خادىملارنىڭ ئىشلىتى-
شىگە ئاجرىتىپ بەردى. قوٴموٴل شەھىرىدىكى ھەرقايىسى چوڭ
مېھمانسارايى ۋە رېستورانلارموٴ ئوٴستا ئاشپەزلىرىنى بوٴ يەرگە
ئەۋەتتى ...

جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلىرى پونكىت قوٴروٴلغان
دەسلەپكى ئىككى كوٴندە ئوٴزلوٴكىدىن سەپەرۋەرلىككە كېلىپ،
شىڭشىڭشىيا تەكشوٴروٴش پونكىتىغا 400 مىڭ يوٴەن قىممىتىدىكى
كومپيوٴتېر، تېلېۋىزور، توڭلاتقوٴ، يوتقان ـ كوٴرپە، ئوٴستەل ـ
ئوروٴندوٴق، كارىۋات، ئوٴن، ياغ، گوٴروٴچ، موٴداپىئە كىيىمى،
ماسكا قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلدى ...

گوٴاڭدوٴڭدىن قوٴموٴل ۋىلايىتىگە ياردەم بېرىشكە كەلگەن كا-
دىرلار قوٴموٴللوٴقلارنىڭ بوٴنداق ئالىيجاناب روھىدىن تەسىرلىن-
نىپ، ئوٴلكىلىك خەلق ھوٴكوٴمىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەڭ
يېڭى تېپتىكى قىزىل ئىنفرا نوٴرلوٴق بەدەن تېمپېراتوٴرىسىنى

ئۆلچەش ئەسۋابىدىن ئۇچنى ھەقسىز ئەكەلدۇرۇپ، بۇنىڭ ئىككى-
سىنى شىڭشىڭشياغا، بىرىنى قۇمۇل ۋوگزالىغا تەقدىم قىلدى،
بۇنىڭ بىلەن شىڭشىڭشيادا ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تېرمومېتىر ئارقى-
لىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشكە كېتىدىغان ۋاقىت ئىلگى-
رىكى بەش مىنۇتتىن بىراقلا ئىككى سېكۇنتقا قىسقىراپ، ئاپتو-
موبىللارنىڭ ئۆچىرەت كۈتۈپ تەكشۈرۈش پونكىتىدا كۆپلەپ توپ-
لىشىپ قېلىشىدەك قىيىن مەسىلە تۈپتىن ھەل قىلىندى.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەر ساھە، ھەر كەسىپ كىشىلىرى-
نىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى «فرونت» تىكى «جەڭچىلەر» نىڭ قەل-
بىنى باھار ئاپتىپىدەك ئىللىتتى، ئۇلار غەيرەتكە كېلىپ،
سارس بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، بۇ مەرەز كېسەلنى شىنجاڭ
بوسۇغىسىغا يېقىن كەلتۈرمەسلىككە بەل باغلىدى.

قۇياش ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ غەربكە، قۇمۇل تەرەپكە قاراپ
يول ئالغاندا، بىزمۇ ئۇنىڭغا ھەمسەپەر بولۇپ قۇمۇلغا ماڭدۇق.
قۇياشنىڭ قىپقىزىل نۇرى بىزدىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان
«فرونت» ۋە ئۇنى قورشاۋغا ئالغان تاقىر باش چوققىلار، بىپا-
يان بوز دالىلارنى شەپەققە پۈركىگەنىدى.

قۇلاق تۈۋمدە قۇمۇللۇقلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئېيتىدىغان
«شىڭشىڭشيا» دېگەن خەلق ناخشىسى جاراڭلىدى:

شىڭشىڭشيا ئۆزى گوبى،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
قۇمۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كۆزنىڭ قاراسى.
...

كۆز ئالدىمغا بايىلا بىز بىلەن پىكىرلەشكەن، مۇڭداشقان
سۆيۈملۈك «جەڭچى» لەرنىڭ ئىللىق سىيماسى بىر - بىرلەپ

كېلىشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز ۋۇجۇدۇمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ
بەرگۈسىز بىر خىل خىجىللىق تۇيغۇسى چىرمىۋېلىپ، ئۆزۈمنى
خۇددى قاچاق ئەسكەردەك ھېس قىلدىم. توغرا، مەنغۇ مۇشۇ
بىر نەچچە سائەت داۋاملاشقان زىيارىتىمنى ئەندىكىش، خۇدۇكسىد-
رەش ۋە جىددىيلىك ئىچىدە مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆتكۈزۈپ،
پىكاپتا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ قايتىپ كېتىۋاتىمەن. لېكىن،
ئۇلارچۇ؟ مۇشۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنىڭ زادى قاچان
قۇمۇلغا قايتىپ، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىد-
رى بىلەن جەم بولىدىغانلىقىنى، جۇدالىق ۋە سېغىنىش ئىلكىدە
«قۇمۇل يولىغا قاراپ» يەنە قانچىلىك كۈن ـ تۈنلەرنى ئۆتكۈزد-
دىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدۇ. «جەڭچى» نىڭ مۇقەددەس بۇرچى
«ئىستىھكام» نى ھەر ۋاقىت مۇستەھكەم ساقلاپ، «ياۋ» غا
قارشى كۈرەش قىلىش. دېمەك، سارستىن ئىبارەت بۇ «ياۋ»
چېكىنمەيدىكەن، ئۇلارمۇ «جەڭگاھ» تىن قەتئىي چېكىنمەيدۇ.
مەن ئېغىر خۇرسىنىش ئىچىدە شىڭشىڭشيا تەرەپكە قاراپ
ئۈنلۈك خىتاب قىلدىم: ئامان بول، شىڭشىڭشيا! ئامان بولۇڭ-
لار، «جەڭگاھ» قەھرىمانلىرى! سىلەرنىڭ ئامانلىقىڭلار شىند-
جاڭنىڭ ئامانلىقى.

2003 ـ يىل ئىيۇن، قۇمۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇرچ ھەققىدە قىسسە

— ئەسئەت توغرىسىدا بىرنەرسە يازسىڭىز ياخشى بولاتتى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئوبلاستلىق تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش باشقارمىسى تەرىپىدىن ئۇدا يەتتە يىل «ئىلغار خىزمەتچى» ، «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولغان، ئۇنىڭ باشقۇرۇشتىكى قاتتىق قوللۇقى، خىزمەتتىكى مەسئۇلىياتچانلىقى ۋە پىرىنسىپچانلىقى توغرىسىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرى ناھايىتى كۆپ، ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ ئەھۋال ئىگىلىسىڭىز، نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەرنى قېزىپ چىقالايسىز، — بۇ ئوبلاستلىق تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى گو رۇڭنىڭ تەۋسىيىسى. شۇڭا مەن ئەسئەت ھېمىت توغرىسىدا ئاخبارات ئەسىرى يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالغاندا ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتىم.

## قاتتىق قول ئەسئەت

1996 - يىلى يانۋار ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېچە سائەت بىردىن ئاشقان چاغ، كۇنەس ناھىيىسىنىڭ زىكتى يېزىسىدىكى چوڭ يول بويىغا توختىتىپ قويۇلغان جىپتا كۇنەس ناھىيىلىك تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى ئەسئەت ھېمىت ئىككى ھەمراھى بىلەن دۇگدىيىپ ئولتۇرغىنىچە نارات تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي بىرنېمىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە

ئىدى. سىرتتا بوران توختىماي ئۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان بولۇپ،
جىپنىڭ تۆشۈكچىلىرىدىن كىرىپ تۇرۇۋاتقان ئاچچىق سوغۇق بۇ
ئۇچەيلەننىڭ جىپ پارۋىيىدىن چىقىۋاتقان هارارەتنى هېس قىلد-
شىغا زادىلا ئىمكان بەرمەيتتى...

ئەسلىدە ئەسئەت ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرى كېچىسى زىكتىدىن
غۇلجا شەهىرىگە ئوغرىلىقچە يولۇچى توشۇۋاتقان بىر ئاپتوبۇسنى
تۇتقىلى چىققان بولۇپ، بۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئىگىسى تېخى ئەسئەت-
نىڭ ئاغىنىسى ئىدى. بۇ شوپۇرنىڭ كېچىسى ئوغرىلىقچە يولۇ-
چى توشۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئەسئەتنىڭ قۇلىقىغا
باشقىلار ئارقىلىق خېلى بۇرۇنلا يەتكەن. ئەسئەت دوستى بىلەن
رەسمىيەت بېجىرىپ قانۇنلۇق تىجارەت قىلىش، يولۇچىلارنىڭ
بىخەتەرلىكى ئۈچۈن كېچىسى تاغ يولىدا قاتناشنى قەتئىي توختى-
تىش توغرىسىدا قايتا - قايتا سۆزلەشكەن بولسىمۇ، ئاغىنىسى
كاجلىق قىلىپ ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەۋەرگەنىدى. بىراق،
ئاغىنىسىنىڭ قانۇنسىز قىلمىشىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە
سېلىش، ئۇنىڭ خەتەرلىك تاغ يولىدا كېچىسى يول يۈرۈشىنى
توسۇماسلىقىنىڭ قانداق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئەس-
ئەتكە هەممىدىن بەك ئېنىق ئىدى. مۇبادا ۋەقە سادىر بولۇپ،
يولۇچىلار ئارىسىدا ئۆلۈم - يېتىم كۆرۈلسە، كونەستىكى تاش-
يول ترانسپورتىنى باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ بىرىنچى قول مەسئۇ-
لى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسئەتنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈ-
لەتتى. بۇنداق ئەهۋالدا، دوستۇم دەپ يول قويۇش كەچۈرگۈسىز
جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. يىراقتىن ئاپتوبۇس-
نىڭ چىراغ يورۇقى كۆرۈندى.

— كەلدى، كەلدى، — دېيىشتى ئۇنىڭ هەمراهلىرى.

ئەسئەت هەربىيچە جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،
جىپتىن چۈشۈپ چوڭ يول ئۇستىگە چىقتى، ئاپتوبۇس شوپۇرى
چىراغ نۇرىنىڭ يورۇقىدا ئۇلار كۆرسەتكەن توختىتىش بۇيرۇقىغا

پەرۋا قىلماي، ئاپتوبۇسنى تېخىمۇ تېز ھەيدەپ بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەسئەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دەرھال ئارقىسىدىن قوغلىدى، لېكىن ئاپتوبۇس شوپۇرى ئاپتوبۇسنى يولىنىڭ ھېلى ئۇ چېتىدە، ھېلى بۇ چېتىدە ھەيدەپ يول بەرمىدى.

جىپنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئەسئەتنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ قو-شۇمىسى تۈرۈلدى، توختىماي سىگنال بېرىپ ئاپتوبۇس شوپۇرى-نى بۇيرۇققا بويسۇنۇشقا ئۈندىدى، بىراق ئۇنىڭ ئۈرۈنۈشلىرى بىكارغا كەتتى. ئاخىر ئۇ يولنىڭ سەل كەڭرەك بىر جايىغا كەلگەندە سۈرئەتنى بىردىنلا تېزلىتىپ ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىغا ئۆ-تۈپ، جىپنى چوڭ يولغا توغرىسىغا توختىتىۋالدى، ئاپتوبۇس ئىلاجسىز توختاشقا مەجبۇر بولدى.

تالاش - تارتىش، بەس - مۇنازىرە كېچىدە يول ئۈستىدىلا باشلىنىپ كەتتى، ئاپتوبۇس شوپۇرى پەسكويغا چۈشۈپ، قىلمى-شىنى بويىنىغا ئالماق تۈگۈل يولۇچىلارنى كۈشكۈرتۈپ، ئەسئەت ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىغا «تىغمۇتىغ» تاقابىل تۇردى، بىرنەچ-چە يولۇچى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئۆك-تەملىك قىلدى، ئاپتوبۇس شوپۇرىمۇ پىچاق كۆتۈرۈپ ھەيۋە قىلدى.

ئەسئەتنىڭ سەۋرىسى تاشتى:

— پىچاق كۆتۈرۈپ نېمە قىلماقچىسەن؟ قېنى، بۇ ياققا كېلىپ پىچىقىڭنى ماڭا سال! بۈگۈن بۇ يەردە ئۆلۈكۈم قالسا قالدۇكى، ئاپتوبۇسۇڭنى ھەرگىز ئۆتكۈزمەيمەن، ساڭا پۇل كېرەك بولسا، ماڭا يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى كېرەك! — ئۇنىڭ ئاۋازى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا خۇددى گۈلدۈرمامىدەك ياڭرىدى.

ئۇ ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمەيۋاتقان يولۇچىلارغىمۇ بىر تالاي قايناپ سۆزلىدى، ئاخىر يولۇچىلار ئۇنىڭ گېپىگە كۆنۈپ، يېقىن ئەتراپتىكى مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتى. ئاپتوبۇس شوپۇ-

رىمۇ ئىلاجسىز ئىچى بوشاپ قالغان ئاپتوبۇسنى ھەيدەپ ئەسئەتنىڭ جېپىغا ياۋاشلىق بىلەن ئەگىشىشكە مەجبۇر بولدى ...

تاڭغا يېقىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن ئەسئەت ھېمىت تاكى تاڭ سۇزۇلگىچە كىرپىك قاقمىدى، ئايالى بۇئايشەم مامۇتنىڭ ئازراق كۆز يۇمۇۋېلىشقا ئۇندەپ قىلغان سۆزلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. قۇمۇل شەھىرى غەربىي تاغ يېزىسىنىڭ تاراتى دەپ ئاتىلىدىغان تاغلىق كەنتىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش سەۋەبى بىلەن كۇنەس تاغلىرىغا كېلىپ ئاۋۋال قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ فورمىسىنى، ئاندىن تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن، ئۆزىنىڭ نەۋقىران چاغلىرىنى تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ئاشۇ سۆيۈملۈك كەسپىدىن ئۆزىگە ئىقبال ئىزدەپ كېلىۋاتقان ئەسئەت ھېمىتنىڭ بۇنداق ناھەقچىلىك، مۇتتەھەملەرگە ئۇچرىشىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى، 1987 - يىلى 10 - ئايدا غۇلجا ناھىيىسىدىن كۇنەس ناھىيىسىنىڭ «قارابوغرا» يېزىسىغا قومۇش توشۇشقا چىققان ئون نەچچە تراكتور شوپۇرى ھەق تاپشۇرۇشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ توپلىشىپ ئۇنى ئۇرۇپ دەرەخكە باغلاپ قويماقچى بولغاندىمۇ، 1990 - يىلى بىر شوپۇر ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، «ماشىنامنى قويۇپ بەرمىسەڭ، قوينۇمدىكى پارتلاتقۇچنىڭ پىلىكىنى تارتىۋېتىپ سەن بىلەن تەڭ ئۆلىمەن» دەپ ھەيۋە قىلغاندىمۇ، 1996 - يىلى 8 - ئايدا رەسمىيەتسىز ئاچقان رېموتخانىسى پېچەتلىۋېتىلگەن تىجارەتچى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى باشلاپ كاللەك - توقماقنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ جېدەل چىقارغاندىمۇ ئۇ قىلچە قورقۇپ - تەمتىرەپ قالمىغان، ئەكسىچە، ھەممە ئىشنى بەلگىلىمە بويىچە قىلىپ، جەرىمانە قويۇشقا تېگىشلىكلىرىگە جەرىمانە قويۇپ، «مەنمەن» دېگەن «نوچى» لارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇلارنى قانۇنلۇق تىجا-

رەت يولىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلغان، شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇنىڭ خىزمەتتىكى قاتتىق قوللۇقى تا ھازىرغىچە كەسىپداشلىرى ئارىسىدا تەرىپلىنىپ كېلىۋاتىدۇ ...

## مەسئۇلىيەتچان ئەسئەت

1994 - يىلى 6 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، كونەس ناھىيىلىك تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتىغا يېڭىلا پونكىت باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن ئەسئەت ھېيىت پونكىتتىكى بىرنەچچە خادىمنى باشلاپ ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ قورۇسىدا پەيدا بولدى. ئەسلىدە بۇ شىركەتنىڭ دىرېكتورى جاڭ گۇاڭشىن بىر سائەت ئىلگىرى ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ، شىركەتنىڭ ۋەيران بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئىنكاس قىلغانىدى.

ئەسئەتنىڭ كۆزى دىرېكتور ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا پول ئېلىش ئۈچۈن پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرۈشكەن، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، چىرايىنى غەم باسقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە چۈشتى. ئۇ بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ خۇددى يۈرىكىنى بىرنەرسە تاتىلىغاندەك ئازابلاندى، يۈرەك - باغرى ئۆرتەندى. ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىگە پىچىرلىدى: «بىزنىڭ ۋەزىپىمىز زادى نېمە؟ بۇ شىركەتنىڭ بۈگۈنكى مۇشۇ ھالەتكە كېلىپ قېلىشىدا بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز يوقمۇ؟ تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرغۇچى خادىم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن قاسقان شەپكە، فورما كىيىپ، ترانسپورت شىركەتلىرى ۋە شوپۇرلارنىڭ ئالدىغا تالون كۆتۈرۈپ كېلىپ پول ئېلىشنىلا بىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىملىق قىلىشنى، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېنىكلىتىشنى، دەرد - ھالىغا يېتىشنى بىلمىسەك، بىزنى قانداقمۇ لاياقەتلىك باشقۇرغۇچى خادىم دېگىلى بولسۇن؟!»

شۇ كۈنى دىرېكتور جاڭ گۋاڭشىننىڭ ئىشخانىسىدا ئېچىلغان باش قوشۇش يىغىنى كەچ سائەت ئوندىن ئاشقاندا ئاخىرلاشتى. شىركەت رەھبەرلىرىنىڭ ئىنكاسىدىن مەلۇم بولدىكى، 20 نەچچە ئەبجەق ئاپتوبۇسى، 126 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار دۆلەت ئىلكىدىكى بۇ كارخانىنىڭ ئومۇمىي قەرزى 4 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قولى پۇل كۆرمىگىلى تۆت ئايدىن ئاشقان، تارقىتىلمىغان مائاشىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 280 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىلگىرى ئېچىلغان بىر قىسىم يول لىنىيىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلىپ، شىركەتنىڭ غوللۇق خادىملىرى ھېسابلىنىدىغان نۇرغۇن شوپۇر شىركەتنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كەتكەنىدى. ئەھۋال ھەقىقەتەن ئېغىر بولۇپ، بۇ ھالەت يەنە بىر - ئىككى يىل داۋاملاشسا شىركەتنىڭ ۋەيران بولۇپ تاقىلىپ قېلىشى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان رېئاللىق بولۇپ قالغانىدى.

— شىركەتنىڭ بۇ ھالەتكە كېلىپ قېلىشىدا ناھىيىلىك تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ، جۈملىدىن، پونكىتنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى بولغان مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار، بۈگۈندىن باشلاپ ھەممەيلەن شىركەتنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئاتلىنىمىز. ئالدى بىلەن ئادەم ئەڭ كۆپ يول لىنىيىلىرى ۋە «ئالتۇن ۋاقىت» لارنى بۇ شىركەتنىڭ ئاپتوبۇسلىرىغا ئاجرىتىمىز. مەخسۇس بىر گۇرۇپپا ئادەمنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ۋە ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) گە ئەۋەتىپ، ئېتىلىپ قالغان يول لىنىيىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يېڭى يول لىنىيىلىرىنى ئېچىش ئىشلىرىنى ئىشلەيمىز. بۇ گۇرۇپپىغا جاڭ جىڭلى ئىككىمىز مەسئۇل بولىمىز، ھازىر بېرىپ تەييارلىق قىلىپ، ئەتە تاڭ سەھەردە يولغا چىقىمىز.

تۈنجى سەپەر جەنۇبىي شىنجاڭدىن باشلاندى. ئەسئەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شۇ يولغا چىققىنىچە بىر ئايدىن كۆپرەك

ئايلىنىپ قاراشەھەر، خېجىڭ، كورلا، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، ئاتۇش، غۇلجا، قوبۇقسار، نىلقا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، شۇ جايلاردىكى تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە بېكەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، كونەستىن بۇ جايلارغا قاتنايدىغان يول لىنىيىلىرىنى ئېچىش ئىشىنى ئەتراپلىق كېڭەشتى ھەم بىر لىنىيە ئېچىلسا بىر سىدە قاتناش باشلاشنى رېئاللاشتۇردى.

ئەسئەت ۋە باشقا خادىملارنىڭ جاپالىق ئەجرى ناھايىتى تېزلا مېۋە بەردى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىركەت قەرزلەرنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ، قەددىنى رۇسلىدى، لېكىن ئەسئەت بۇنىڭلىق بىلەن بۇ شىركەتكە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. 1998 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئەسئەت ھىممىت سابىق ئىلى ۋىلايەتلىك تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتىغا مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى بولۇپ يۆتكەلگەن چاغدا، بۇ شىركەتنىڭ ئومۇمىي ئاپتوبۇسى 187 گە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 156 گە، يول لىنىيىسى 44 كە، مۇقىم مۈلكى 10 مىليون يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 1 مىليون يۈەنگە، ساپ كىرىمى 200 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 800 يۈەنگە يېتىپ، ئوبلاستتىكى ناھىيىلەر ئىچىدە ئەھۋالى ئەڭ ياخشى ترانسپورت شىركىتىگە ئايلاندى.

ئوسمان ئابدەك بىلەن شاكىرجان ئالىم كونەس ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ كەسپكە پۇختا، غوللۇق شوپۇرلىرى. ئەينى چاغدا شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچارلىشىپ «گۆر ئاغزى» غا كېلىپ قالغاندا، ئۇلارمۇ شىركەتنى تاشلاپ، پەشنى قېقىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولۇشقان. ئەسئەت ھىممىتنىڭ دەل ۋاقتىدا، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، شىركەتنى ھالاكەت گىردابىدىن قايتۇرۇپ كېلىشى بىلەن ئۇلار نىيىتىدىن يېنىپ، ئۆز تەقدىرلىرىنى داۋاملىق تۈردە بۇ شىركەتكە باغلىدى. بۈگۈنكى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۈندە ئوسمان ئۈچ ئاپتوبۇسنىڭ، شاكىرجان ئىككى ئاپتوبۇسنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. ئوسماننىڭ بىر ئالىي دەرىجىلىك كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسى ئۈرۈمچىگە، بىر ئاپتوبۇسى خېجىڭغا، يەنە بىر ئاپتوبۇسى غۇلجا شەھىرىگە قاتنايدۇ. شاكىرجاننىڭ بولسا ئىككى ئالىي دەرىجىلىك كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسى ئۈرۈمچىگە قاتنايدۇ. ئەسئەت ھېمىت توغرىسىدا سۆز ئېچىۋېدىم، بۇ ئىككىيلەن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى، ئۇلار ئەسئەتنىڭ ئۆزلىرىگە يول لىنىيىسى ھەل قىلىپ بېرىش، يول ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى بېجىرىپ بېرىش جەھەتتە قىلغان «ئاتىدارچىلىق» نى سۆزلەۋاتقاندا، چىھرىدە ئەسئەتكە بولغان مىننەتدارلىق ۋە قايىللىق ئالامەتلىرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئىككىيلەن ماڭا يەنە ئەسئەت ھېمىت كۈنەستىن يۆتكىلىپ كەتكىلى بەش يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن كۈنەستىكى ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىچە ئەسئەت ھېمىتنى ئۆز قېرىندىشىدەك يېقىن كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنى ھەر دائىم ئەسلەپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر قېتىم غۇلجىغا بىرەر ئىش بىلەن بارسا ئۇنى يوقلاپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئەستىن چىقارمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى.

مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكتۈم، ئاشۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن مۇنچە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلايدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنداق بولۇشىدا ھەرگىز باشقا ئالاھىدە سىر يوق. ئەسئەت ھېمىت ئۆز خىزمەت ئەمەلىيىتىدە ئاشۇ ئاددىي كىشىلەر ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن خىزمەت ۋە مۇلازىملىق قىلىشنى، ترانسپورت كارخانىلىرى ۋە يەككە ترانسپورتچىلارغا مەسئۇل بولۇشنى ئۆزىگە قىبلىنەما قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قەلب تۆردە ئۆز ئابىدىسىنى تىكلىيەلىدى، خالاس.

## پرىنسىپچان ئەسئەت

2001 - يىلى 9 - ئايدا، ئەسئەت ھىمىتنىڭ خىزمەت ئورنىدا يەنە ئۆزگىرىش بولدى. شۇ يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتى ئوبلاستلىق تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلدى. ئەينى چاغدىكى بۇنداق ئالاھىدە شارائىت ۋە خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن تەشكىل ئەسئەت ھىمىتنى چاپچال ناھىيىلىك تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتىغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى.

ئەسئەت ھىمىت تېخى يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئىشقا چۈشمەي تۇرۇپلا بۇ ئىش توغرىسىدا ھەر خىل پىتنە - پاسات، ئەپقاچتى گەپ - سۆزلەر تارقالدى.

— ئەسئەتنىڭ ۋەزىپىسىنى تۆۋەنلىتىپ، چاپچالغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ دېيىشىدىغۇ؟

— ھەقىچان خىزمەتتە خاتالىق ئۆتكۈزگەن گەپ.

— ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پارا يېگەنمۇ تېخى؟!

— بەك كۆرەڭلەپ كېتىۋېدى، ئوبدان بوپتۇ.

زەھەردەك ئاچچىق گەپ - سۆزلەر نەيزىدەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلسىمۇ، بىراق ئۇ بۇ سۆزلەرنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغاندەك قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇنداق رېئاللىقنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئانچە قوبۇل قىلىپ كېتەلمىگەنىدى. ئۇدا نەچچە يىل ئاپتونوم رايون، ئوبلاست تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى»، «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالانغان تۇرۇقلۇق، ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلمەكتىنىڭ ئورنىغا خىزمەت ئېھتىياجى دەپ تۆۋەنگە ئەۋەتىلسە قانداق بولغىنى؟

دەل شۇ كۈنلەردە بولغان بىر ئىش ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، كۆڭلىدىكى تۈگۈچلەرنى يېشىۋەتتى. يەنى، كۈنەس

ناھىيىسىدىكى ئۆتتۈزدىن ئارتۇق ترانسپورت شىركىتىنىڭ ۋە-
كىللىرى ۋە ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخس-
لەر بىرلىشىپ ئوبلاستلىق قاتناش ئىدارىسىگە ئىمزالىق خەت
يېزىپ، چاپچال ناھىيىلىك ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتىغا باش-
لىق قىلىپ تەيىنلەنگەن ئەسئەت ھېمىتنى كونەس ناھىيىسىگە
ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەم ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۆز تەلى-
پىنى ئوبلاستلىق قاتناش ئىدارىسى بىلەن تاشيول ترانسپورت
باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە يۈزتۇرا يەتكۈزدى.

ئەسئەت بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ تولىمۇ ھاياجانلاندى،
بولۇپمۇ ئۇن نەچچە يىللىق ئەقىدە ۋە ئەجرىنىڭ ئۆزى قاتتىق
قوللۇق بىلەن باشقۇرغان، ھەتتا بەزىدە پرىنسىپ بويىچە جازالى-
غان ئاشۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقى ئۇنىڭغا
كۈچلۈك تەسىر قىلغانىدى. دېمىسىمۇ، باشقۇرۇلغۇچىلارنىڭ
ئالاھىدە ئىمزالىق خەت يېزىپ، «پالانى بىزنى باشقۇرسۇن» دەپ
تەلەپ قىلىشى بەكلا كەم ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى. ئەنە شۇ
ئىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇ تەشكىلگە ھېچقانداق شەرت قويماي،
چاپچالغا چىقىپ خىزمەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

چاپچال نامرات ھەم كىچىك ناھىيە بولغىنى بىلەن بۇ جاي-
نىڭ ترانسپورت بازارلىرىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ئانچە ئاز ئە-
مەس ئىدى. ئەسئەت دەسلەپكى بىر مەزگىللىك تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىش ئارقىلىق، بۇ ناھىيىدە رەسمىيەتسىز ئاپتوموبىللارنىڭ
كۆپ بولۇشى ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ بۇ
يەرگە كېلىپ خالىغانچە ئادەم توشۇپ، ترانسپورت بازارلىرىنى
قالايمىقان قىلىش ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى
بايقىدى. 2002 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۇ قەھرىتان سو-
غۇق، تومۇز ئىسسىققا قارىماي، يېزىمۇ يېزا، كەنتمۇ كەنت،
ئۆيمۇ ئۆي ئارىلاپ، رەسمىيەتسىز ئاپتوموبىللارنى بىرمۇبىر تى-
زىملىدى، ئاۋۋال باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ئاندىن باش-

www.uyghurkitap.com

قۇرۇشنى كۈچەيتىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، رەسمىيەتسىز ئاپتو-
موبىللارنىڭ سانىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى. بىر يىلدىن
كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇ چاپچال-
نىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا كېچىلىرى «ئوغرى مۈشۈك» تەك
تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قانۇنسىز ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇل-
لىنىپ كېلىۋاتقان 60 تىن ئارتۇق «قارا ئاپتوموبىل» نى باشقۇ-
رۇش دائىرىسىگە كىرگۈزدى، كۆپ قېتىم تەنقىد ـ تەربىيە
بەرسىمۇ گەپ ئاڭلىماي، «ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەۋەرگەن»
بىر قىسىم شوپۇرلارنى بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق جازالاپ، ئۇلار-
نىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى.

ئىككىنچى قەدەمدە ئۇنىڭ نەزىرى غۇلجا شەھىرىدىن چاپچال-
غا چىقىپ كىراكەشلىك قىلىۋاتقان تاكسىلارغا ئاغدۇرۇلدى.
غۇلجا شەھىرى بىلەن چاپچال ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقى ئاران 15
كىلومېتىر بولغاچقا، غۇلجىدىن چاپچالغا ئادەم ئېلىپ چىققان
تاكسىلار قايتىشىدا يەنە ئادەم ئېلىپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆپ
ئىدى. بەلگىلىمە بويىچە غۇلجىنىڭ تاكسىلىرىنىڭ شەھەردىن
چاپچالغا ئادەم ئېلىپ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنىسىمۇ، لېكىن
ناھىيىدە كوچا ئايلىنىپ ئادەم ئېلىپ مېڭىشىغا رۇخسەت قىلىن-
مايتتى، بۇ دائىرە ھالقىپ تىجارەت قىلىش بولۇپ ھېسابلىنات-
تى. چاپچال بىلەن غۇلجا ئارىسىدىكى يول لىنىيىسىدە قاتنايدى-
غان مىنىبۇس ۋە تاكسى شوپۇرلىرى بۇ ئىشتىن بەكمۇ نارازى
ئىدى.

ئەسئەت بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىككى ئايچە
ۋاقىت ئاجرىتىپ چاپچالدىن ئادەم ئېلىپ ماڭغان غۇلجىنىڭ
تاكسى شوپۇرلىرىنى بىرمۇبىر تۇتۇپ، ئۇلارغا قايتا ـ قايتا
تەربىيە بەردى. لېكىن، ئۇنىڭ شۇنچە تەرلەپ ـ پىشىپ چۈشەن-
دۈرۈشلىرى تاكسى شوپۇرلىرىغا ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك زادى-
لا يۇقمىدى. ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ،

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش قارارىغا كەلدى ۋە چاپچال ناھىيە بازىرىدىن يېزىلارغا ئادەم توشۇۋاتقان بەش تاكسىنى نەق مەيداندا تولۇق پاكىتى بىلەن قولغا چۈشۈردى.

ئەسئەت بۇ بەش تاكسىنى پونكىت قورۇسىغا سولاتقۇزۇۋېتىپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا يانفونى جىرىڭلىدى.

— ۋەي، سىز ئەسئەت زەنجاڭما؟ مەن ئوبلاستتىكى ×× رەھبەرنىڭ كاتىپى، بايا سىز تۇتۇۋالغان تاكسىچىلارنىڭ بىرى بىزنىڭ باشلىقنىڭ تۇغقىنى ئىدى، باشلىق سىزگە ئېيتىپ قويۇشۇمنى ھاۋالە قىلغانىدى.

— سىز نېمە دېمەكچى؟ — دەپ سورىدى ئەسئەت.

— باشلىق سىزنى مۇشۇ بىر قېتىم قويۇپ بەرسە دەيدۇ.

— كەچۈرۈڭ، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— مەن سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي، بىز ئىككى ئايدىن بېرى ھەر كۈنى يولغا چىقىپ ئۇلارغا بىرمۇبىر چۈشەندۈردۇق، سىز دېگەن شوپۇرمۇ مېنىڭ نەسىھەتىمنى ئاز دېگەندىمۇ تۆت-بەش قېتىم ئاڭلىغان، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلدى. چاپچالدا مەخسۇس غۇلجا شەھىرىگە قاتنايدىغان 80 نەچچە مىنىبۇس ۋە تاكسى بار، بۇ ئاپتوموبىللارغا تايىنىپ جان باقىدىغانلار 200 دىن ئاشىدۇ، ئۇلار دۆلەتكە باج تاپشۇرۇپ قانۇنلۇق تىجارەت قىلىۋاتسا، ماۋۇلار باشقىلارنىڭ قاچىسىدىكى ئاشقا چاڭ سالسا، بىز ئۇلارنى كۆرۈپ كۆرمەسكە سالساق، قانۇنلۇق تىجارەتنى قوغداپ، قانۇنسىز تىجارەتكە زەربە بەرمىسەك، قانۇنلۇق تىجارەت قىلغۇچىلار بىزگە لەنەت ئوقۇمامدۇ؟

— مۇشۇ بىر قېتىم ...

— باشلىققا سۆزۈمنى ئەينەن يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

خىزمىتىمنى قولۇلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەسئەت گېپىنى تۈگىتىپ يانفونىنى ئېتىۋەتتى.

— ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان بىر خادىم.

— قانداق قىلاتتىڭ؟ بەلگىلىمە بويىچە تاكسىنى ئۈچ كۈن تۇتۇپ تۇرۇپ، ھەربىرىگە 2000 يۈەندىن جەرىمانە قويۇپ، شوپۇرلارغا تەكشۈرۈشنامە يازغۇزۇپ يولغا سېلىپ قوي!

ئەسئەت ھېمىت ئۈچىنچى تاشيول ترانسپورت باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن 17 يىلدىن بۇيان بۇنداق تېلېفون، تەستىق قەغەز، باغاقچە قاتارلىقلارنى قانچە قېتىم ئالغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇ رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىن بۇنداق تېلېفون، باغاقچىلار كۆندە دېگۈدەك كېلىپ تۇردى. لېكىن، ئۇ «تاجىسى» قانچە يوغان «ئەرباب» بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈپ، قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلمىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇ «يۈزسىز»، «يۈزىدە تۈكى بار» دېگەنگە ئوخشاش سېسىق گەپلەرنى ھەر دائىم ئاڭلاپ تۇردى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزى تاللىغان يولدا چىڭ تۇرۇپ، پرىنسىپ بويىچە باش چۆكۈرۈپ ئۆز ئىشىنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

2003 ـ يىل ئىيۇل، چاپچال

# ئەڭ ئاخىرقى ئېلىشىش

— ئەڭ ئاخىرقى ئالتۇن مېدال ئېلىش پۇرسىتى، ئۇمىد
تولۇنگۇلدە قالدى، — دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەش-
مىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك مېيىپ-
لار تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمى-
كىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە باش كاتىپى پەرھات جالال
تولۇنگۇلنىڭ تىرېنېرى سەدىردىن خېلىلنىڭ مۇرىسىگە يېنىك
شاپىلاقلاپ تۇرۇپ.

توغرا، ئۆمەكتىكى ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئارىشاڭ ناھىيىسى-
دىن كەلگەن 23 ياشلىق قازاق قىزى تولۇنگۇلگە تىكىلگەنىدى.
چۈنكى، 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى، يەنى، بۇ نۆۋەتلىك
مۇسابىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدىكى مارافون مۇسابىقىسىگە
شىنجاڭدىن تولۇنگۇللا قاتنىشاتتى. مۇبادا ئۇ نەتىجىگە ئېرىشەل-
مىسە، بۇ كۈنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك
مۇسابىقە جەريانىدىكى بىردىنبىر ئالتۇن مېدال ئالالمىغان كۈنى
بولۇپ قالاتتى.

مىنبۇس يېنىك تەۋرەنگىنىچە نەنجىڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي
جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان جياڭنىڭ رايونى تەرەپكە قاراپ كېتىپ
باراتتى. سەدىردىن خېلىل يېنىدا ئولتۇرغان تولۇنگۇلگە كۆزد-
نىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

تولۇنگۇل 1999 - يىلى شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت-
لىك 5 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئاياللار-
نىڭ T60 دەرىجىلىكلەر بويىچە يېرىم مۇساپىلىك (21 كىلومې-
تىرلىق) مارافون مۇسابىقىسىدە بىر سائەت 32 مىنۇت 15

سىكۇنتلۇق نەتىجە بىلەن چېمپىيونلۇققا ئېرىشىپ، يېڭى مەملى-كەت رېكورتىنى ياراتقان بولسىمۇ، بىراق بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقى-دە ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كەلمەي قالدى، قانداق دەمسىز؟ تولۇنگۇل مۇسابىقىگە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ئويلىمى-غان يەردىن جىگەر ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، يۇرتى ئارىشاڭ ناھىيىسىدە بىر ئايدىن كۆپرەك دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. دوختۇر ئۇنىڭ بەك كۈچەپ كەتمەسلىكىنى ئالاھى-دە تەۋسىيە قىلغانلىقتىن، سەدىردىن خېلىل ئۇنى ئېگىزلىكتە يۇقىرى سۈرئەتتە مەشىقلەندۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، تۈزلەڭدە ئاستا سۈرئەتتە ئاز - تولا مەشىقلەندۈردى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستى-گە تەپمەك» دېگەندەك، تولۇنگۇل نەنجىڭغا كېلىپلا ئىچى سۈرۈپ ئاغرىپ قالدى، بەرگەن دورىلارمۇ كار قىلمىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، ئۇ يەنىلا سەدىردىننىڭ قايتا - قايتا تەسەللى بېرىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى نەنجىڭ «ۋۇتەيشەن» تەنھەرىكەت مەركىزىدە ئۆتكۈزۈل-گەن ئاياللارنىڭ T60 دەرىجىلىكلەر بويىچە 10 مىڭ مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇ كۈنى تولۇنگۇلنىڭ مىجەزى يوق ئىدى، ئۇ لېۋىنى چىشلەپ مۇسابىقىگە چۈشتى. لېكىن، سالامەتلىك ئەھۋالى يار بەرمىگەنلىكتىن ئىك-كىنچى بولۇپ قالدى. مۇسابىقە بەلگىلىمىسى بويىچە بۇ تۇردە ئالتۇن مېداللا تەسىس قىلىنغانلىقتىن، ئۇ شۇنچە كۈچەپمۇ قۇ-رۇق قول قايتىشقا مەجبۇر بولدى. مۇسابىقىدىن كېيىن ئۇ تاماق ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى.

كېيىنكى قەدەمدە ياخشى نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن، سەدىردىن خېلىل ئۇنى يېتىلەپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئو-كۇل ئۇردۇردى ھەم ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سەھەر سائەت 8 دە رېپىرىنىڭ

تاپانچىسىدىن چىققان «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، سەككىز ماھىر نىشانغا قاراپ يەڭگىل قەدەملەر بىلەن يۈگۈرۈپ يولغا چىقتى. ئۇلار مۇشۇ يۈگۈرگىنىچە 21 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتەتتى. بىر كىلومېتىر، ئىككى كىلومېتىر، ئۈچ كىلومېتىر... سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان تولۇنگۇل ئۆزى بىلەن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ھەم يانداپ ئۆتۈپ كېتىشكە تەرەد-دۇت قىلىۋاتقان جياڭسۇ ماھىرى ما مىڭجېيگە پات - پات كۆز قىرىدا قاراپ قوياتتى. چۈنكى ئۇ 10 مىڭ مېتىرلىق مۇسابىقىدە تولۇنگۇلنىڭ قەلبىگە ئۆچمەس «داغ» قالدۇرغانىدى. شۇڭا تو-لۇنگۇل بۈگۈنكى ئۆز رەقىبىدىن «ئۆچ» ئېلىش پۇرسىتىنى توپتوغرا ئىككى كۈن كۈتكەنىدى.

10 مىنۇت، 20 مىنۇت، 30 مىنۇت...

سەدىردىن خېلىلىنىڭ مۇسابىقە سائىتى تۇتقان قولى يېنىك تىترەيتتى، چۈنكى تولۇنگۇلنىڭ بۈگۈنكى رەقىبلىرى ئىچىدە جياڭسۇ ماھىرى ما مىڭجېيدىن باشقا شىنجاڭنىڭ ئېگىزلىكتە مەشىقلەندۈرۈلگەن ئۈچ ماھىرى بولۇپ، شىنجاڭلىقلارمۇ بۇ تۈردە ئالتۇن مېدال ئېلىشقا چوڭ ئۈمىد باغلاپ تۇراتتى. ئالتۇن مېدال ئېلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى 10 مىڭ مېتىرلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدىن كۆپ يۇقىرى ئىدى.

— ترېنېر، ئۈمىد بارمۇ؟

مۇخبىرلارنىڭ سوئالى يەنە بىر قېتىم جاۋابسىز قالدى.

سەدىردىن خېلىلىنىڭ قولىدىكى سائەت «بىر سائەت 32 مىنۇت 15 سېكۇنت» دېگەن رەقەملەرنى كۆرسەتتى. بۇ دەل تولۇنگۇل ئۆتكەن نۆۋەتلىك مۇسابىقىدە ياراتقان مەملىكەت رېكور-تى ئىدى، بىراق ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. «ئەستا، چاتاق چىقتىمۇ نېمە؟» سەدىردىن تېخىمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى ۋە جايىدا تۇرالماي ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— كەلدى! كەلدى!

كىمدۇر بىرى ئەنسىز توۋلىدى، سەدىردىن دەرھال توختاپ، ئالدى تەرەپكە قارىدى. تولۇنگۇل سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى.

— تولۇنگۇل، يارايسەن! غەيرەت قىل! — دەپ توۋلىۋەتتى سەدىردىن. ئۇنى ھەممىدىن بەك خۇش قىلغىنى تولۇنگۇل يالغۇز كېلىۋاتقان بولۇپ، باشقا ماھىرلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

تولۇنگۇل مەنزىلگە يەتتى. سەدىردىننىڭ قولىدىكى سائەتتە «بىر سائەت 41 مىنۇت 13 سېكۇنت» دېگەن رەقەملەر قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى ما مىڭجيې ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 400 نەچچە مېتىر كەينىدە قالغانىدى. ئۇچىنچىلىككە ئېرىشكەن شىبزاڭلىق سولاڭ جوما تېخىمۇ ئارقىدا ئىدى.

ئالتۇن مېدال، يەنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئالتۇن مېدالى تولۇنگۇلنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى. سەھنىدە تولۇنگۇلنىڭ، تۆۋەندە سەدىردىننىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ياش ئەگىدى ... بۇ ياش ئىككى كۈن ئاۋۋالقى ياشقا پەقەتلا ئوخشىمايتتى ...

2003 ـ يىل سېنتەبىر، ئەنجاڭ

# 700 مىليون يۈەن نەگە ئېقىپ كەتتى؟

مول ھوسۇل ۋە مەمۇرچىلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئالتۇن كۆز پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كۆز يەتكۈسىز كېۋەزلىكلەر يەنە بىر قېتىم ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن پاختا تەرگۈچىلەر ئەنە شۇ «دېڭىز» دا «تىللا سۇزۇش جېڭى» گە ئاتلىنىپ، ئاجايىپ قىزغىن ھەم جۇشقۇن مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەنە شۇ مەنزىرىلەر ئىچىدە شىنجاڭلىقلارنىڭ قەلبىنى سۆيۈندۈرىدىغان كارتىنىلارمۇ، كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان كارتىنىلارمۇ بار.

مۇخبىرنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن ئىگىلىگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇمىي تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى 15 مىليون 460 مىڭ مودىن كۆپرەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ كېۋەز كۆلىمى 8 مىليون 860 مىڭ مودىن، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ 7 مىليون مودىن ئاشىدىكەن، ئومۇمىي پاختا ھوسۇلىنىڭ 1 مىليون 600 مىڭ توننىدىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. پاختا تېرىشنىڭ ۋاقىت خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 15 مىليون 460 مىڭ مو يەردىكى پاختىنى تېرىشقا تەخمىنەن 800 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كۈچى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل پاختىنىڭ سېتىلىش باھاسى كۆڭۈلدىكىدەك بولغاچقا، پاختا تېرىش ھەققىمۇ تەبىئىي ھالدا ئۆسۈپ، ھەر كىلوگرام پاختا تېرىشقا بېرىلىدىغان ھەق ئۆتكەن يىلدىكىگە قارىغاندا 30% ئەتراپىدا ئۆسۈپ بىر يۈەن بولغان.

مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، 1 مىليون 600 مىڭ تونىنا پاختىنى تېرىش ئۈچۈن جەمئىي 1 مىليارد 600 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىشقا توغرا كېلىدىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ سىچۈەن، گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق جايلاردىن جەمئىي 600 مىڭدىن ئارتۇق پاختا تېرىيدىغان خەلق ئىشچىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ پاختا تېرىش ئەمگىكىگە قاتناشقان، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا تېرىشقا قاتناشقان 800 مىڭ ئادەمنىڭ 75% ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن پاختا تەرگۈچىلەر جەمئىي 395 مىڭ ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەر 313 مىڭغا يېتىپ، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 80% ىنى ئىگىلەپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 50 مىڭ ئادەم ئېشىپ كەتكەن. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن بۇ 600 مىڭدىن ئارتۇق پاختا تېرىيدىغان خەلق ئىشچىسى شىنجاڭنىڭ بىپايان پاختىزارلىقلىرىدا بىر ئايغا يېقىن جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق جەمئىي 700 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى چۆنتەكلىرىگە سېلىپ، خۇشال - خورام ھالدا يۇرتلىرىغا قايتىشتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن بۇ ئىشلەمچىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ تاپقانلىرىنىڭ كىرىمى 2000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، ئوتتۇرىچە كىرىمى 1000 يۈەنگە يەتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تاپقان پۇلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلىرىمىز ئالتە ئاي ياز بويى ئېتىز - قىرلاردا دۇم يېتىپ، دۇم قوپۇپ، توپا - چاڭغا مىلىنىپ تاپىدىغان پۇلدىن خېلى كۆپ. ئۇلار تاپقان بۇ 700 مىليون يۈەن 2002 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقان ئەمگەك كۈچلىرى تاپقان 550 مىليون يۈەندىن 150 مىليون يۈەن كۆپ.

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكىلەرنىڭ ئەكسىچە، شىنجاڭلىقلار

پاختا تېرىپ كىرىم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ «لوق گۆش» كە تولىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلماقتا. گەرچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر يىللىق ئېشىنچا ئەمگەكچىلىرىنىڭ سانى 600 مىڭدىن كۆپ-رەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پاختا تېرىشتىن ئىبارەت كىرىمنى كۆپەيتىشنىڭ ئوبدان يولىغا زادىلا كۆز قىرىنى سالمايۋاتىدۇ.

ئۈرۈمچى «ياغلىقلىق» ئائىلە مۇلازىملىق شىركىتى بۇ يىل بىر قىسىم پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان رايونلار بىلەن كېڭىشىپ، ئۇلارغا 5000 پاختا تەرگۈچى تەمىنلەپ بەر-مەكچى بولغانىدى. ئۇلار يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ھەرقايسى ئىشقا تونۇشتۇرۇش مۇلازىملىق ئورۇنلىرىغا قاتراش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىن ئاران 50 نەچچە كىشىنىلا يىغالى-دى، پاختا تېرىش مەزگىلى قىستاپ كەلگەنلىكتىن، ئۇلار ئى-لاجسىز سىچۇەن ئۆلكىسىدىكى ئېشىنچا ئەمگەكچىلەرنى ئىشقا تونۇشتۇرۇش مۇلازىملىق مەركەزلىرى بىلەن جىددىي ئالاقىلە-شىپ، 4700 ئىشلەمچىنى يۆتكەپ كېلىپ، سانىنى تولدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئىلى ئوبلاستىدىكى ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لەر بۇ يىل ئاپتونوم رايون ئاچقان شىمالىي شىنجاڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن يېزا، كەنتلەردىكى ئېشىنچا ئەمگەكچىلەرنى سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ پاختا تېرىشقا تەشكىللىگەن. لېكىن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە ناچار بولغان. غۇلجا ناھىيىسى ناھىيە بويىچە 6230 دېھقان، چارۋىچىنى مۇئاۋىن ھاكىم خىزىر كەلدىنىڭ مەسئۇللۇقىدا شىخەنزە يېزا ئىگىلىك 8 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 144 ـ، 148 ـ ۋە 149 ـ تۇەنلىرىگە پاختا تېرىشقا تۇنجى قېتىم مەخسۇس تەشكىللەپ ئېلىپ كەلگەن. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، پاختا تېرىش باشلىنىپ ھەپتە

ئۆتمەيلا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بەزىلىرى: «ئىش جاپالىق-كەن!» دەپ ۋايساپ ـ قاقشىسا، يەنە بەزىسى «ئۆلگىلى قالدىم!» دەپ ئىشتىن قېچىپ ياتاقتىن چىقماي يېتىۋالغان، يەنە بەزىلىرى تېخى ئادەم توپلاپ خۇددى يېزا مەسئۇللىرى ئۇلارنى ھاشارغا ئېلىپ كەلگەندەك كوللېكتىپ ئىش تاشلاپ قارشىلىق قىلغان، يەنە بەزىلەر ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ «ئايرىلىش پىراقى» غا چىدىيالماي، كېچىسى ئوغرىلىقچە قېچىپ كەتكەن. قىسقىسى، ئون كۈنگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 60% تىن كۆپرەك ئادەم يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن ... غۇلجا ناھىيە دادامتۇ يېزىلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇشۇكۇر نىياز مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «بىز يېزا بويىچە 300 دىن ئارتۇق دېھقاننى تەشكىللەپ شىخەنزىگە پاختا تېرىشقا ئاپارغاندۇق، ئۇ-نىڭ تەخمىنەن يېرىمىدىن كۆپرەكى جاپاغا چىدىماي يېرىم يولدا قايتىپ كەلدى، قالغانلىرىنىڭ قىلغان ساپ كىرىمىمۇ ئاران 27 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولدى».

دېمەك، ناھىيە، يېزا، كەنت رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى نىي-يەت، ياخشى مەقسەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى تازا خەيرلىك بولمىدى.

نەتىجىدە، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كېلىپ بىزنىڭ كەتكەن، قاچقان دېھقانلىرىمىزنىڭ ئورنىغا سەپ-لەنگەن پاختا تەرگۈچى ئىشلەمچىلەر مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ پۇل-لارنى ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ قايتىشتى. بىزنىڭ «ئەزەلدىن ئىش-چان، جاپاكەش، مېھنەتكەش» دەپ ئېغىزدىن چۈشۈرمەي تەرىپ-لەپ كېلىۋاتقان دېھقانلىرىمىز ۋە كۆن بويى لاغايلاپ كۈن ئۆتكۈ-زىدىغان، ھۆكۈمەت بەرگەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بىلەن غورىگۈل كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان رازىكى، كۈچىنى خار قىلىش بەدىلى-گە ئوبدان تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە «كۆڭلى» ئۇنىمايدىغان شەھەر ئاھالىلىرىمىز، ئىشسىز ياشلىرىمىز ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان

خىزمەتچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىش ياراتماسلىق، ھورۇنلۇق ۋە جاپاغا چىدىماسلىقى تۈپەيلىدىن نامراتلىقنىڭ ھەم ئاچچىق، ھەم سوغۇق پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتقىنىچە قېلىۋەردى.

ئويلاپ كۆرەيلى، بىز ئاشۇ ئىش ياراتماسلىق، ھورۇنلۇق ۋە جاپاغا چىدىماسلىقنىڭ زىيىنىنى زادى قاچانغىچە تارتىمىز؟!

## مۇخبىرنىڭ تەسىراتى

خېلى كۆپ خەۋەر ـ ماقالىلەرنى ھاياجان ئىلكىدە يازغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بىراق، بۇ ماقالىنى قاتتىق ئۆكۈنۈش ۋە ئەپسۇسلۇق ئىچىدە يېزىپ تاماملىدىم. دەرۋەقە، قاراپ تۇرۇپ قولدىن كېتىۋاتقان 700 مىليون يۈەن مېنىلا ئەمەس، خېلى كۆپ كىشىلىرىمىزنى ئەپسۇسلاندۇردۇ. بۇنى كىمدىن كۆرۈش كېرەك؟ مېنىڭچە، بۇنى دەل ئۆزىمىزدىن، يەنى ۋۇجۇدىمىزدىكى مەڭگۈ ساقايماس ئىللەتلەردىن كۆرۈشىمىز لازىم. چۈنكى، رىقابەت ۋە خىرىسقا تولغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ھورۇنلۇق بىلەن يۈرۈۋەرسەك تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر، پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇشىمىز تەبىئىي.

ھەر قېتىم مۇخبىرلىق بىلەن يېزا ـ قىشلاقلارغا چۈشكەندە يېزا، كەنت رەھبەرلىرىنىڭ ئىشىنچا ئەمگەكچىلەرنى يۈرۈشتۈرۈش مەسىلىسىنىڭ تولىمۇ قىيىن بولۇۋاتقانلىقى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە، ھەتتا ئۆز يېزىسىدا يول قۇرۇلۇشى، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا ئىشلەپ پۇل تېپىشقا تەشكىللىنىشمۇ ئۇنىمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋايساپ سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا بۇ ئەھۋال ئېغىر. شەھەر ئاھالىلىرى، ئىشسىزلار ۋە ئىش ئورنىدىن قالغانلارنىڭ كەسىپ تاللاش قارىشىنىڭ ناچارلى-

قى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىشسىز يۇرۇشكە رازىكى، ئىش ياراتـ
ماي، ئىش تاللىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

مەن ئابدۇشۇكۇر نىيازدىن: «پاختا تەرمەي كېتىپ قالغانلار يۇرتىغا بېرىپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا: «نېمە ئىش قىلاتتى، ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ قارتا ئوينىمامدۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى ئاچچىق كىنايە بىلەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى.

نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق پاسسىپ ھالەت شەكىللىنىدۇ؟ مەسىلىنىڭ تۈپ نېگىزىنى يەنىلا كىشىلىرىمىزنىڭ ساپاسىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن يىللىق كۈشىلىرىمىز خاتا دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش قارىشىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ.

دەرۋەقە، بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا رىقابەت ۋە خىرىس ناھايىتى كۈچلۈك. بىراق شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، ھازىر بىزدە پۇرسەت ۋە چىقىش يولىمۇ ئاز ئەمەس. گەپ بىزنىڭ ئاشۇ پۇرسەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى قانداق تۇتۇشىمىزدا. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز كاللىمىزدىكى ئەنئەنىۋى كونا قاراشلارنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ زامانغا لايىق ئاڭ، ئىدىيە بىلەن خىرىس، رىقابەتنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

بىزدە «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۈچۈڭنى خار قىل» دەيدىغان ماقال بار. دەۋر يېڭىلاندى، بىز ئۆزىمىزنى، كاللىمىزنى يېڭىلايلى، كەسىپ تاللاش قارىشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى، باشقىلار بىلەن ئاز – تولا رىقابەتلىشىشنى ئۆگىنەيلى، ئىككى بىلىكىمىزگە، كۈچىمىزگە تايىنىپ ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى، ياشاۋاتقان مۇھىتىمىزنى ئۆزگەرتەيلى. قىسقىسى، قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك ياشايلى!

2003 – يىل نويابىر، غۇلجا، ئۈرۈمچى

# خۇشاللىق، ئەپسۇسلۇق، ئۈمىد

## خۇشاللىق

ئىلىلىقلارنىڭ ناخشا ـ ساز، كۈلكە ـ چاقچاققا ۋە
سەيلە ـ ساياھەتكە ئامراقلىقى ئىلى تۇپرىقىغا قەدەم باسقان ھەر-
قانداق كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرماي قالمايدۇ. گەرچە ئىلى
ساياھەتچىلىكىنىڭ قاچان، قانداق باشلانغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق
بىرنەرسە دېيىش قىيىن بولسىمۇ، ئىلىلىقلارنىڭ ساياھەت قىز-
غىنلىقى ۋە ئىلىنىڭ ساياھەتچىلىك ئاساسىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن
مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئىلىنىڭ ساياھەتچىلىك ئاساسىنىڭ يۇ-
قىرىلىقى، بىر تەرەپتىن، ئىلىلىقلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە
ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرىلىقى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلىدا كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا
قىلىدىغان ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئىلى ۋادىسىنىڭ تەلكە تاغلىرى-
دىكى بىپايان گۈل ـ گىياھلار، ئىلى دەرياسىنىڭ شەپەق نۇرلى-
رى جىلۋە قىلغان كەچلىك مەنزىرىسى، نارات، تاڭبالى، كۆندى-
لەڭ، چاشى قاتارلىق جايلاردىكى كۆز يەتكۈسىز يايلاقلار ۋە ئاشۇ
يايلاقلاردا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەر، چاپچال، موڭ-
غۇلكۈرە ۋە كۈنەس ناھىيىلىرى تەۋەسىدىكى ئىپتىدائىي ئورمان-
لىقلار، قاش دەرياسى بويىدىكى نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە
تەبىئىي ئېرەنلىك، غۇلجا ناھىيىسىدىكى كىشىگە ئۇيغۇر مەشرەپ-
لىرى ئۆچۈنلا بەرپا قىلىنغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان مېۋىلىك باغ-
لار، قورغاستىكى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى، تۇغلۇق تۆمۈر-

خان مازىرى، كۆنەستىكى ئۇيسۇنلارنىڭ قەدىمىي قەبرىستانلىقى، سۇلتان ۋەيسخاننىڭ مازىرى، غۇلجا شەھىرىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى خاتىرە سارىيى ••• قاتارلىق سەيلە ـ ساياھەت نۇقتىلىرى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆز كارامىتى ۋە خاسىيىتى بىلەن مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تالاي قەلبلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، ئىلىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى يىراق ـ يىراقلارغىچە تارقاتتى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىلى ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىكى يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان تېز تەرەققىي قىلدى. دۆلەت ۋە شەخسلەرنىڭ بۇ ئالتۇن ۋادىنىڭ ساياھەتچىلىك ئۇل مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشىنى روناق تاپقۇزۇش مەقسىتىدە خەجلىگەن تۇتام ـ تۇتام پۇللىرىنىڭ بەدىلىگە ئىلى دەرياسى، قاش دەرياسى ۋە كۇنەس دەرياسى بويلىرىدا، تەلكە، ئابرال، ئۇيسۇن، دىلمۇك تاغلىرى باغرىدا، نارات، تاڭبالى، كۆندىلەڭ، چاشى، چوڭبۇغرا يايلاقلىرىدا ۋە غۇلجا قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەردە ياسىداق داچا ـ سارايلار، ساياھەت، كۆڭۈل ئېچىش نۇقتىلىرى ۋە رېستوران، يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قەد كۆتۈرۈپ، ئانا تەبىئەت بۇ خىسلەتلىك زېمىنغا ئاتا قىلغان تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىلەر ئارىسىدا يەنە بىر خىل زامانىۋى پۇراق پۇراپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە مەنزىرە پەيدا قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن خاتىرجەم، قانغۇچە بەھرىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ھەرقايسى ناھىيە ـ شەھەرلەر پايدىسى كۆپ بۇ «ئىس ـ تۈتەكسىز سانائەت» نى راۋاجلاندۇرۇشقا بەس ـ بەستە ئاتلىنىپ، بۇ جەھەتتە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن، ئىلى ۋادىسىدا ساياھەتچىلىككە مەبلەغ سېلىش ۋە ئۆز ئەۋزەللىكىنى چىقىش قىلغان ساياھەت نۇقتىلىرىنى قۇرۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى بىرقانچە يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان بەش ـ ئالتە يىل جەريانىدا

ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان غۇلجا شەھرىنىڭ خەنبىڭ،
باياندىي، توغراق، جىرغىلاڭ يېزىلىرى، چاپچال ناھىيىسىنىڭ
چوقۇر، كان، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئارائۆستەڭ، يېڭىتام، بايتو-
قاي، ئۇيغۇرئۇچئون، قاش يېزىلىرى، تاغ باغرىغا جايلاشقان
كۈنەس ناھىيىسىنىڭ نارات، ئارالتۆپە يېزىلىرى، موڭغۇلكۈرە،
توققۇزتارا، نىلقا، تېكەس ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم تاغلىق يېزى-
لىرى كوللېكتىپ مەبلەغ سېلىش، شەخسلەرگە كۆتۈرە بېرىش،
سىرتتىن مەبلەغ جەلپ قىلىش، يېزىلار بىلەن كارخانىلار شې-
رىكلىشىپ مەبلەغ سېلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقى-
لىق نۇرغۇن ساياھەت نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنى
جەلپ قىلدى. ئوبلاستلىق ساياھەت ئىدارىسى تەمىنلىگەن ماتې-
رىيالدا كۆرسىتىلىشىچە، ئىلى ئوبلاستى بويىچە ساياھەتچىلىككە
سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 2003 - يىلى 242 مىليون يۈەنگە
يەتكەن. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئوبلاست بويىچە نۇقتىلىق ساياھەت
ئورۇنلىرى 146 گە، ساياھەت كوپىراتىپلىرى 15 كە يېتىپ،
پۈتۈن ئوبلاستنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى خېلى پۇختا ئاساسقا
ئىگە بولغان. 2003 - يىلى ئوبلاست بويىچە ئومۇمىي كۈتۈۋې-
لىنغان ساياھەتچى 3 مىليون 588 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە،
ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ،
2002 - يىلىدىكىگە قارىغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 6.3% ۋە
44.3% ئاشقان. ئوبلاست بويىچە مەخسۇس ساياھەت كەسپى
بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 7600 ئادەمگە يېتىپ، ساياھەتچىلىك بۇ
ئوبلاستتىكى دېھقان، چارۋىچىلار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرى-
مىنى كۆپەيتىپ، بېيىش يولىغا مېڭىشىدىكى مۇھىم كەسىپلەر-
نىڭ بىرىگە ئايلانغان. ساياھەتچىلىك كىرىمىنىڭ پۈتكۈل ئوب-
لاستنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە ئى-
گىلىگەن نىسبىتىمۇ يىلدىن - يىلغا ئېشىپ، ساياھەتچىلىك
كەسپى ئوبلاستنىڭ تۆت چوڭ تۈۋرۈك كەسپىنىڭ بىرىگە ئايلان-

www.uyghurkitap.com

غان، 2003 ـ يىلى ئىلى ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىك كىرىمى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى-دىن قالسىلا 3 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، داڭلىق ساياھەتچىلىك ئوبلاس-تى قۇرۇش ۋە ساياھەتچىلىك ئارقىلىق رايون ئىقتىسادىنى يۈك-سەلدۈرۈشكە پۇختا ئاساس سېلىنغان.

## ئەپسۇسلۇق

يىلدىن ـ يىلغا ئېشىۋاتقان سان ـ ساناقلار بىزگە ئىلى ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن پەخىر-لىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. بىراق، سوغۇققانلىق بىلەن ئويـ-لىنىپ كۆرىدىغان بولساق، ئىلى ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر بىزنى ئەپسۇسلاندۇرماي قويمايدۇ. ئۇنداقتا، ئىلىنىڭ ساياھەت-چىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا قانداق ئەمەلىي مەسىلىلەر مەۋجۇت؟ ئىلى ئوبلاستى ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى لازىم؟ ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى قايسى؟

بىز ئىلى ئوبلاستىنىڭ بىر قىسىم ساياھەت نۇقتىلىرىدا تەكشۈرۈش ۋە ئەھۋال ئىگىلەش جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك مەسىلە-لەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

ساياھەتچىلىكتە ئېچىش بىلەن ئاسراشنىڭ مۇناسىۋىتى تازا ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمايۋېتىپتۇ. گەرچە ئىلى ئوبلاستى يېقىنـ-قى يىللاردىن بېرى ساياھەتچىلىكتە داڭلىق ئوبلاست بەرپا قىلىش مەقسىتىدە ئىلىنىڭ ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش قەدىمىنى تېزلە-تىش، داڭلىق مەنزىرە ساياھەت نۇقتىلىرىنى بەرپا قىلىش ۋە ساياھەتچىلىك ئۆل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش قاتار-لىق جەھەتلەردە بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسى-

مۇ، ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىك مەنزىرە رايون قۇرۇلۇشىدا يەنىلا
«كىچىك، تارقاق، قالايمىقان بولۇش»، «بىرتۇتاش ئېچىش،
بىرتۇتاش پىلانلاش، بىرتۇتاش باشقۇرۇش» كەمچىل بولۇش،
مەنزىرە رايونىغا مەبلەغ سېلىپ، مۇھىت ئاسراشقا مەبلەغ سال-
ماسلىق، مەبلەغ سالغۇچىلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆز-
لەپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئورمان ۋە
تەبىئىي ئوتلاقلارنى نابۇت قىلىش، سۇ مەنبەلىرىنى بۇلغاش،
مەنزىرە رايونلىرىنى قارىغۇلارچە ھۆددىگە بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ
قۇرۇلۇشى بىلەن كارى بولماسلىق، ساياھەت كەسپى بىلەن شۇ-
غۇللانغۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق بىر قاتار مەسى-
لىلەر مەۋجۇت ئىكەن. مۇخبىر بۇلتۇر 7 - ئايدا ئىلى دەرياسى
بويىدىكى سەيلىگاھلار ۋە چاپچال، كۈنەس، نىلقا تاغلىرىدىكى
مەنزىرە نۇقتىلىرىدا مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا، ئىلى ئوبلاس-
تىنىڭ ساياھەتچىلىكىدىكى تەرەققىيات مەنزىرىسىنى كۆرۈش بى-
لەن بىللە كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ چېلىقتۇر-
دى. بولۇپمۇ، مەنزىرە رايون قۇرۇش سەۋەبىدىن كېسىۋېتىلگەن
نەچچە يۈز يىللىق قارىغايلار، نابۇت قىلىۋېتىلگەن ياپيېشىل
ئوتلاقلار، زۇمرەتتەك ئېقىن سۇلار ئۈستىگە ياسالغان ئاممىۋى
ھاجەتخانىلار، كۆل ۋە دەريا سۇلىرىغا تۆكۈلۈۋاتقان يۇندى، گەن-
دىلەر، ئات چاپتۇرۇش ۋە ئاپتوموبىل ھەيدەش سەۋەبىدىن چەيلە-
نىپ نابۇت بولۇۋاتقان رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرى، كىيىم - كېچەك
ۋە چىنە - قاچا يۇيۇش سەۋەبىدىن بۇلغىنىپ كېتىۋاتقان مىنېرال
تاغ سۇلىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئازابلانماي تۇرالمايدۇ.
بۇ خىل ھادىسىلەر نارات، تاڭبالى، ئەۋلىياچوققا قاتارلىق مەنزى-
رە نۇقتىلىرى ۋە ئىلى دەرياسى بويلىرىدىكى سەيلىگاھلاردا خېلى-
لا ئېغىر بولۇپ، جىددىي بىر تەرەپ قىلىنمىسا بولمايدىغان دەر-
جىگە بېرىپ يەتكەن. كىشىنى ھەممىدىن بەك ئەپسۇسلاندۇرىدى-
غىنى، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا مەلۇم ناھىيىنىڭ مەنزىرە رايونىدىكى

بىر ساياھەت نۇقتىسىنىڭ خوجايىنى يۈرىكىنى قايتىدەك قىلىپ، چوڭ بىر پارچە تەبىئىي ئوتلاقنى بۇزۇپ، ئاپتوموبىل تەختىنىڭ ئورنى قۇرغان. گەرچە مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ بۇ ئىشقا قول تىقىشى بىلەن سېمونت قومۇرۇپ تاشلىنىپ، ئورنىغا قايتىدىن ئوت - چۆپ تېرىلغان بولسىمۇ، بۇ يايلاق ئەسلىي ھالىتىگە كېلەلمىگەن.

ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ياۋروپا ئەللىرىدە داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىنىڭ ھەممىسى چىرايلىق رىشاتكا بىلەن قورشاپ قويۇلىدىكەن، ساياھەتچىلەر بۇ مەنزىرىلەردىن رىشاتكا سىرتىدا تۇرۇپ خۇددى رامكىغا ئېلىنغان مەنزىرە سۈرەتلىرىدىن ھۇزۇرلانغاندەك بەھرە ئالىدىكەن. ساياھەتچىلەرنىڭ مەنزىرە نۇقتىلىرىدىكى ئوت - چۆپلەرنى دەسسەپ - چەيلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېغىناپ يېتىشى، ئوت يېقىپ قازان قاينىتىشى، مەنزىرە نۇقتىلىرىدا قونۇشى مەنئى قىلىنىدىكەن، بولۇپمۇ ئاپتوموبىللار مەنزىرە نۇقتىلىرىدىكى «چەكلەنگەن رايون» غا قەتئىي كىرگۈزۈلمەيدىكەن. مەملىكەت بويىچە تۆت A دەرىجىلىك ساياھەت نۇقتىسى بولغان قاناس كۆلى، مەملىكەت بويىچە ئۈچ A دەرىجىلىك ساياھەت ئورنى بولغان نارات يايلاقلىرىدىكى بۇزغۇنچىلىق ئەھۋاللىرى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ساياھەتچىلەر يېشىل مەخمەلدەك يايلاقلارنى خالىغانچە دەسسەپ - چەيلەۋاتىسىمۇ، گۈل - گىياھلارنى يۇلۇپ، ۋاقىتسىز خازان قىلىۋەتسىمۇ، «ھاي، توختا! تارت قولۇڭنى!» دەيدىغانلار چىقمايۋاتىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، جۈملىدىن، ئىلى ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىكى ئاساسلىقى ئېكولوگىيىلىك ساياھەتچىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر تەرەققىيات ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلى ئوبلاستى ساياھەتچىلىكىنى



www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئېچىش بىلەن قوغداشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ جەھەتتە بىر قاتار ئىجابىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپتۇ. باشقۇرۇش، نازارەتنى كۈچەيتىش، ساياھەت نۇقتىلىرىنى تەستىقلاش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇش، ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى تەربىيىلەش سالمىقىنى زورايتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشنىڭ مۇھىت ئاسراشقا كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشكە تىرىشىپتۇ. بۇ جەھەتتە ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي بولمايدۇ. بىراق، باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش، باشقۇرىدىغان تارماق كۆپ بولۇش، بىرتۇتاش پىلانلاش كەمچىل بولۇش، ساياھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئەھۋاللىرى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىمەيۋاتىدۇ. ئېچىش بىلەن قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلماسلىقنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، جۈملىدىن، ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا زادى قانچىلىك زىيان يەتكۈزۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا ھازىرچە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش قىيىن. لېكىن، بۇنىڭ ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىغا ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، شۇڭا ساياھەت بايلىقىنى ئېچىشتا بىرتۇتاش پىلان بولۇش، ئېھتىياتچان ۋە سوغۇققان بولۇش لازىم.

ئىلى ساياھەتچىلىكىدىكى يەنە بىر ئەپسۇسلۇق ئىش، ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ كۆلىمى كىچىك، دەرىجىسى تۆۋەن، كۈتۈۋېلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش مەسىلىسىدۇر. نۆۋەتتە، ئوبلاست بويىچە ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى 146 گە يەتكەن بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

مۇتلەق كۆپ قىسىم ساياھەت نۇقتىسىنىڭ كۆلىمى كىچىك، دەرىجىسى تۆۋەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت A دەرىجىلىك ساياھەت نۇقتىسىدىن بىرى، ئۈچ A دەرىجىلىك ساياھەت نۇقتىسىدىن بىرى، ئىككى A دەرىجىلىك ساياھەت نۇقتىسىدىن 26 سى بار، قالغانلىرى تارقاق ھالەتتە. ئوبلاست بويىچە ساياھەتچىلەر ئۈچۈن مۇلازىملىق قىلىدىغان 68 مېھمانساراي ئىچىدە تۆت يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايدىن بىرى، ئۈچ يۇلتۇزلۇقتىن ئالتىسى، ئىككى يۇلتۇزلۇقتىن 18 ى بار. بۇ خىل ئەھۋال ئىلى ساياھەتچىلىكىدە داڭلىق ماركا بەرپا قىلىش ۋە ئىلى ساياھەتچىلىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسىز. مۇخبىر چاپچال ناھىيىسىنىڭ ئەۋلىياچوققا ساياھەت رايونى ۋە كۈنەس ناھىيە نارات يېزىسىنىڭ قىزىلئاچا ساياھەت رايونىدا نۇرغۇن ساياھەت نۇقتىسىنىڭ بىر ياكى ئىككى كىگىز ئۆيدىنلا تەركىب تاپقانلىقىنى، بۇلارنىڭ كۈتۈۋېلىش ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاز ـ تولا مەبلەغ سېلىپ، مۇھىت ئاسراشقا بىر تىيىنمۇ مەبلەغ سالماي تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئىلى ئوبلاستىدىكى ساياھەتچىلىك كەسپىنى باشقۇرغۇچى تارماقلار ساياھەتچىلىك كەسپىگە مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنى يۇختا ئىشلەپ، شىنجاڭ «دېلۇڭ» گۇرۇھى، شەندۇڭ «گېنېرال» گۇرۇھى، «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» شىركىتى قاتارلىق داڭلىق كارخانىلارنى ئىلىنىڭ ساياھەتچىلىكىگە مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلغان، «يېڭىدىن ئېچىلىدىغان ساياھەت نۇقتىلىرىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 5 مىليون يۈەندىن كەم بولماسلىقى، مۇھىت ئاسراش ئەسلىھەلىرى چوقۇم تولۇق، ئۆلچەملىك بولۇشى لازىم» دېگەنگە ئوخشاش قاتتىق شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئوبلاست بويىچە ساياھەت نۇقتىلىرىنى ئېچىۋاتقانلارنىڭ 80% تىن كۆپرەكى خۇسۇسىيلار بولغاچقا، يەنىلا تۇرلۇك ئامال ـ چارىلەر بىلەن «يوچۇق» ئىزدەپ، ئۆزى

بىلگەنچە ئىش كۆرمەكتە. ئالايلى، مەلۇم ناھىيىنىڭ ئىلى دەرياسى بويىغا جايلاشقان بىر يېزىسى ئۆزىنىڭ دەريا بويىغا جايلاشقان ساياھەت ئورنىنى 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش شەرتى بىلەن 50 يىللىق ھۆددىگە بەرگەن. لېكىن، ھۆددىگە ئالغۇچى بۇ جايغا 1 مىليون يۈەنمۇ مەبلەغ سالماي تۇرۇپلا تىجارەت باشلاپ، ئۆز يانچۇقىنى چىڭداۋەرگەن، ئۇنى توختامنى ئىجرا قىلىشقا دالالەت قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىغان. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئەھۋاللار ئىلى ساياھەتچىلىكىنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈشكە پۇتلىكاشاڭ بولماقتا. بولۇپمۇ كىچىك، تارماق ساياھەت نۇقتىلىرى، ئاشخانا، رېستورانلارنىڭ مۇلازىملىق سۈپىتىنىڭ ناچارلىقى ۋە مۇھىت ئاسراش ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. شۇڭا، بىز ئىلى ساياھەتچىلىكىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات مۇساپىسىدە كۆلەمگە، داڭلىق ماركىغا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «ئاز بولۇش، ساز بولۇش» پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈلۈشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

## ئۈمىد

بىز ئىلى ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىلى ساياھەتچىلىكىنىڭ، بىرىنچىدىن، تاغ - دەريا ساياھەتچىلىكى، ئىككىنچىدىن، ئاسار-ئەتىقە، مەدەنىي يادىكارلىقلار ساياھەتچىلىكى، ئۈچىنچىدىن، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر ساياھەتچىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ لىنىيىسىنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. دەرۋەقە، ئىلى — ساياھەتچىلىكتە پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە خىسلەتلىك ماكان. ئىلى ساياھەتچىلىكىنىڭ ئېچىشقا تېگىشلىك بايلىقلىرى يەنە نۇرغۇن. ئىگىلىنىشىچە، ھازىرغىچە

ئىلى ساياھەت بايلىقلىرىنىڭ ئاران 60% ى ئېچىلغان بولۇپ، يەنە 40% بايلىق ئېچىشنى كۈتۈپ يېتىۋېتىپتۇ.

ئۇنداقتا، ئىلى ساياھەتچىلىكىدىكى بوشلۇق قايسىلار؟ تەشـۋىقات سالمىقىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، چېگرا ساياھەتچىلىكى، قىشلىق ساياھەتچىلىك ۋە سۇ ئۈستى ساياھەتچىلىكىدىن ئىبارەت تۆت نۇقتىنى ئىلى ساياھەتچىلىكىنىڭ تۆت چوڭ بوشلۇقى دېيىشكە بولىدۇ.

تەشۋىقات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە ئىلىلىقلار «ساياھەتچىلىكتە داڭلىق ئوبلاست قۇرۇش» نىشانى ۋە «ئىلىغا كەلمىسىڭىز، شىنجاڭنىڭ گۈزەللىكىنى بىلمەيسىز» دېگەن شوئار ئاستىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئىلىنى ۋە ئىلىنىڭ گۈزەل تاغ ــ دەريا، ئاسارئەتىقە، مەنزىرە نۇقتىلىرىنى مەملىكەت ئىچى ــ سىرتىغا تونۇتۇشقا تىرىشتى. «ئىلىدا ياز» خەلقئارالىق ساياھەت بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش، تەشۋىقات ئاپتوموبىلىنى سەپەرگە ئاتلاندۇرۇش، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەردىن ئاخبارات مۇخبىرلىرىنى تەكلىپ قىلىش، باشقا جايلارغا تەشۋىقات ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ئىلىنى تەشۋىق قىلىش، VCD پلاستىنكىسى ئىشلەپ تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىلىنىڭ مەملىكەت ئىچى ــ سىرتىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشكە تىرىشتى. بىراق، «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» دېگەندەك، ئىلىلىقلارنىڭ ئۆز ــ ئۆزىنى تەشۋىق قىلىشقا ئاجراتقان مەبلىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا ھەم ئۆزلىرىنىڭ ساياھەتچىلىك نۇقتىلىرىنى قۇرۇشقا سالغان مەبلىغىگە سېلىشتۇرغاندا بەكلا ئاز. ئالايلى، بۇلتۇر ئوبلاست بويىچە ساياھەتچىلىك تەشۋىقاتىغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ ئاران 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇ ئۈرۈمچى شەھىرى سالغان 20 مىليون يۈەندىن 100 ھەسسە ئاز. بولۇپمۇ، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى داڭدار ساياھەت ئورۇن-



كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

لىرى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىق ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق كۈچلۈك «ئېلان جېڭى» قوز-غاپ، مەملىكەت مىقياسىدا «هاۋادىن بومباردىمان قىلىش» ئىستراتېگىيىسىنى قوللىنىپ، ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىد-لىۋاتقان بولغۇنكىدەك رىقابەت دەۋرىدە 200 مىڭ يۈەن پۇلنى كۆتۈرۈپ نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئات-لاش مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىلى ئوبلاس-تىنىڭ ئۆتكەن يىلى ساياھەتچىلىك تەشۋىقاتىغا خەجلىگەن پۇلى ئوبلاست بويىچە ساياھەت نۇقتىلىرى، مېھمانسارايى قۇرۇش ۋە ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا خەجلىگەن 242 مىليون يۈەندىن مىڭ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاز. شۇنىسى ئېنىقكى، پەقەت مۇقىم مۇلۇككە كۈچەپ مەبلەغ سېلىپ، ئوبراز قۇرۇلۇشى بولغان «شە-كىلسىز مۇلۈك»كە مەبلەغ سېلىشقا سەل قارىغاندا، ئەڭ كۆپ بولغاندا 50% لا ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ. ئىلىنىڭ ساياھەتچىلىك تەشۋىقاتىدىكى يەنە بىر تەخىرسىزلىك ئاملى شۇكى، تەشۋىقاتقا پەقەت ھۆكۈمەتلا پۇل ئاجرىتىۋاتىدۇ، ساياھەت نۇقتىلىرىنى ئاچ-قان شۇنچە كۆپ پۇقراۋى كارخانىلار تەييارغا ھەييار بولۇپ «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئىلىدا چېگرا ئېغىزلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەممىگە ئايان. ئۆت-كەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئىلى ئوبلاستىنىڭ چېگرا ساياھەتچىلىك ئىشلىرى ئاجايىپ جۇش ئۇرۇپ راۋاج-لىنىپ، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى خەلقلەر بىر كۈنلۈك، ئۈچ كۈنلۈك، بىر ھەپتىلىك ۋە 15 كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن غۇلجا، قورغاس قاتارلىق جايلارغا ساياھەتكە كېلىپ مال سېتىۋالغان. ئىلىلىقلار-مۇ ئاشۇ دۆلەتلەرگە بېرىپ، سەيلە ـ ساياھەت قىلغان ۋە مال سېتىۋالغان. ئەينى چاغلاردا قورغاس چېگرىسى ئارقىلىق ساياھەتكە كەلگۈچىلەر يىلىغا نەچچە يۈز مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن

ئېشىپ كەتكەن. بىراق، 1998 ـ يىلىدىن كېيىن، ئەلنىڭ چېگرا ساياھەتچىلىك ئىشلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاس-تا ـ ئاستا سۇسلىشىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە غۇلجا شەھە-رىنىڭ ئاۋات رەستە ـ بازارلىرىدا ۋە قورغاس چېگرا ئېغىزىدىكى مەخسۇس ساياھەت قىلىپ مال سېتىۋالغۇچىلار ئۈچۈن ئېچىلغان بازارلىرىدا قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ساياھەتچى-لەرنى بەكلا ئاز ئۇچراتقىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچى ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ غۇلجا ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە ساياھەتكە چىقىشنى تەلەپ قىلىپ بەرگەن تېلې-فون ۋە ئەۋەتكەن خەت، فاكسلىرى ئىلى ئوبلاستلىق ساياھەت ئىدارىسىدىكى خادىملارنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرىدىغان ھەم ئۇلارنى تەڭلىكتە قويىدىغان ئىش بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇلار ئاشۇ ساياھەتچىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش، شۇنداقلا ئىلى چېگرا ساياھەتچىلىكىنىڭ يېڭى بىر باھارىنى كۈتۈۋېلىش يولىدا 2002 ـ يىلىدىن بۇيان، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ، نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ، ئەينى چاغدا ئېچىلىپ ھازىر تاقىلىپ قالغان يوللارنى قايتا ئېچىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشسا، يەنە بىر تە-رەپتىن قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، قوشنا ئەللەر بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە كۆپ قېتىم كېڭەشتى. بىراق، ئۈنۈمى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئىلىلىقلار چېگرا ساياھەتچىلىكىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئارزۇسىد-دىن زادىلا ۋاز كەچمىدى. ئىلى ئوبلاستلىق ساياھەت ئىدارىسى 2004 ـ يىللىق خىزمەت تەسەۋۋۇرىدا «چېگرا ساياھەتچىلىكىدە چوقۇم يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش» نى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدى. ھەم پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق سىياسەتلەردىن تولۇق پايدىلى-نىپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللارنى قوللىنىپ، چېگرا ساياھەتچى-

لىكى تۈرىنى قايتا ئېچىپ، ئىلى ساياھەتچىلىكىنىڭ ئاپتونوم
رايونىمىز ساياھەتچىلىكىدە «ئەڭ ئاخىرقى بېكەت» بولۇپ قې-
لىشتەك قاتمال ھالەتنى قەتئىي ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدى.

قىشلىق ساياھەتچىلىك ئىلى ساياھەتچىلىكىدىكى يەنە بىر
چوڭ بوشلۇق. گەرچە ئىلى ئوبلاستى قىشلىق ساياھەتچىلىكنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشتا شەرت - شارائىت، ھاۋا كىلىماتى، يەر
شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا
جايلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولمىسىمۇ، ئىلى ئوبلاستى-
نىڭ بۇ جەھەتتە باسقان قەدىمى ئاستا بولدى. بولۇپمۇ، ئۈرۈمچى
شەھىرىگە سېلىشتۇرغاندا بۇ جەھەتتىكى پەرق بەكلا چوڭ. ئىلى-
نىڭ يازلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى، جۈملىدىن،
ئىلى دەرياسى، نارات، تاڭبالى، چاشى، كۆندىلەڭ، ئاقتاش،
ئەۋلىيا چوققا قاتارلىق يايلاقلىرىنى قىشتا قېلىن قار - مۇز
قاپلاپ كېتىدۇ، بۇ يەرلەر چاڭغا مەيدانلىرى ۋە مۇز مەيدانلىرىنى
قۇرۇشقا تولىمۇ باب كېلىدۇ. يېقىنقى ئىككى يىلدا ئىلىلىقلار
قىشلىق ساياھەتچىلىككە ئاز - تولا دىققەت - ئېتىبارىنى ئاغدۇ-
رۇپ، بىرقانچە ئورۇندا چاڭغا مەيدانى ۋە مۇز مەيدانى قۇرۇپ،
ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، كۆلەم بەكلا
كىچىك، يەنە تېخى نۇرغۇن ئېسىل قىشلىق ساياھەت ئورۇنلىرى
ئېچىشنى، مەبلەغ سېلىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر قىشلىق
ساياھەتچىلىك تېزدىن گۈللەنسە، بۇ مۇقەررەر ھالدا ئىلى سايا-
ھەتچىلىك ئىقتىسادىنىڭ يېڭى بىر ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالى-
دۇ، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش
زۆرۈركى، قىشلىق ساياھەتچىلىكتە بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە
ئەھمىيەت بېرىپ، بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى
ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. بۇ يىل 1 - ئايدا ئىلى دەرياسى
بويىدىكى مۇز مەيدانىدا تويۇقسىز مۇز يېرىلىپ كېتىپ، ئۈچ
ئۆسمۈرنىڭ مۇز ئاستىغا چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئىلىلىقلارنى

بۇ جەھەتتە چوڭ بىر ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولدى.

قاناس كۆلى، ئىلى دەرياسى، قاش دەرياسى، تېكەس دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى قاتارلىقلار ئىلىنىڭ سۇ ئۈستى ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى چوڭ «كوزىر» ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئىلىنىڭ سۇ ئۈستى ساياھەتچىلىك بايلىقىغا كۆز تىككۈچىلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمەلىي بېسىلغان قەدەملەرنى تازا ئۇتۇقلۇق دېگىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەقىقەتەن كۆپ. سۇ ئۈستى ساياھەتچىلىكى مەبلەغ بىرقەدەر كۆپ كېتىدىغان، ئەتراپلىق، پۇختا پىلانلاشقا توغرا كېلىدىغان تۈر. مۇبادا مەبلەغ جەلپ قىلىش، تۈرلەرنى پىلانلاش قاتارلىق ئىشلار ئوبدان ئىشلەنسە، ئىلى ئوبلاستىنىڭ سۇ ئۈستى ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا نى - نى ئىشلارنى قىلغىلى ۋە بۇ ئارقىلىق ئىلى ساياھەتچىلىكىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم بۇ يىلنىڭ بېشىدا ئاچقان خىزمەت يىغىنىدا «ساياھەتچىلىكتە داغلىق ئوبلاست قۇرۇش» تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قاتار كونكرېت تەدبىرلەرنى بېكىتتى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ ئوبلاست ئەنە شۇ تەدبىرلەر بويىچە ئىش كۆرۈپ، مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئېچىش بىلەن قوغداشنى ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەشۋىقاتقا يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەيدىغانلا بولسا، ئىلى ساياھەتچىلىكىنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

2004 - يىل مارت، كۈنەس نارات

# ستۇدېنتلار، كەسىپ تاللاش قارىشىڭلار قاچان ئۆزگىرىدۇ؟

«2004 ـ يىللىق ئۈرۈمچى رايونىدىكى پۇقراۋى كارخانىلارغا خادىم قوبۇل قىلىش يەرمەنكىسى» 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ ۋە 24 ـ كۈنلىرى «گۇاڭخۇي» سودا بازىرىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىنى تەشكىللىگۈچى تارماقلاردىكى خادىملارنىڭ نەچچە ئايلىق جاپالىق ئەجرى ۋە ئەتراپلىق، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئۈرۈمچى رايونىدىكى 167 چوڭ ـ كىچىك پۇقراۋى كارخانا يەرمەنكە زالىدا يايما ئورنى تەسىس قىلىپ، ئىش ئىزدەپ كەلگۈچىلەرگە 60 خىل كەسىپ تۈرى بويىچە 3800 دىن ئارتۇق ئىش ئورنىنى تونۇشتۇردى.

مۇخبىر ئىككى كۈنلۈك يەرمەنكىدە مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا، قۇرۇلغىنىغا تېخى ئانچە ئۇزاق بولمىغان، ئادەتتىكى چاغلاردا ئادەم ئانچە كۆپ بولمايدىغان «گۇاڭخۇي» سودا بازىرىنىڭ بۇ پائالىيەت سەۋەبىدىن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈپ، ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانلىقىنى كۆردى. بولۇپمۇ 167 پۇقراۋى كارخانا ستۇدېنتلار ئۈچۈن ھازىرلىغان كەسىپلەرنىڭ كۆپ خىللىقى ھاجەتمەنلەرنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. بۇ ئىش ئورۇنلىرى مالىيە بوغالتىرلىقى، كارخانا باشقۇرۇش، تېببىي مۇلازىملىق، سودا مۇلازىملىقى، تەرجىمانلىق، كاتىباتلىق، ئائىلە مۇلازىملىقى، شوپۇرلۇق، ھۆسن تۈزەش مۇلازىملىقى قاتارلىق كەسىپلەرگە چېتىشلىق ئىدى. بىراق، بۇ يەرمەنكىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئىنچىكە كۆزەتكەندە، ئادەم قوبۇل قىلغۇچى پۇقراۋى كارخانىلار-

نىڭ بەك قىزغىن، ئىش ئورنى ئىزدەپ كەلگەن ستۇدېنتلارنىڭ بەكلا سۇس پوزىتسىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ئىككى كۈنلۈك يەرمەنكە مەزگىلىدە، بۇ يەرگە كەلگەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەت ستۇدېنتلىرىنىڭ 30 غىمۇ يەتمىگەنلىكى مۇخبىرنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى ھەم ئەپسۇسلاندۇردى. مۇخبىر يەرمەنكە زالىدا ئىش ئىزدەپ يۈرگەن بىر قىسىم ستۇدېنتلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلار پۇقراۋى كارخانىلاردا ئىشلەشكە قارىتا ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماشىنىسازلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ماشىنىسازلىق كەسپىنى بۇ يىل پۈتكۈزىدىغان غېنى ياسىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «مەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەش يوللىرىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەشنى ئويلىشىۋاتىمەن، ئۆزۈمنىڭ خۇسۇسىي كارخانىلاردا رولىمنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىمغا تولۇق ئىشىنىمەن. شۇڭا بىرەر شىركەتتىن ئىش ئورنى تېپىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كەلدىم. ئەپسۇسلىنارلىقى، ساۋاقداشلىرىم ئۆزىنى بىر سىناپ بېقىشقا تازا قىزىقمىدى».

قولىدا ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپنىڭ دىپلومى بار شۆي چۈنخۇا مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئوقۇش پۈتكۈزگىلى بەش يىل بولغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ئورنى تاپالمىدىم، ئەسلىدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەشنى ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمايدىغاندەك قىلىدۇ. بىكار يۈرگەندىن بىرەر ئىش چىقىپ قالسا قىلاي دېگەن ئۈمىدتە بۇ يەرگە كەلگەنىدىم، ئەپسۇسكى، بۇ يەردىمۇ ئىش تېپىشىم تەس ئوخشايدۇ، بىز خۇسۇسىي كارخانىلارنى ياراتمىغان بىلەن، ئۇلارنىڭ ئالماقچى بولغان خادىملارغا قويىدىغان تەلىپى

يۇقىرى ئىكەن».

ئۇنداقتا، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى ستۇدېنتلارنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسىگە قانداق قارايدۇ؟ ئۇلار مۇشۇنداق يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى قارمىقىدىكى «گۇاڭخۇي» ئۆي - مۇلۇك تەرەققىيات شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لياڭ جىجيەن مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە، پۇقراۋى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كۈنسايىن كۈچىيىۋاتىدۇ، بۇ رىقابەت تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىختىساس ئىگىلىرى رىقابىتىدىن ئىبارەت، شۇڭا مۇشۇنداق يەرمەنكىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزگە (يېڭى قان)، تولۇقلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. بىز خادىم تاللاشتا ئەتراپلىق، مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە، ئۆز كەسپىگە ئىشتىياق باغلىغان، دەرھال ئىشقا يارايدىغان خادىملارغا موھتاج، تىرىشمايدىغان، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلارنى دىپلومىنىڭ قانچە چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شىركەتنىڭ بوسۇغىسىدىن ھەرگىز ئاتلاتمايمىز.»

مۇخبىر پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئىختىساس ئىگىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ۋە ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ ئىگىلەپ بېقىش مەقسىتىدە، يەرمەنكە زالىدىن چىقىپ ئاپتونوم رايونىمىزدا بەلگىلىك كۆلەم ۋە تەسىرگە ئىگە بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرى قۇرغان خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتى ئىختىساسلىق خادىملارنى قوبۇل قىلىش بۆلۈمىنىڭ خادىمى ئەركىننىڭ مۇخبىرغا ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ شىركەتتە ھازىر 1000 دىن ئارتۇق خادىم بولۇپ، بۇنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 70% تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدىكەن. بۇ شىركەت ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنىنى تېخىمۇ

كۆچەيتىش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش مەقسىتىدە، بېيقىندا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئون نەچچە ئالىي مەكتەپكە خادىم قوبۇل قىلىشقا ئادەم ئەۋەتكەن. گەرچە ئەينى ۋاقىتتا تىزىمغا ئالدۇرغان ستۇدېنت 800 دىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن شىركەتكە كېلىپ يۈزتۇرانە سىناشقا قاتناشقانلار 300 گىمۇ يەتمىگەن، شىركەت خادىم قوبۇل قىلىشتا ئۇنىۋېرسال ساپا ۋە تىل ئۆتكىلى جەھەتتە يۇقىرى تەلەپ قويغانلىقتىن، شىركەتنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلەر ساناقلىقلا بولغان. شىركەتكە كېلىپ ئىشلىگەن بىر قىسىم ستۇدېنتلار بىرنەچچە كۈن چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئۈن ـ تىنسىزلا كېتىپ قالغان، يەنە بەزىلىرى تېخى بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتماي تۇرۇپ، ئىش ھەققى، پاراۋانلىق، ئىمتىياز دېگەندەكلەردىن سۆز ئېچىپ، شىركەت رەھبەرلىرىنى بەكلا ئەپسۇسلاندۇرۇپ قويغان. شىنجاڭ «بۇغدا» دوختۇرخانىسى ئىختىساس ئىگىلىرىنى قوبۇل قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئەكرەم مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «دوختۇرخانىمىزدىكى 248 تېببىي خادىم ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچى ئارىسىدا ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىگىلەر 205 بولۇپ، بۇ ئومۇمىي ساننىڭ 83% ىنى ئىگىلەيدۇ. بىز دوختۇرخانا قۇرۇلغاندىن تارتىپلا ئىختىساس ئىگىلىرى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرى ئارقىلىق ‹بۇغدا› نى روناق تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدۇق، بىز ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ‹بۇغدا› نى تاللىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، شۇنداقلا ‹بۇغدا› نىڭ بوسۇغۇسىدىن ئاتلىماقچى بولغان ھەرقانداق بىر خادىمغا قاتتىق شەرت قويىمىز».

دېمەك، پۇقراۋى كارخانىلار بىلەن ستۇدېنتلار ئوتتۇرىسىدىكى تاللاشنىڭ قوش يۆنىلىشلىك ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق، يەنى، ھازىر يالغۇز ستۇدېنتلارنىڭ پۇقراۋى كارخانىلارنى تاللى-

www.uyghurkitap.com

شى بىلەنلا مەسىلە ھەل بولدى دېگىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ «بوسۇغا» سى بارغانسېرى «ئېگىزلەپ» كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ستۇدېنتلىرىمىز «مەن نەدە ئىشلەيمەن» دېگەننى ئويلىغاندىن كۆرە، «مەن زادى نېمە ئىشقا يارايمەن» دېگەننى كۆپرەك ئويلىشى كېرەكمۇ، قانداق؟

مۇخبىر 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بۇ قېتىمقى يەرمەنكىنىڭ قانداق ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلىش مەقسىتىدە ئۈ- رۈمچى شەھەرلىك ئىختىساس ئىگىلىرى بازىرىنىڭ مەسئۇلى ما لىپىڭنى ئىزدىگەندە ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ئۈرۈمچىدە بۇ يىل مۇشۇنداق يەرمەنكە ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلدى، ھەر ئىككى قېتىمدا نۇرغۇن پۇقراۋى كارخانا قاتناشتى ھەم ئىش ئىزدىگۈچى- لەرگە نۇرغۇن ئىش ئورنى تونۇشتۇردى. بىراق، كارخانىلار تەشەببۇسكار، ستۇدېنتلار پاسسىپ بولۇش ئەھۋالى يەرمەنكىدىكى گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. دەرۋەقە، بۇ ستۇدېنتلىرىمىز- نىڭ كەسىپ تاللاش ئېڭىدىكى قالاقلىق، قاتماللىق بىلەن مۇنا- سىۋەتلىك، نۇرغۇن ستۇدېنتلىرىمىز پۇقراۋى كارخانىلاردا ئىش- لەشنى خالىمايۋاتىدۇ، ھەتتا خۇسۇسىي كارخانىلارنى ياراتماي كەمسىتىۋاتىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، نۇرغۇن ستۇدېنت يەرمەنكە زالىنى بىرەر قۇر ئايلىنىپ قويۇپلا كېتىپ قېلىۋاتىدۇ، بەزىلە- رى ھەتتا پلاكاتقا يېزىلغان ‹پۇقراۋى كارخانا› دېگەن خەتنى كۆرۈپلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ھەممەيلەن- نى چوڭقۇر ئويغا سالماي قويمايدۇ. بۇ قېتىمقى يەرمەنكىدە پۇقراۋى كارخانىلار تونۇشتۇرغان ئىش ئورنى 3800 بولسىمۇ، ئىككى كۈندە 1546 كىشى تىزىمغا ئالدۇردى، بۇ ئىش ئورنىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ، كارخانىلار بىلەن رەسمىي ئەمگەك توختامى ئىمزالىغانلار تېخىمۇ ئاز بولۇپ، ئاران 460 كىشى. بۇنداق ئەھۋالدا، يەرمەنكىنى شۇنچە كۈچەپ تەشكىللىگۈچى تارماقلارنىڭ ھاردۇقى قانداقمۇ چىقسۇن؟»

دەرۋەقە، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنى، ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نۆۋەتتە پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ ئىش، بۇ مەسىلىنى ئوب-دان ھەل قىلىشتا يالغۇز ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭدىكى ھالقىلىق مەسىلە ئوقۇش پۈتكۈزگەن ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار-نىڭ ئىدىيىسىنى، ئېڭىنى ئۆزگەرتىشتە. ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ كەسىپ تاللاش قارىشى قاچان ئۆزگىرىدۇ؟!

2004 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى

# بىر دەستە گۈل ۋە مەسئۇلىيەت

2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، يەنى تۈنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخباراتچىلار بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنى مەن خىزمەتدىشىم مۇھەممەدئىمىن ئوبۇل بىلەن بۇگۇر ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىلھام ياقۇپ، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەنۋەر ئانايەت قاتارلىقلار بىلەن بۇگۇر ناھىيە بازىرىدىن بۇ ناھىيىنىڭ ئەڭ چەت، نامرات يېزىسى سوخۇغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز ئولتۇرغان دالا ئاپتوموبىلى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىگە كىرگەنسېرى يول ناچارلىشىشقا باشلىدى. شۇڭا 80 كىلومېتىرغا يېقىن مۇساپىنى ئۈچ سائەتتە بېسىپ، چۈشكە يېقىن سوخۇ يېزىسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇرغان سوخۇ چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەد ئابلا بىلەن بىرلىكتە چۈشلۈك تاماق يەپ، مۇھەممەد ئابلانىڭ «بېيجىڭ» ماركىلىق پىكاپىغا ئالتە ئادەم قىستىلىپ ئولتۇرۇپ، سوخۇ يېزىسىدىن سوخۇ چارۋىچىلىق فېرمىسىغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

26 كىلومېتىر يولنى پىكاپ بىلەن ئىككى سائەتتە ئاران باستۇق. يول ھەقىقەتەن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە ناچار بولۇپ، توپا - چاڭ دەستىدىن نەپەس ئېلىشمۇ، كۆزنى ئېچىشمۇ مۇشكۈل ئىدى. پىكاپ ھېلىدىن - ھېلىغا قۇم ئۇستىدە «يېتىۋېلىپ» بىزنى ئىتتىرىشكە «زورلايتتى»، ماتور كۈچىگەندە چاق ئۇچۇرغان قۇم - توپا ئۇستۋېشىمىزنى كۆرگۈسىز قىلىۋەتتى. مۇشۇنداق مۇشەققەتلەر بىلەن سوخۇ چارۋىچىلىق فېرمىسىغا يەتتۇق. پىكاپتىن چۈشۈپ ھەممەيلەن ۋايساشقا باشلىدۇق. لې-

www.uyghurkitap.com

كىن، مۇھەممەد ئابلا گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، «بىز مۇشۇن-داق يولغا كۆنۈپ قاپتۇق، ئاسفالت يوللاردا ماڭساق بىر نەرسە كەمدەك بولۇپ قالىمىز» دەپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

سوخۇ چارۋىچىلىق فېرمىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچ-كىرىسىگە، تارىم دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان لاي دەريا-سىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە 30 نەچچە ئائىلە، 80 نەچچە نوپۇس بار ئىكەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقى يول ئىكەن. يول ناچار، قاتناش قولايسىز بولغانلىقتىن، بۇ يەردىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىر ئۆمۈر بۇگۇر ناھىيە بازىرى-غىمۇ بېرىپ باقمىغان ئىكەن.

ئەتىسى، يەنى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەھەردە ئورنىمىز-دىن تۇرساق، مەھەللىدىكى قېرى ـ ياشنىڭ ھەممىسى كەتمەن ـ گۈرجەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ قۇملۇق تەرەپكە ئاققىلى تۇرۇپتۇ. بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ فېرمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياسىن قادىردىن ئۇقتۇقكى، بۇ ئادەملەر فېرما رەھبەرلىرىنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن، يېزا بىلەن فېرما ئارىلىقىدىكى 26 كىلومېتىر يولنى ياساشقا ئاتلىنىپتۇ. بىز ھاپىلا ـ شاپىلا ناشتا قىلىپ، ئادەملەر توپىغا قېتىلىپ، ئىش ئورنىغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ، دۆلەتتىن بىر تىيىنمۇ مەبلەغ سېلىنمىغان، ھېچقانداق زاما-نىۋى ئۈسكۈنە بولمىغان، پەقەت ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغنىڭ كۈچى-گىلا تايىنىپ قىلىدىغان قۇرۇلۇش ئىكەن. چۈشكە يېقىن قۇرۇ-لۇشچىلار ئېگىز قۇم بارخاننىڭ ئۈستىگە يىغىلدى، بىزمۇ ئۇلار-نىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالدۇق. مۇھەممەد ئابلا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ سۆزگە تۇتۇندى، ئۇ: «قېرىنداشلار، بۇگۈن تۇنجى قېتىملىق مۇخبىرلار بايرىمى، مۇشۇنداق خاسىيەتلىك كۈندە، شىنجاڭ گېزىتى، نىڭ ئىككى مۇخبىرى بىزنىڭ بۇ يىراق چارۋىچىلىق فېرمىمىزغا بىزنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن كەلدى، مەن ئاۋۋال ھەممەيلەنگە ۋاكالىتەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن ھەم

كۆپچىلىكنى ئۇلارنىڭ جاپاغا چىداش روھىدىن ئۆگىنىشكە چاقى-
رىمەن» دېدى. ئارقىدىنلا ئىككى ياش ئوقۇتقۇچى قىز بىزگە بىر
دەستىدىن سۇلياۋ گۈل تەقدىم قىلىپ بايرىمىمىزنى تەبرىكلىدى.
«بۇ قانداق بولۇپ كەتكىنى؟ ئەسلىدە مۇخبىر بولۇش سۈپى-
تىمىز بىلەن بىز ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق جاپا - مۇشەققەتكە چىداش
روھى ۋە ناچار مۇھىت بىلەن قەيسەرانە ئېلىشىپ خىزمەت قىلىش
ۋە ياشاش روھىدىن ئۆگىنىشىمىز، ئۇلارنى تەشۋىق قىلىشىمىز
ۋە ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇشىمىز كېرەك ئىدىغۇ؟» ئۇلار بىزنى
سۆزگە تەكلىپ قىلغاندا ھاياجاندىن تىلىمىز گەپكە كەلمەي قال-
دى.

سوخۇ يېزىسىدا چۈشلۈك تاماق يەۋاتقاندا سوخۇلۇقلار بىز-
نىڭ بايرىمىمىزنى تەبرىكلەپ ئورۇنلاشتۇرغان «سەھرا ئولتۇرۇ-
شى» دا ئاۋازى ئاجايىپ يېقىملىق دۇتارچى قىز «چۈجە بۇلبۇل»
(ئىسمى پاتىگۈل بولۇپ يەرلىكلەر شۇنداق ئاتايدىكەن) نىڭ مۇڭ-
لۇق كۈيلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندا، سوخۇ بىلەن بۈگۈر ئارىلىقىدىكى
كاتاڭلىق يوللاردا سىلكىنىپ كېتىۋاتقاندا قەلبىمدىكى ھاياجان
زادىلا بېسىلمىدى.

بۈگۈرگە قايتىپ كېلىپ راسا بىر يۇيۇنۇپ ئۆزۈمنى كارى-
ۋاتقا تاشلىدىم، ئەمما قاتتىق چارچىغان بولساممۇ، كۆزۈمگە ھېچ
ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كۆڭۈل ئېكرانىمدىن مۇخبىر-
لىق ھاياتىمدا بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن رەڭگارەڭ كۆرۈنۈشلەر توخ-
تىماي ئۆتۈشكە باشلىدى. 1992 - يىلى 5 - ئايدا مەملىكەتلىك
ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئىسمائىل يۈسۈپ توغرىسىدا تەپسىلىي خە-
ۋەر يېزىش ئۈچۈن لوپنۇر ناھىيە بازىرىدىن 180 كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى تۈڭگۈزلۈق داۋبەنىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە
ئۆتكۈزگەن بىر ھەپتە، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى
چەرچەندىن كورلىغا قايتىشتا بەشتوغراق دېگەن چوڭ قۇملۇقتا
ئاپتوبۇس قۇمغا پېتىپ قېلىپ، قۇم - بورانلىق بىر كېچىنى
ئۆتكۈزگەن ھەم ئاپتوبۇسنىڭ ئاستىدا دۈم يېتىپ قولىمىز بىلەن
چاقنىڭ ئالدىدىكى قۇمنى كولىغان چاغلار، 1994 - يىلى 1 -

ئايدا ئاراتۇرۇكتىن قۇمۇلغا قايتىشتا سۆگەكتىن ئۆتكۈدەك سو-
غۇق كېچىدە كۆشۈتە داۋىنىدا ماشىنا ئىتتىرىپ، قۇمۇلغا قايتىپ
كېلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان چاغلار، شۇ يىلى [illegible] - ئايدا
تۇرۇك كەنتىنىڭ باشلىقى ئايۇپ بەكرىنى يېزىش ئۈچۈن قوراي
تاغلىق يېزىسىغا ئۈچ قېتىم چىققان چاغلار ...

مانا بۇلار مۇخبىرلىق ھاياتىمدا مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدىغان، ماڭا چەكسىز ئىپتىخار ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان كۆرۈنۈشلەر. سەممىمي گېپىمنى قىلسام، مۇخبىرلىققا دەسلەپ كىرىشكەن چاغلىرىمدا تەجرىبىسىزلىكىمدىن ئون يەرگە بارسام توققۇزىدىن قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەن چاغلىرىمۇ بولغان. ئويلاپ كۆرسەم، بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇخبىرلىقتا جاپا تارتىشىمىز كۆپىنچە ھاللاردا ياخشىراق بىرنەرسە يېزىش، ياخشىراق بىرنەرسە يېزىشتىكى مۇددىئايىمىز بولسا مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈنلا بولىدىمۇ، قانداق؟ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتقان شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىغا قارىغانچە مەمنۇنىيەت تۇيغۇسى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ۋە ئۆزىمىزنى «كاتتا چاغلاش» تۇيغۇمىز كۈچىيىپ باردى. شۇڭا، ئانچىكى قىيىنچىلىقلارنى دەستەك قىلىپ سۆزلەپ كەلدۇق. بۇنىڭ بىلەن مۇخبىرنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى توغرىسىدىكى تونۇشىمىز تەدرىجىي سۇسلاپ باردى. بۇ بىزنىڭ جەمئىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا ھەقىقىي يېقىنلىشىپ، تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىزغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. مۇخبىرلىقتا كۆپىنچە «ئات ئۈستىدە گۈل كۆرۈپ»، قولىمىزنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلدۇق، شارائىتى جاپالىق جايلارغا، ئاشۇنداق جاپالىق جايلاردا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىغا بېرىشقا ئاجراتقان ۋاقتىمىز ئازلاپ كەتتى...

سوخۇلۇقلارغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، ئۇلار بىزگە بىر دەستە گۈل ئەمەس، بەلكى بىز، يەنى مۇخبىرلار مەڭگۈ بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە تېگىشلىك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تەقدىم قىلغانىدى. خۇددى سوخۇلۇقلار بىزگە تەقدىم قىلغان گۈلگە

ئوخشاشلا پارتىيە، خەلق ئاخباراتچىلار ئۇچۇن تەسىس قىلغان «ئاخباراتچىلار بايرىمى» مۇ ھەربىر ئاخباراتچى ئۇچۇن چەكسىز شان - شەرەپتىن، شۇنداقلا كۈچلۈك مەسئۇلىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

2004 - يىل نويابىر، بوگور

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

# «دېھقان ئۇچۇن سۆزلەيمەن»

ئاق يوزلۈك، دوغىلاق كەلگەن، 54 ـ 55 ياشلارنىڭ قارد-
سىنى ئالغان، گۆللۈك ياغلىقنى بېشىغا چىڭ چېكىلەپ تېڭىۋال-
غان بۇ ئاياللىڭ ئىسمى ھۆرنگول مامۇت. ئۇ بىر قاراشتىلا
ئاددىي يېزا ئاياللىرىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئۇنى ھەرگىز بوش
چاغلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ مارالبېشى ناھىيىلىك سودا ـ
سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قەشقەر ۋىلايەت-
لىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
قاتارلىق يەتتە خىل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.

سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتې-
تىنىڭ 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئەزالار تىزىمغا ئالدۇرغان
كۈنى ئۇ شىنجاڭ «كويېنلۇن» مېھمانخانىسىدىكى 255 ـ نومۇر-
لۇق ياتىقىغا سومكىلىرىنى تاشلاپ قويۇپلا، ئۇدۇل تەكلىپ كو-
مىتېتىدىكىلەرنىڭ ياتىقىنى ئىزدەپ تېپىپ، 22 پارچە تەكلىپنى
بىر قېتىمدىلا ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن، ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرا مەك-
تەپ مەلۇماتىغا ئىگە بىر ئەزانىڭ 22 پارچە تەكلىپ سۇنغانلىقى
توغرىسىدىكى بۇ «كاتتا خەۋەر» ناھايىتى تېزلا ئەتراپقا پۇر كەت-
تى. چۈنكى، ئىلگىرى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ بىر قې-
تىمدا بەرگەن تەكلىپلىرى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئون نەچچە
پارچىغا يەتكەنىدى. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى،
ئەزا ھۆرنگول مامۇت سۇنغان تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسى يېزا ئىگىد-
لىكى، يېزا ۋە دېھقانلار مەسىلىسىگە ئائىت بولۇپ، بۇ تەكلىپ-
لەردە يېزىلاردىكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ

مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، يەر ھۆددىگەرلىك قانۇنىنى
ھەقىقىي ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قى-
لىش، يېزا ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرۈش، دېھ-
قان، چارۋىچىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ۋە
ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىغا قارىتا
ھۆكۈمەت ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش، يېزىلاردى-
كى تېببىي خادىم يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ،
دېھقان، چارۋىچىلارغا ئوبدان داۋالىنىش شارائىتى يارىتىپ بې-
رىش، يېزىلاردىكى خۇسۇسىي دوختۇرخانىلارنى باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىش ۋە يېزا، كەنت يوللىرىنى ياساشقا سېلىنىدىغان سې-
لىنمىنى كۆپەيتىش قاتارلىق ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلار-
نىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چېتىشلىق چوڭ ھەم مۇھىم مەسىلىلەر
ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

ھۆرىگۈل مامۇتنىڭ بىر قېتىمدا 22 تەكلىپ تاپشۇرغانلىقى
يىغىنغا قاتناشقان سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ھەيران قالدۇر-
غان بىلەن، ئۇنىڭ مەخسۇس يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلار
مەسىلىسى توغرىسىدىلا تەكلىپ سۇنغانلىقى ئەزالارنى ئانچە ھەي-
ران قالدۇرمىدى. نېمىشقا دەمسىز؟ چۈنكى، ھۆرىگۈل مامۇت-
نىڭ ھەر قېتىملىق سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا مەخسۇس دېھ-
قان، چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنلا سۆزلەيدىغانلىقى ۋە شۇ
مەزمۇندىكى تەكلىپلەرنى سۇنىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. ئۇ
ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان سەككىز
يىل مابەينىدە، ئىزچىل تۇردە مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ھەر
مىللەت دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۇرد-
دىغان تەكلىپلەرنى تاپشۇرۇش بىلەن ئەزالار ئارىسىدا تونۇلۇپ،
ئەزالار ئىچىدە «دېھقان ئۈچۈن سۆزلەيدىغان ئايال» دېگەن نامغا
نائىل بولغانىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ھەر قېتىملىق سىياسىي كې-
ڭەش يىغىنىدا، گۇرۇپپا مۇزاكىرىلىرىدە، سۆز ئارىلىقىدا دېھ-

قانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، دېھقانلارنى بېيىتىش، يېزا ئۇل مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا دېھقانلارنىڭ قۇلىقىغا ياقىدىغان گەپلەرنى كۆپ قىلاتتى.

ئۇنداقتا، ھۆرىگۈل مامۇت كىم؟ ھۆرىگۈل مامۇت مارالبېشى ناھىيىسىدىن كەلگەن يەككە تىجارەتچى. ئۇ ئىلگىرى ئىشنى تىككۈچىلىكتىن باشلاپ كېيىنچە يولۇچى ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر ئۇنىڭ ئىككى ئاپتوبۇسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى مارالبېشىدىن قەشقەرگە، يەنە بىرى، سېرىقبۇيا بازىرىدىن ئاقسۇغا قاتنايدۇ. ئۇ مەيلى تىككۈچىلىك قىلىۋاتقاندا بولسۇن ۋە ياكى يولۇچى ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا بولسۇن، دۆلەتكە ئاكتىپ باج تاپشۇرۇپ، نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلەپ ۋە دېھقان پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەنە نۇرغۇن يېتىم ـ يېسىرنىڭ بېشىنى سىلاپ، مارالبېشىلىقلار ئارىسىدا خېلى چوڭ يۈز تاپقان. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇ مارالبېشى ناھىيىسىدىن كەلگەن بىردىنبىر رەسمىي ئەزا بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنىغا قاتناشقان. شۇنىڭدىن تارتىپ، ھۆرىگۈل مامۇتنىڭ ھاياتىدا، ئاجايىپ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بېشىنى چۆكۈرۈپ ئۆز تىجارىتى بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان ئادەتتىكى بىر تىجارەتچىدىن بارا ـ بارا ئەلنىڭ، دېھقانلارنىڭ غېمىنى كۆپرەك يەيدىغان، ئاساسىي قاتلاملارغا، يېزا ـ قىشلاقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان، دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش يوللىرى ھەمدە دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەترapلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان، بۇ ئارقىلىق ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مەسئۇلىياتچان بىر سىياسىي

كېڭەش ئەزاسىغا ئايلاندى.

— 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «تارىم» مېھمانسارىيىدا سىزنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقىنىمدا، ماڭا ناھايىتى تارتىنچاق ھەم جىمغۇر كۆرۈنگەنىدىڭىز، — دېدىم مەن زىيارەت ئارىلىقىدا ئۇنىڭغا.

— توغرا، ئۇ چاغلارنى ئويلىسام ھازىرمۇ بەك خىجىل بولىمەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — شۇ چاغدا سىياسىي كېڭەش دېگەن نېمە؟ ئەزا دېگەن نېمە؟ تەكلىپ دېگەن نېمە؟ دېگەنلەرنى بىلمەي تۇرۇپلا سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا كېلىپ قالغانىدىم. گۇرۇپپا مۇزاكىرىلىرىدە بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلايتتىم. ئۇدا ئىككى نۆۋەت تەكلىپ سۇنۇشتا «نۆل» نەتىجە بىلەن قايتتىم. كېيىنچە مەن ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈمنىڭ سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا ھەرگىز ئېسىل ياتاقتا يېتىپ، ئوبدان تاماقلار بىلەن غىزالىنىش ئۈچۈنلا كەلمىگەنلىكىمنى، ئەكسىچە، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى 270 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرى، يۈرەك سادالىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشۈم لازىملىقىنى تونۇپ يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ياردىمىدە يىغىنغا تەكلىپ سۇنۇشقا باشلىدىم. گەرچە ئۇ چاغلاردا يىغىنغا تەكلىپ سۇنساممۇ، «بەرگەن تەكلىپلەر ئەمەلىيلىشەرمۇ؟» دېگەن گۇمان ھەر ۋاقىت كۆڭلۈمدە ئەگىشىپ يۈرەتتى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن مەن بەرگەن يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى بولۇش، يېزىلاردا ئىشلىتىدىغان توك باھاسى يۇقىرى بولۇش، يېزا (بازار) لاردىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن قالايمىقان ھەق ئېلىش ئېغىر بولۇش، مارالبېشى — يەكەن تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قاتارلىق تەكلىپلەر ناھايىتى تېزلا ئەمەلىيلىشىپ، مېنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى، بۇ تەكلىپلەرنىڭ

ئەمەلىيلىششى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مېنى مارالبېشىدا يۇقىرى ھۆرمەت ۋە ئابرۇيغا ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن دەردى يار دېھقان-لار ئۆيگىچە ئىزدەپ كېلىپ، ماڭا ھال - ئەھۋال ئېيتىپ، ياردەم سورايدىغان بولۇشتى.

— مەن سىزگە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئۇ ماڭا، — مەن 2001 - يىلى 1 - ئايدا ئېچىلغان سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنىدا ناھىيىمىزدىكى يېزا - بازارلاردا يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن قالايمىقان ھەق ئېلىش، ئۇلارغا قالايمىقان سېلىق سېلىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقى، شۇ ۋەجىدىن، ناھىيە بويىچە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ئىلگىرىكى 9000 دىن 6000 غا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىنكاس قىلغانىدىم. ئاپتونوم رايون بۇ ئىشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ يىلى 5 - ئايدا مەخسۇس بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، مەن ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن ھەق ئېلىش تۈرىنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇردى، بۇنىڭ بىلەن يېزا - بازارلاردىكى يەككە تىجارەتچىلەر ماڭا رەھمەت ئېيتتى.

— ھەربىر پارچە تەكلىپنى تەييارلاش خېلى كۆپ زېھىن - قۇۋۋەت، ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. مەن سىزنىڭ بۇنچە كۆپ تەكلىپنى قانداق تەييارلاپ بولغانلىقىڭىزغا قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن، — دېدىم مەن.

— ھازىر مارالبېشىلىقلار مېنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، دەپ چوڭ بىلىدۇ. مەن تەكلىپنى تۆۋەندىكى تۆت خىل ئۇسۇل بىلەن تەييارلايمەن؛ بىرىنچىدىن، ئۆزۈم بىۋا-ستە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىمەن؛ ئىككىنچىدىن، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ قوللىشى بىلەن ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەيمەن؛ ئۈچىنچىدىن، دېھقانلار مېنى ئىزدەپ ئەھ-ۋال ئىنكاس قىلىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، توي - تۆكۈن، نەزىر -

چىراغتىن پايدىلىنىپ، ئەل راينى ئىگىلەيمەن.
— ئۆزىڭىز تىجارەتچى تۇرۇپ نېمىشقا دېھقانىنىڭلا گېپىنى قىلىسىز؟
— توغرا، مەن هازىرغىچە سۇنغان 60 نەچچە پارچە تەكلىپ-نىڭ 90% دىن كۆپرەكى دېھقانلارغا مۇناسىۋەتلىك، بۇنداق بو-لۇشىدا، ئالدى بىلەن مارالبېشى چوڭ يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى، مارالبېشىدىكى 270 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېھقان، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دېھقان ئۇچۇن سۆز-لەش مېنىڭ بۇرچۇم. يەنە بىر نۇقتىدىن، مەن دېھقان پەرزەنتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەككە تىجارەتچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا دېھقان بېيىمىسا، ئۇلارنىڭ تىجارىتىنىڭ روناق تېپىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنكى بىز تېپىۋاتقان پۇلنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېھقاندىن كېلىدۇ. شۇڭا مەن بىر كۈن سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇپ تۇرسام، بىر كۈن دېھقان ئۈچۈن سۆزلەيمەن.

2005 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتىكى «ئىككى چوڭ كاشىلا»

دۆلەت جەمئىي 10 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان ئانا دەريا — تارىم ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى 2001 ـ يىلدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ سۇ مەنبەسىنى كۆپەيتىش، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىندىكى «يېشىل كارىدور» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەتلەر ئىشلىنىپ دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلدى. بولۇپمۇ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىندىكى «يېشىل كارىدور» غا ئۈچ يىلدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بەش قېتىم سۇ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، سۇ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان تۆۋەنكى ئېقىنغا قايتىدىن سۇ كېلىپ، «يېشىل كارىدور» نىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىن ئايرىلغىنىغا ئۇزاق يىللار بولغان تۈرلۈك ئۇچارقۇش ۋە ياۋايى ھايۋانلار ئۆز «ئانا ماكان» لىرىغا قايتىپ كېلىپ، بۇ يەردە ھاياتلىقنىڭ «يېڭى كۈيى» نى ياڭراتتى...

مېنىڭچە، 2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەينى چاغدىكى گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇ رۇڭجى ئاچقان زۇڭلى ئىش بېجىرىش يىغىنىدا، دۆلىتىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يولغا قويغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئىچىدىكى

مەبلەغ ئەڭ كۆپ سېلىنىدىغان تۈر — تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشىنى رەسمىي تەستىقلىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاپتونوم رايونىمىزغا يېتىپ كەلگەندە ھەممىدىن بەك شادلانغىنى ۋە ھاياجانلانغىنى دەل ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بولۇشى مۇمكىن، گەرچە بۇ ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى مەركەزنىڭ شىنجاڭغا بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىرىشچانلىقى قاتارلىقلاردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ رويابقا چىقىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە ئاققۇزغان قان - تەرىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. 1984 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان 16 يىل جەريانىدا ئۇلار مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر نۆۋەتلىك «ئىككى يىغىن»دا تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئارقىلىق تارىم دەرياسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشتىن ئىبارەت بۇ تەكلىپنى ئەڭ ئاساسلىق تەكلىپلەر قاتارىدا زېرىكمەي - تېرىكمەي سۇنۇپ كەلدى. دەرۋەقە، «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك بۇ تەكلىپ ئاخىر مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ دۆلەت تەرىپىدىن رەسمىي تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى.

بىراق، ئىككى - ئۈچ يىل مابەينىدە خېلىلا پەسكويغا چۈشكەن تارىم دەريا ۋادىسى توغرىسىدىكى سۆز تېمىلىرىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن بۇ قېتىمقى سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنىدا يەنە بىر قېتىم «قىزىق نۇقتا» بولۇپ قېلىشى مېنى قىزىقتۇردى. بۇ «قىزىق نۇقتا»نى پەيدا قىلغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئەزا جۇ

www.uyghurkitap.com

شياڭمىن بۇلۇپ، ئۇ يىغىنغا تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان «ئىككى چوڭ كاشىلا»نى ھەل قىلىش مۇراجىئەت قىلىنغان ئىككى تەكلىپ ئىلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئىككى تەكلىپتە تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەبلەغ ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمەسلىك ۋە قالايمىقان بوز يەر ئېچىش ئەھۋالى ئۆتكۈر تىل، جانلىق پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

ئەزا جۇ شياڭمىننىڭ مەبلەغ ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمەسلىك مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن:

گەرچە تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇش تۈرىنى ئۈستىگە ئالغان جايلار، تارماقلار ۋاقىت قىس بولۇش ۋە ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلەر بىرقەدەر ئاجىز بولۇش قاتارلىق كونكرېت قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بۇ قۇرۇلۇشتا باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتە مەبلەغنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمەسلىكى قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا چوڭ كاشىلا بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت ئەسلىي پىلاندا قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى ئۈچ يىلىدا جەمئىي 4 مىليارد 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى بېكىتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ئەمەلىيلەشكىنى ئاران 2 مىليارد 910 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇ ئىككى سان ئوتتۇرىسىدىكى پەرق خېلىلا چوڭ. تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تارىم دەريا ۋادىسىنىڭ، جۈملىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۈتۈن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت - سائادەت يارىتىدىغان بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە كاتتا قۇرۇلۇش. مۇبادا مەبلەغ ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمىسە، قۇرۇلۇشنىڭ ۋاقتىدا، سۈپەتلىك تاماملىنىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئاپتونوم رايون مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئەزا جۇ شياڭمىننىڭ يەنە بىر پارچە تەكلىپىدە تارىم دەريا ۋادىسىدا قالايمىقان بوز يەر ئېچىش قىلمىشلىرى ناھايىتى ئۆتكۈر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇ تەكلىپىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: گەرچە گوۋۇيۈەن «تارىم دەريا ۋادىسىنى يېقىن مەزگىللىك ئۇنىۋېرسال تۈزەش پىلانى توغرىسىدىكى تەستىق» تە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «تارىم دەريا ۋادىسىدا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى قايتا كېڭەيتىشكە ۋە يېڭىدىن بوز يەر ئېچىشقا قەتئىي بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «تارىم دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تا: «تارىم دەريا ۋادىسىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست) ۋە بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى شىلىرى بوز يەرنى ئېچىشنى بىردەك قەتئىي توختىتىشى كېرەك» دەپ بەلگىلىگەن، شۇنداقلا ۋاڭ لېچۇەن، ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق رەھبەرلەر نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش، مەخسۇس تەستىق سېلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كۆپ قېتىم يەرلىك ۋە بىڭتۇەن ئورۇنلىرىنىڭ يېڭىدىن بوز يەر ئېچىشنى قەتئىي چەكلەش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئورۇنلار ئەمر ـ پەرمانلارنى كۆزگە ئىلماي ئۆزى بىلگەن سەنەمىگە داۋاملىق دەسسەۋاتىدۇ، تەكشۈرۈشكە قارىغاندا 2000 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا پەقەت تارىم دەريا ۋادىسىنىڭ غول ئېقىنى رايونى ۋە ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسىدا يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەر 110 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ ئاچقىنى 30 مىڭ موغا، بىڭتۇەننىڭ ئاچقىنى 80 مىڭ موغا يەتكەن. 2003 ـ يىلى 11 ـ ئايدىكى ئەڭ يېڭى تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلىنىشىچە، تارىم دەريا ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنى رايونىدىن لوپنۇر ناھىيىسى 400 مو، يېزا ئىگىلىك 2 ـ شىسى 2020 مو بوز يەر ئاچقان.

www.uyghurkitap.com

ئەزا جۇ شياڭمىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر تارىم دەريا ۋادىسىدىكى بىر تەرەپتىن پۇل خەجلەپ تۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى بوز يەر ئېچىشتەك بىر ـ بىرىگە تۇپتىن قارىمۇقارشى ھالەت كەسكىن تەدبىر قوللىنىلىپ ھەل قىلىنمىسا، مەركەز بۇ قۇرۇلۇشقا ئاجراتقان مەبلەغنى توختىتىپ قويۇشى مۇمكىن.»

ئۇنداقتا، قالايمىقان بوز يەر ئېچىشنى چەكلەشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى يوقمۇ؟ ئەزا جۇ شياڭمىن مۇنداق تۆت تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچىدىن، يېڭىدىن بوز يەر ئاچقۇچىلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، بوز يەر ئاچقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، قالايمىقان بوز يەر ئېچىشنى تىزگىنلەش مېخانىزمى بەرپا قىلىشى لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، يەر باشقۇرۇشنى ھەقىقىي قىلىپلاشتۇرۇپ، قىسمەن ئورۇنلارنىڭ يەرلەرنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش باھانىسىدە «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ» قايتا بوز يەر ئېچىشنى تىزگىنلەش لازىم؛ تۆتىنچىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەر باشقۇرۇش، ئورمانچىلىق، مۇھىت ئاسراش، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرلەشمە قانۇن ئىجرا قىلىش ئەترىتى قۇرۇپ، تارىم دەريا ۋادىسىدىكى قالايمىقان بوز يەر ئېچىش قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئۆزلۈك ـ كېسەل ھەل قىلىشى لازىم.

2005 ـ يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

# بايىنبۇلاق، «ھۆسنۈك» گە نېمە بولدى؟

بۇنىڭدىن 12 يىل ئىلگىرى بايىنغولىن ئوبلاستىدا مۇخبىر-لىق قىلىۋاتقاندا، بايىنغولىنلىقلار پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن نامىنى تىلغا ئالىدىغان بايىنبۇلاق يايلىقىغا ئىككى قېتىم بېرىپ، ئۇنىڭ «گۈزەل ھۆسنى» دىن ھۇزۇرلانغان ھەم ئاشۇ چەكسىز يايلاققا قاراپ بايىنغولىن چارۋىچىلىقىنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى كۆرگەندەك بولغانىدىم. بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بايىنغولىن ئوبلاستىدا مۇخبىرلىق قىلىۋېتىپ، بايىنبۇلاق يايلىقىغا يەنە بىر قېتىم بېرىشقا توغرا كەلگەندە قەلبىم ئىختىيارسىز ھاياجانغا چۆمدى ...

ھەمراھلىرىم بىلەن كورلا شەھىرىدىن يولغا چىقىپ بەش سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ئاخىر بايىنبۇلاق يايلىقىغا قەدەم باسقىنىمىزدا ھېلىقى ھاياجانىنىڭ ئورنىنى تەئەججۇپلۇك باستى. ئىلگىرىكى يېشىل مەخمەلدەك يايلاقنىڭ «ھۆسن ـ جامالى» ئوبدانلا سارغايغان بولۇپ، گويا ئۇزاق يىل كېسەل ئازابىنى تارتقان ئادەمنىڭ چىھرىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى، «ئاق قۇ كۆلى ئەتراپىدىكى ئەڭ ياخشى ئوتلاق» دەپ قارىلىدىغان يايلاقنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە كۆرۈنۈپ قالغان قۇمساڭغۇ تۇپراق كىشىگە تۆپىلىكتىكى دۇمچەك قەبرىلەرنى ئەسلىتىپ، كۆڭۈلنى بەكلا غەش قىلسا، ئىلگىرىكى ئادەمنىڭ بېلىگە كېلىدىغان، بەزىدە قوي ـ ئۆچكىلەرنىمۇ چۆكتۈرۈۋېتىدىغان ئوت ـ چۆپلەر ئورنىدا تۇرغان پۈتنىڭ ئوشۇقىغىچە كەلمەيدىغان زەپىرەك ئوت ـ چۆپلەر كىشىدە چوڭقۇر ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلاتتى ...

گۈزەل بايىنبۇلاق، «ھۆسنىڭ» گە نېمە بولدى؟! بۇ سو-

ئال مىنى ئارامىمغا قويماي بايىنبۇلاقنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى توغرىسىدا ئىزدىنىشكە ئۈندىدى.

بايىنبۇلاق يايلىقىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 17 مىليون 560 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 16 مىليون 520 مىڭ مو بولۇپ، ئۇ ئېلىمىز بويىچە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ئېردوس يايلىقىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تاغلىق رايون يايلىقى، شۇنداقلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوت - چۆپ سۈپىتى ئەڭ ياخشى تەبىئىي يايلاق ھېسابلىناتتى، بۇ جايدا قايدۇ دەرياسى، بايىنبۇلاق دەرياسى، كۈنەس دەرياسى قاتارلىق چوڭ - كىچىك ئون نەچچە ئېقىن بولغاچقا، سۇ بايلىقى ئىنتايىن مول، بايىنبۇلاق يايلىقىدا يەنە دورىلىق ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبى ئىنتايىن مول 130 خىلدىن ئارتۇق ئەلا سورتلۇق ئوت - چۆپ بار ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، بۇ خىسلەتلىك ماكان ئەلمىساقتىن بۇيان «چارۋىچى قوۋملارنىڭ ۋە چارۋىلارنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق جەننىتى» دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بايىنبۇلاق يايلىقىنىڭ ئىلگىرىكى لاتاپىتى، سېھرىي كۈچى ۋە سەلتەنىتى تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلاپ، كىشىگە كۈچلۈك خەۋپ - خەتەر تۇيغۇسى ھېس قىلدۇرماقتا.

بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئوتلاق نازارەتچىلىك پونكىتىنىڭ باشلىقى ئەخمەت يۇنۇس ماڭا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە بايىنبۇلاق يايلىقىدىكى ئوتلاقلارنىڭ چېكىنىشى، قۇملىشىشى، شورلىشىشى ھەم بۇزغۇنچىلىقى، تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىشى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، بىر تەرەپتىن، بۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا، يەنە بىر تەرەپتىن، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھازىر بايىنبۇلاق يايلىقىدا چېكىنگەن ئوتلاق كۆلىمى 5 مىليون 600 مىڭ موغا يەتتى. بۇ ئومۇمىي يايلاق كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن %32 نى

ئىگىلەيدۇ، ئوتلاقلارنىڭ ناچارلىشىشى تۈپەيلىدىن بايىنبۇلاق رايوندا قىش پەسلىدە ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك قىس بولۇش گەۋدىلىك مەسىلىگە ئايلىنىپ، 5% ئەتراپىدىكى چارۋا زىيانغا ئۇچراۋاتىدۇ.»

ئۇنداقتا، يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئامىللار قايسى؟ مەن خېجىڭ ناھىيىسى ۋە بايىنبۇلاق رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، خېجىڭ ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى جاڭ گې بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ بايان قىلدى: «بىرىنچىدىن، قۇرغاقچىلىق بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. بايىنبۇلاق رايونىدىكى ئون نەچچە چوڭ - كىچىك ئېقىننىڭ 2000 - يىلى يىللىق ئېقىن مىقدارى 7 مىليارد كۇب مېتىردىن ئارتۇق ئىدى، ئۇدا ئۈچ يىل قۇرغاقچىلىق بولغانلىقتىن بۇ يىل يىللىق ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالدى. گەرچە ھەر يىلى 5 -، 6 - ئايلار بۇ رايوننىڭ يامغۇر پەسلى ھېسابلانسىمۇ، بۇ يىل 5 - ئايدا بىر تېمىممۇ يامغۇر ياغمىدى، 6 - ئايدا ئازراقلا يامغۇر ياغدى، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، يايلاقلاردا چارۋا ماڭسا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلىدىغان بولۇپ قالدى. ئىككىنچىدىن، يايلاقتىكى چارۋىلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشى ئوتلاقلارنىڭ چېكىنىپ كېتىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل. ئالايلى، بالغۇنتايدىكى كىچىك يۇلتۇز ئويمانلىقىدىكى يايلاقلاردا ئەسلىي قائىدە بويىچە 230 مىڭ تۇياق ئەتراپىدا چارۋا ئوتلىشى كېرەك بولسىمۇ، ھازىر بۇ يەردە ئوتلاۋاتقان چارۋا 600 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى. بۇنداق بىنورمال ئەھۋال ئوتلاقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ۋە چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قالامدۇ؟ ئۈچىنچىدىن، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ ئوتلاقلاردا چۇچۇكبۇيا، ئەڭلىكئوت قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلەرنى قانۇنسىز قېزىشىمۇ ئوت-

لاقلارنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىۋاتىمىز. بىز قا-
نۇنسىز ئۇنسۇرلارنى جازالاپ ئوتلاقلىرىمىزنى قانۇن ئارقىلىق
قوغداشنى كۈچەيتىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى
ئاسراش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلى-
گەن بولساقمۇ، لېكىن ئۇلارنى تازا يېتەرلىك، دەپ كەتكىلى
بولمايدۇ. تۆتىنچىدىن، چېكەتكە ۋە چاشقان ئاپىتى تۈپەيلىدىنلا
ھەر يىلى نەچچە مىليون مو ئوتلاق زىيانغا ئۇچراپ، ئوتلاقلارنىڭ
چېكىنىش قەدىمى تېزلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.»

دېمەك، رېئاللىق شۇكى، بايىنبۇلاق يايلاقلىرى يىلدىن -
يىلغا نابۇت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنى تېزدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش
نۆۋەتتىكى تەخىرسىز ۋەزىپىگە ئايلىنىپ قالدى. بايىنغولىن ئوب-
لاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردا بايىنبۇلاق
يايلىقىنىڭ چېكىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئوبلاست ۋە ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىغا ھەم ئوبلاستنىڭ چارۋىچى-
لىق تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشقا ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىپ، بىر تەرەپتىن، ئاممىنى سۈنئىي ئوتلاق بەرپا
قىلىش، ئوتلاقلارنى قاشالاش، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا
ئۇيۇشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتلاقلارنىڭ چېكىنىشىنى تىز-
گىنلەش جەھەتتە بىر قاتار ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىدى. بۇ يىل
12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1 مىليون 200 مىڭ مو
چېكىنگەن ئوتلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا
قويدى.

ئەخمەت يۇنۇس بايىنبۇلاق يايلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى: «ئاۋۋال
ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇ-
رۇپ، قولىمىزدىكى ‹ئوتلاق قانۇنى› دىن ئىبارەت قورالغا تايى-
نىپ، ئوتلاق باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ
ئوتلاقچىلىقتا ‹قوغداش بىرىنچى، پايدىلىنىش ئىككىنچى› دې-

گەن پرىنسىپقا قەتئىي ئەمەل قىلىشىمىز زۆرۈر. ئۇنداق بولماي-
دىكەن، يايلاقلارنىڭ چېكىنىش ئەھۋالىنى تۈپ يىلتىزىدىن تو-
گەتكىلى بولمايدۇ. يەنە دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ مەبلىغىنى
قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئوتلاق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى
قوغداش، تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش زۆرۈر. ھازىرقى ئەنئە-
نىۋى چارۋىچىلىق ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، چارۋىچىلىقتا ئامما-
نى سان قوغلىشىشتىن سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە بۇرۇلۇشقا يېتەك-
لەش ئارقىلىق ئوتلاقلاردا چارۋا كۆپ، ئوت ـ چۆپ ئاز بولۇش
مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش كېرەك. بۇمۇ ئوتلاقلارنى
ئاسراشتىكى چوڭ تەدبىر.»

زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا ئار-
قامغا بۇرۇلۇپ بايىنبۇلاقنىڭ «ھۆسنى» گە يەنە بىر قېتىم نەزەر
سالدىم، قەلبىمنى ئېچىنىش ۋە غەشلىك ھېسسىياتى ئۆرتىدى،
مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئاستا پىچىرلىدىم: «خەير خوش، بايىنبۇ-
لاق» كېيىنكى نۆۋەت كەلگەندە سېنىڭ ئەسلىي «ھۆسن ـ جاما-
لىڭنى كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

## مۇخبىرنىڭ تەسىراتى

بۇ ماقالىنى يېزىۋاتقىنىمدا، بىر تەرەپتىن، بايىنبۇلاقنىڭ
بۈگۈنكى ھالىتىنى ئويلاپ تولىمۇ ئەپسۇسلانسام، يەنە بىر تەرەپ-
تىن، بۇزۇلغان ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا ئىشلە-
گەن خىزمەتلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ چوڭقۇر ئويغا چۆم-
دۈم. «بايىنبۇلاقنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتى نەگە كەتتى؟ ئۇنىڭغا
نېمە بولدى؟ بىزنىڭ قاچانغىچە بۇرنىمىزغا سۇ كىرمەيدۇ؟ بۇن-
داق ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زىياننى قاچانغىچە تار-
تىمىز؟» دېگەن سوئاللار قۇلاق تۈۋىمدە توختىماي جاراڭلاۋاتقان-
دەك بولدى.

www.uyghurkitap.com

مۇخبىرلىق جەريانىدا ئىگىلىشىمچە، بايىنغولىن ئوبلاستى بۇ يىل 1 مىليون 200 مىڭ مو يەردىكى چېكىنگەن ئوتلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە 12 مىليون يۈەن سەرپ قىلغان. بۇ ئەلۋەتتە ماختاشقا ئەرزىگۈدەك ياخشى ئىش. بىراق، بۇ مەسىلىنى يەنە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىشىپ كۆرەيلى: مەملىكەت بويىچە چوڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى بولغان ئاپتونوم رايونىمىزدا 880 مىليون مو ئوتلاق بار، ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوتلاقلارنىڭ چېكىنىش نىسبىتى 85% كە، بۇنىڭ ئارىسىدا ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىش نىسبىتى 37% كە يەتكەن. ئۇنداقتا، يۇقىرىقى ھېسابات بويىچە ئالغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چېكىنگەن 85% ئوتلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك مەبلەغ كېتىدۇ؟ بۇ پۇللارنى نەدىن ئېلىش كېرەك؟ يەنە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاپ كۆرسەك، كۆپلەپ پۇل ۋە كۈچ سەرپ قىلىپ سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىش، بۇزۇلغان ئوتلاقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھازىر بار ئوتلاقلىرىمىزنى ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ قوغداپ قالغانغا يەتمەمدۇ، قانداق؟ ئەتراپىمىزدا ھازىرمۇ ئاۋۋال سەل قاراپ ۋەيران قىلىۋېتىپ، ئاخىرىدا تالاي پۇل خەجلەپ ئەسلىگە كەلتۈرىمىز دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرىدىغان ئەخمىقانە ئىشلار بارمۇ، يوق؟ بىز قاچانغىچە ئۆزىمىز بۇزۇپ، ئۆزىمىز ۋايساپ، ئۆزىمىز ۋەيران قىلىپ، ئۆزىمىز پۇشايمان قىلىپ ئۆتۈۋېرىمىز؟!

بۇ مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق ئويلاشمىساق بولمايدۇ. ئەمدى يەنە كاللىمىزنى سەگەك تۇتمىساق، كەلگۈسىگە، ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسى بىلەن يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرگە جىددىي مۇئامىلە قىلمىساق، بايىنبۇلاقتا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن جاي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، كەلگۈسىدە پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىمىز. شۇنى سەمىمىزدە بولسۇنكى، ئانا تەبىئەت ھەممەيلەنگە مەنسۇپ، يايلاقلىرىمىز ھەممەيلەنگە مەنسۇپ، جەم-

لىدىن، باينبۇلاقمۇ ھەممەيلەنگە مەنسۇپ. شۇڭا، باينبۇلاققا ئوخشاش گۈزەل ماكانلارنى ئاسراش، قوغداش قانداقتۇر مەلۇم ئورۇن، مەلۇم تارماقنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالماستىن، ئەكسىچە ھەممەيلەننىڭ بۇرچى. ئانا تەبىئەتنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيەيلى! ئۇنى قوغداش، ئاسراشنى تېخىمۇ مۇھىم ئىش قاتارىدا كۆرەيلى!

2005 - يىل ئىيۇن، كورلا

www.uyghurkitap.com

**ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى:** رېستورانغا سىرتتىن ھاراق ئەكىرىشنى چەكلەشكە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ!

**خېرىدار:** رېستوراندا سىرتتىن ھاراق ئەكىرىش ھوقۇقىمىز بار.

**رېستوران خوجايىنى:** بىزنىڭمۇ ئۆز ئالدىمىزغا بەلگىلىمىمىز بار.

## قىزىق نۇقتا: «ئوۋچى» يامانمۇ، «بۆرە» مۇ؟

**دەسلەپكى بايان:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى بۇ يىل ياۋاردا مەخسۇس بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك رېستوران ۋە ئاشخانىلارنىڭ بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ خېرىدارلارنىڭ سىرتتىن ھاراق ئەكىرىشنى توسۇشقا قەتئىي يول قويۇلمايدىغانلىقىنى، «بەلگىلىمە» گە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنسىز تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. «بەلگىلىمە» نىڭ ئېلان قىلىنىشى ھەر مىللەت ئىستېمالچىلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بىراق، «بەلگىلىمە» دىكى بىر قىسىم ۋەزنى ئېغىر سۆز ـ ئىبارىلەر بىر قىسىم رېستوران خوجايىنلىرىنىڭ «قۇلىقىغا ئانچە يېقىپ كەتمەي»، ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىستېمالچىلار، رېستوران خوجايىنلىرى ۋە ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ئارىسىدا نۇرغۇن «سۈركىلىش» لەر يۈز بېرىپ، بۇ مەسىلە يېقىنقى بىر مەزگىلدە ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسىنىڭ قىزىق سۆز تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مەسىلىنىڭ

تۆگۆنى شۇ يەردىكى، خۇددى ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئېيتىلغان «ئۇۋچىنىڭ قوغلايدىغان بىر يولى بولسا، بۆرىنىڭ قاچىدىغان ئون يولى بار» دېگەندەك، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشلىرىنى يوقىتىدىغان «ئۇۋچى» بولۇش سۈپىتى بىلەن رېستوران، ئاشخانىلارغا هاراق چەكلەش قىلمىشلىرىنى تۇسۇش سالمىقىنى قانچە كۈچەيتكەنسېرى، ئىستېمالچىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ئۆگەنگەن ئاز بىر قىسىم «بۆرە» لەر «ئۇۋچى» نىڭ شىددەتلىك «ھۇجۇمى» غا پىسەنت قىلماي، تۇر- لۇك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن خۇپىيانە هالدا بەلگىلىمىگە خىلاپ- لىق قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچراتتى، بىر قىسىم رېستوران خوجايىنلىرى يەنە «قاپ يۈرەكلىك» بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، «بەلگىلىمە» بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشىلىشىپ، بىزنىڭمۇ «رېستوراند- مىزغا هاراق ئەكىرىشكە بولمايدۇ» دەيدىغان «بەلگىلىمە» مىز بار، دەپ جار سالدى.

1 ـ پاكىت: ۋاقتى: بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كەچ، ئورنى: ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «تىنچلىق» يولى بويىغا جايلاشقان تىجارەت باشلىغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان مەلۇم رېستوران. مۇخبىر بۇ يەردە شۇ كۈنى مېھمان كۈتكەندە رېستوراننىڭ مۇلازى- مەت پەشتىقىدىكى مۇلازىمەتچى قىز بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ قىسقىچە خاتىرىسى تۆۋەندىكىچە:

مۇخبىر: هاراقنى سىرتتىن ئەكىرسەك بولامدۇ؟

مۇلازىم: ياق، قەتئىي بولمايدۇ!

مۇخبىر: نېمىشقا بولمايدۇ؟

مۇلازىم: بولمايدۇ دېگەندىن كېيىن بولمايدۇ، بۇ رېستورا- نىمىزنىڭ بەلگىلىمىسى. ئۇ مۇخبىرغا تۆۋرۈككە چاپلانغان قە- غەزدىكى «رېستورانىمىزغا سىرتتىن هاراق ئەكىرىشكە قەتئىي

رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېگەن خەتنى كۆرسەتتى.

مۇخبىر: ئىچىملىك ئېلىپ كىرىشكىچۇ؟

مۇلازىم: ئۇنىڭغىمۇ قەتئىي بولمايدۇ.

مۇخبىر: سىلەرنىڭ شەھەرلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ «بەلگىلىمە» سىدىن خەۋىرىڭلار يوقمۇ؟

مۇلازىم: ئۇ دېگەن مۇخبىرلار مۇنداقلا يېزىپ قويغان بىر نەرسە، بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق، بىزنىڭ «بەلگىلىمە» مىز ئەنە چاپلاقلىق تۇرۇپتۇ.

مۇخبىر بۇ يەرگە كېلىپ بولغان مېھمانلارنى يەنە يۆتكەشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، شۇ يەردىن ئادەتتىكى دۇكانلاردا ھەربىر بوتۇلكىسى 18 يۈەندىن سېتىلىدىغان هاراقنى 33 يۈەندىن سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

2 ـ پاكىت: ۋاقتى: بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كەچ، يەنى خەلقئارا ئىستېمالچىلارنىڭ هوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش كۈنىنىڭ ئەتىسى. ئورنى: ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي ئايلانما يولىغا جايلاشقان مەلۇم رېستوراننىڭ 207 ـ ئايرىمخانىسى.

مۇخبىر بىلەن رېستوراندىكى مۇلازىم يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ قىسقىچە خاتىرىسى تۆۋەندىكىچە:

مۇخبىر: سىرتتىن هاراق ئەكىرسەك بولامدۇ؟

مۇلازىم: بولمايدۇ.

مۇخبىر: نېمىشقا بولمايدۇ؟ سىلەرنىڭ «بەلگىلىمە» دىن خەۋىرىڭلار يوقمۇ؟

مۇلازىم: خەۋىرىمىز بار.

مۇخبىر: ئۇنداقتا يەنە نېمىشقا «بولمايدۇ» دەيسىز؟

مۇلازىم: ئەگەر «چوقۇم سىرتتىن هاراق ئەكىرىمىز!» دەپ تۇرۇۋالساڭلار، بىزگە مۇلازىملىق ھەققى تۆلەيسىلەر.

مۇخبىر: هاراقنى ئۆزىمىز قويۇپ ئىچىدىغان تۇرساق، يەنە نېمە ئۈچۈن سىلەرگە ھەق تۆلەيمىز؟



www.uyghurkitap.com

مۇلازىم: بۇ رېستورانىمىزنىڭ بەلگىلىمىسى.

مۇخبىر: بىر ئۇستەللىك تاماق بۇيرۇتماي، قورۇمىلارنى ئەھۋالىمىزغا قاراپ زاكاز قىلساق بولامدۇ؟

مۇلازىم: بولىدۇ، لېكىن ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 200 يۈەن-دىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

مۇخبىر: نېمىشقا؟

مۇلازىم: بۇمۇ رېستورانىمىزنىڭ بەلگىلىمىسى، چۈنكى سىلەر هاراقنى سىرتتىن ئەكىرىدىكەنسىلەر ئەمەسمۇ؟

**قوشۇمچە پاكىتلار:** يېقىندا بىر تونۇشىمىز بىزگە ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر چوڭ رېستوراننىڭ سىرتى-تىن هاراق ئەكىرىشكە رۇخسەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تەسىس قىلغان 12315 نومۇرغا تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغانلىقىنى، بىراق ئىككى كۈندىن كېيىن رېستوران خوجايىنىنىڭ ئۆزىگە تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. بىر كە-سىپدىشىمىز يەنە ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر رېستورانغا تۆت ئۇستەللىك تاماق زاكاز قىلغاندا مۇلازىملار ئەگەر ئۇنىڭ هاراقنى رېستوران-دىن سېتىۋالسا، ئەسلىدە هەربىر ئۇستىلى 328 يۈەنلىك تاماقنى 300 يۈەنلىك ئېتىبار باهادا بېرىدىغانلىقىنى، هاراقنى سىرتتىن ئەكىرسە تاماق باهاسىدا هەرگىز ئېتىبار بەرمەيدىغانلىقىنى «ئا-گاهلاندۇرغان».

**كۆزىتىش خاتىرىسى (1):** ئىككى قېتىملىق بىۋاسىتە كە-چۈرمىش ۋە توختىماي كېلىۋاتقان ئىنكاسلار بىزنى «سەگەكلەش-تۈرۈپ»، بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئەتراپلىق كۆزىتىش ۋە تەكشۈ-رۈشكە مەجبۇر قىلدى. بىز ئۇرۇمچىدىكى ئون نەچچە مېهمانسا-راي، رېستوران ۋە ئاشخانىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق نۇرغۇن پا-كىتقا ئىگە بولدۇق. پاكىتلارنى ئەتراپلىق تەهلىل قىلىش نەتى-جىسىدە، بىر قىسىم «بۆرە» لەرنىڭ «ئوۋچى» غا تاقابىل تۇ-

رۇش تەدبىرلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىدۇق: بىرىنچى، تاماق باھاسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ھاراق سېتىش-تىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ ئورنىنى تولۇقلاشقا ئۇرۇنۇش؛ ئىك-كىنچى، سىرتتىن ھاراق ئەكىرىشكە رۇخسەت قىلىش، ئەمما «بوتۇلكا ئاغزىنى ئېچىش ھەققى، مۇلازىملىق ھەققى» دېگەنگە ئوخشاش ناتوغرا ئۇسۇللار ئارقىلىق خېرىدارلارنى ئوخشاشلا قاق-تى - سوقتى قىلىش؛ ئۈچىنچى، ئايرىمخانىلارغا ئىستېمالنىڭ ئەڭ تۆۋەن پۇل سوممىسىنى بېكىتىش ئارقىلىق خېرىدارلارنى مەجبۇرىي ئىستېمال قىلىشقا قىستاش؛ تۆتىنچى، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئىستېمالچىلار نارازىلىق بىلدۈرمىسە ئۆزى بىل-گەنچە ئىش قىلىش، قارشى تۇرۇپ پاش قىلىدىغانلىقىنى ئېيت-سا، «بۇ مۇلازىم يېڭى كەلگەن، ئەھۋالدىن خەۋەرسىز» دېگەن-دەك باھانىلەر بىلەن مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش.

ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى تەمىنلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئىستېمالچىلاردىمۇ بۇ مەسىلىگە قارىتا ئوخشاشمىغان ئىنكاس ۋە مۇئامىلە شەكىللەنگەن. ئاز بىر قىسىم پۇلدار، بايۋەچچىلەر رېستورانغا ھاراق كۆتۈرۈپ كىرىشنى ئۆز «سالاپىتى» گە تەسىر يەتكۈزگەنلىك، دەپ قاراپ، يەنىلا رېستو-رانلارنىڭ ھەسسىلەپ باھا قوشۇلغان قىممەت ھاراقلىرىنى سېتىۋ-ۋالغان. يەنە بىر قىسىم خېرىدارلار ھاراق ئەكىرىشنى چەكلەشكە دۇچ كەلگەندە «سوغۇققان» بولۇپ، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشنى لايىق كۆرمىگەن ياكى بۇنى ئاۋارىچىلىك دەپ بىلگەن. شۇڭا ھازىرغىچە ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرى بۇ ھەقتە تاپشۇرۇۋالغان ئەرز - شىكايەتلەر بەكلا ئاز بولغان.

**كۆزنىتىش خاتىرىسى** (2) : «بۆرە» لەرنىڭ «ئوۋچى» نىڭ يېڭى «بەلگىلىمە» سىگە قارشى چىقىشىدا كۆرسىتىدىغان سەۋەب-لىرى قايسىلار؟ دەرۋەقە، «بەلگىلىمە» نۇرغۇن «بۆرە» لەرنىڭ

ئىلگىرى تولىمۇ بەختىرامان ھالدا يەۋاتقان «ئىشى» غا «توپا» چاچتى. شۇڭا ئۇلار تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۆز قاچىلىرىدىكى «ئاش» نى ساقلاپ قېلىشقا ئورۇندى. مۇخبىرنىڭ كۆزىتىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ سەۋەبلەر مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان: بىرىنچى، رېستوران خوجايىنلىرى «ئىستېمالچىلار رېستوراندا ئۆزى ئەكىرگەن ھاراقلارنى ئىچىپ ھاراقتىن زەھەرلىنىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلسە، بۇنىڭغا كىم مەسئۇل بولىدۇ؟» دەپ قاراش؛ ئىككىنچى، رېستوران خوجايىنلىرى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن رېستورانلىرىغا سالغان كۆپ مىقداردىكى مەبلەغنى قىممەت باھادا ھاراق سېتىش ئارقىلىق تېزدىن قايتۇرۇۋېلىشقا ئورۇنۇش، چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تاماقنىڭ پايدىسى ھاراققا سېلىشتۇرغاندا بەكلا ئاز. ئۈچىنچى، مۇزىكانتلارغا بېرىلىدىغان ھەق، توك، سۇ، پار پۇلى قاتارلىقلارنى قىممەت باھادا ھاراق سېتىش ئارقىلىق تىرىلدۇرۇۋېلىش كويىدا بولۇش.

**يېڭى يۈزلىنىش:** ئۇنداقتا رېستورانغا ھاراق ئەكىرىشنى چەكلەش بىلەن چەكلەشكە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىددىيەتنىڭ نېگىزى زادى نەدە؟ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىچۇ؟

بۇ زىددىيەتنىڭ نېگىزى بىرلا نۇقتىدا، يەنى باھادا. دەرۋەقە «بەلگىلىمە» ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى رېستورانلاردىكى ھاراق، ئىچىملىك باھاسى بىلەن بازار باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە چوڭ بولۇپ، ئادەتتە بازاردا 18 يۈەندىن سېتىلىدىغان «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» رېستورانلاردا ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 30 يۈەندىن سېتىلىدۇ، بەش يۈەنلىك ئىچىملىك ئون يۈەنگە، 80 يۈەنلىك «خۇڭفاڭ» ھارىقى 160 يۈەنگە سېتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىمۇ بۇ خىل ئەھۋالنى ئىستېمالچىلارنى قاقتى - سوقتى قىلىش قىلمىشى، دەپ

قاراپ ئۇنىڭغا چەك قويىدى.

بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىمۇ بەيلاشقۇ باھادا. مۇبادا رېستوران خوجايىنلىرى باھا جەھەتتىكى ئىگىلىك پەشتاق» تىن چۈشۈپ، رېستوراندىكى ھاراق باھاسىنى بازار باھاسىغا تەدرىجىي يېقىنلاشتۇرسا، مەسىلە تولىمۇ تەبىئىي ھالدا ھەل بولىدۇ.

نۆۋەتتىكى ئەڭ يېڭى يۈزلىنىش شۇكى، نۇرغۇن رېستوران خوجايىنلىرى باھادا «ئېگىز پەشتاق» تىن سەكرەپ چۈشتى. نۇرغۇن رېستوران خوجايىنلىرى ھاراقلارنىڭ باھاسىنى بىر قېتىمدىلا زور دەرىجىدە چۈشۈرۈپ، بازار باھاسى بىلەن بولغان پەرقنى ئۈچ يۈەندىن بەش يۈەنگىچە قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. چۈنكى، كىممۇ رېستوراندا باھاسى مۇۋاپىــق ھاراق تۇرسا، سىرتتىن كۆتۈرۈپ ئەكىرىشنى خالايدۇ دەيسىز؟ دېمەك، يېڭى يۈزلىنىش ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، يېڭى يۈزلىنىش تېخى ئومۇمىيلىققا ئايلانغىنى يوق. يەنىلا بىر قىسىم «بۆرە» لەر ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەۋاتىدۇ. شۇڭا، «ئوۋچى» لار ھەرگىزمۇ بىخەستەلىك قىلسا بولمايدۇ. بۇ بىر مەيدان «ئېلىشىش» تا زادى «ئوۋچى» غەلىبە قىلامدۇ ياكى «بۆرە» مۇ؟ بۇنىڭغا يەنىلا ۋاقىت، ئەمەلىيەت جاۋاب بەرگىنى تۈزۈك، ئەلۋەتتە.

2005 ـ يىل مارت، ئۈرۈمچى

# مەڭگۈ ئۈزۈلمەس رىشتە

مەن سىلەرگە ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان ئىككى قىزنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى زەپەرگۈل ئابدى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ماھىرە تۆمۈر. بۇ تولىمۇ ئاددىي ئىككى يېزا قىزى ئۇ- رۇق - تۇغقانمۇ، قولۇم - قوشنىمۇ، ساۋاقداشمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇن يىل ئىلگىرى تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە تونۇشۇپ قالغان ئادەتتىكى دوستلار ئىدى. بىراق، ئۇلار ياڭراتقان چىن دوست- لۇق، ۋاپادارلىق كۈيلىرى تالاي يۈرەكلەرنى تىترىتىپ، تالاي قەلبلەرنى لەرزىگە سېلىپ، يەنە تالاي كۆزلەردىن ھاياجانلىق ياشلىرىنى ئاققۇزدى ...

## قاباھەتلىك سەھەر

1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاڭ سەھەر شەرقتىن يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن ئوتقاشتەك قۇياش ئىللىق نۇرلىرىنى كەڭ دالىغا تەكشى چاچماقتا ئىدى. ئاراتۈرۈك ناھىيە بازىرىدىن ئۈ- رۈمچى ۋاقتى سەھەر سائەت 5 تە يولغا چىققان «بېيجىڭ - 212» تىپلىق پىكاپ ئاراتۈرۈك - نوم تاشيولىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتات- تى. پىكاپنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا كالتە چاچ قويغان، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر قىز ئولتۇرغان بولۇپ، بۇ قىز دەل ھېكايىمىزنىڭ باش قەھرىمانى زەپەرگۈل ئىدى. زەپەرگۈل ئاراتۈرۈك ناھىيە توخۇلا يېزا بۇلاقبېشى كەنتىدىن ئىدى. نامراتلىق دەردىدىن ئاران باشلانغۇچ مەكتەپنىلا پۈتكۈزەلىگەن بۇ قىز مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تاغ - دالىلاردا ئۆزى يالغۇز يۈرۈپ تۆت

يىل مال باققان، كېيىن 280 يۈەنگە بىر فوتوئاپپارات سېتىۋې-
لىپ، ناھىيە بازىرىدا سۈرەتچىلىك قىلغان، 1993 - يىلى
3000 يۈەنگە بىر موتسىكلىت سېتىۋېلىپ، تاغمۇ ئار، باغمۇ
باغ چېپىپ يۈرۈپ، يۇڭ - تېرە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ،
ئاراتۈرۈك بويىچە خېلى نامى بار تىجارەتچى بولۇپ قالغان. ئۇ
بۈگۈن نوم بازىرىغا دوستى ماھىرە بىلەن شېرىكلىشىپ ئاچماقچى
بولغان ئاشخانىسىغا زاكالەت پۇلى تۆلەش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.
ماھىرەنىڭ ئۆيى نوم بازىرىدا بولۇپ، بۇ ئىككىيلەن 1995 -
يىلى 2 - ئايدا بىر قېتىملىق قىزلار چېيىدا تونۇشۇپ قالغان.
ماھىرە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن كەسپىنى پۈتكۈزگە-
نىگە ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، خىزمەت
بولمىغاچقا، ھازىرغىچە ئۆيىدە بىكار ئولتۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا بۇ
ئىككى دوست مەسلىھەتلىشىپ، زەپەرگۈلنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى
بىلەن نوم بازىرىدا ئاشخانا ئاچماقچى بولۇشقانىدى. قوغۇن پىش-
قان مەزگىللەردە نومغا تەرەپ - تەرەپتىن قوغۇن سېتىۋېلىشقا
كېلىدىغان تىجارەتچىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ چاغلاردا نوم-
دىكى ئاشخانىلارنىڭ بازىرى چىقىپ كېتەتتى.

يىراقلارغا نەزەر سېلىپ، كۆڭلىگە گۈزەل ئارزۇ -
ئارمانلارنى پۈكۈپ ئولتۇرغان زەپەرگۈل بۈگۈنكى بۇ خاسىيەتلىك
سەھەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس قاباھەتلىك سەھەر
بولۇپ قېلىشىنى نەدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرگەن دەيسىز؟!

نومغا تەخمىنەن 20 كىلومېتىرچە قالغاندا، تېز سۈرئەتتە
كېتىۋاتقان پىكاپ چاق ئوقىنىڭ تۇيۇقسىز سۇنۇپ كېتىشى سە-
ۋەبلىك يولدىن چاچراپ چىقىپ، سايدا نەچچە موللاق ئېتىپ
كەتتى. قاباھەت مانا مۇشۇنداق باشلاندى. زەپەرگۈل پىكاپنىڭ
ئىشىكىدىن خۇددى بىرى تاشلىۋەتكەندەك يەتتە - سەككىز مېتىر
نېرىغا ئۇچۇپ كەتتى. پىكاپتىكى زەپەرگۈلدىن باشقا شوپۇر بى-
لەن ئۈچ يولۇچى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۇدەك دەرىجىدە



www.uyghurkitap.com

ساپساق ئىدى. بىراق، زەپەرگۈل ئىغىر يارىلاندى، ئۇنىڭ بېشىدىن ئاققان قان چاپان ۋە ئاپئاق كوپتىسىنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنىدى.

ئالاھازەل 20 مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، زەپەرگۈل ئىڭرىغىنىچە كۆزىنى ئاچتى.

— ئەھۋاللىرى قانداقتۇ؟ — دەپ سورىدى شوپۇر قورقۇمسىراپ تۇرۇپ.

— بىلىم!... بىلىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىككى پۇتۇمنى مىدىرلىتالمايۋاتىمەن.

چوڭ يولدا نە ئادەم، نە ماشىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى، زەپەرگۈل ئىڭرىغىنىچە داق يەردە ئۇڭدا ياتاتتى.

يېرىم سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاراتۇرۇك تەرەپتىن سېمونت باسقان بىر ئاپتوموبىل كەلدى. ئۇلار زەپەرگۈلنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە كۆتۈرۈپ ئېلىپ، سېمونت خالتىلىرىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ نوم دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلدى.

— ۋاي، ساڭا نېمە بولدى، دوستۇم؟ ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدىلا ساپساق ئىدىڭغۇ؟ مېنى دەپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭمۇ؟ دوستىنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ يېتىپ كەلگەن ماھىرە دوستىنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش زەپەرگۈلنىڭ مەڭزىگە يامغۇر تامچىلىرىدەك تۆكۈلمەكتە ئىدى.

نوم دوختۇرخانىسىدىكى ئابدۇۋاھىد دوختۇر زەپەرگۈلنىڭ يېرىلغان بېشىنى 14 يېپلىق تىكتى، بىراق بەل قىسمىدىكى زەخمىگە ئۇنىڭ ئامالى يوق ئىدى. شۇڭا زەپەرگۈل شۇ كۈنىلا ئاۋۋال ناھىيىلىك «خەلق» دوختۇرخانىسىغا، ئۇ يەردىن يەنە قۇمۇل ۋىلايەتلىك جۇڭگو تېبابەت دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلدى. دوستىغا ھەمراھ بولۇپ قۇمۇلغا كەلگەن ماھىرە ئالدىراشچىلىقتا

بىرەر قۇر ئارتۇق كىيىم ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى، ئۇ ئۆيدىن مۇشۇ چىقىپ كەتكىنىچە بىر يېرىم ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

دوختۇرنىڭ ئاخىرقى دىئاگنوزى مۇنداق بولدى: زەپەرگۈلنىڭ 12 ـ، 13 ـ ئومۇرتقىسى سۇنغان، يۇلۇننىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەنگەن. ياخشى بولدى دېگەندىمۇ، بەلنىڭ تۆۋەنكى قىسمى پالەچ بولۇپ قېلىشى ئېنىق.

بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق سۆزلەر ـ ھە! ئەمدىلا 25 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، تېخى ئۇن گۈلنىڭ بىرىنىمۇ ئېچىلمىغان، تۇنۇگۇنلا تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ شوخ كېيىكتەك قىيغىتىپ يۈرگەن، موتسىكلىتقا مىنىپ خېلى ـ خېلى يىگىتلەرمۇ قىلالمايدىغان سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى گۈلىنى گۈلگە كەلتۈرۈپ قىلىپ، ئائىلىسىنى گۈلدەك بېقىۋاتقان بىر قىز مانا ئەمدى يېرىم جان بولۇپ، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالسا، بۇنداق قارا قىسمەتنى كىممۇ قوبۇل قىلالىسۇن!؟ بىراق، بۇ چۈش ئەمەس، بەلكى رەھىمسىز رېئاللىق ئىدى. زەپەرگۈل ئېغىر ئازاب ئىچىدە كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ كېچە ـ كۈندۈز ياش تۆكتى، ئازابلاندى، ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ماھىرەنىڭ يۈرەك باغرى لەختە ـ لەختە قانغا تولدى، ئۇ كۆز ياشلىرىنى دوستىغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن سىرتلارغا چىقىپ نەچچە قېتىملاپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى، دوستى ئۈچۈن ئېچىندى ھەم ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن غەم قىلدى.

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى، زەپەرگۈل بولسا ئاشۇ كېسەل كارىۋىتىدا ياتقىنى ياتقان. ماھىرە بىلەن زەپەرگۈلنىڭ سىڭلىسى ئايگۈل ئۇنىڭ كارىۋىتى ئەتراپىدا پەرۋانە.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى زەپەرگۈلنىڭ دادىسى ئابدى گالى بىلەن

ئاپىسى پەزىلەتخان سۇلايماننىڭ بېشىغا غەم چۈشۈشكە باشلىدى. زەپەرگۈل ئىلگىرى سودا قىلىپ يىغقان 10 مىڭ يۈەن 20 كۈنگىمۇ بارماي تۈگىدى. 20 مو يەرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان توققۇز جان بار ئائىلىدە نەدىمۇ ئارتۇقچە پۇل دەيسىز؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەپتىدە نەچچە قېتىم ئاراتۇرۇككە قاتراپ ئۇ يەردىن 1000 يۈەن، بۇ يەردىن 500 يۈەن قەرز ئېلىپ قىزنى داۋالاتتى. شۇ كۈنلەردە ئابدى گالى بىلەن پەزىلەتخان تۈگىشىپلا كەتتى. ئائىلىسىدىكى ئىككى «1 ـ دەرىجىلىك مېيىپ» نى ئاز دېگەندەك، ئوغۇل بالىغا تېگىشكۈسىز بۇ قىزنىڭمۇ تەقدىر ـ قىسمەت تۈپەيلىدىن ئاشۇ مېيىپلار قاتارىغا قېتىلىپ قېلىشى ئۇلارنى ئازابلىماقتا ئىدى.

دوختۇرخانىدا توپتوغرا 45 كۈن يېتىپ، 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق داۋالىنىش پۇلى تۆلىگەن زەپەرگۈل 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ئاراتۇرۇككە قايتىپ كەلدى. ئۇ-نىڭ بېقىنىغا سۇيدۇك خالتىسى ئېسىلغان بولۇپ، بەلىنىڭ تۆۋە-نىدە سېزىم بولمىغاچقا، تاماقنىمۇ دۈم يېتىپ يەيتتى. بىراق، ئۆيگە قايتىپ چىقىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا يەنە دوختۇرخانىغا قايتا بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

## تەقدىر كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ

زەپەرگۈل بىلەن ماھىرە ئىككىنچى قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئاۋۋالقىدەك ئاراتۇرۇككە قايتىپ كەتمىدى. ئۇلار داۋالىنىشقا قۇلايلىق بولۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، قۇمۇل شە-ھىرىدىن بىر ئۆينىڭ ئايلىقىنى 70 يۈەندىن ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى. ماھىرە ئاتا ـ ئانىسىنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە قايىل قىلىپ، دوستىغا قاراش ئۈچۈن قۇمۇلدا قالدى. ئۇلار خۇددى ساقالدىكى ئاشقا ئوخشاش ئاز ـ ئازدىن بېرىلىۋاتقان تۆلەم پۇلىغا

www.uyghurkitap.com

تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ماھىرە ئاش ـ تاماق ئېتىش، كىر ـ قات يۇيۇش، دوستىنىڭ ھاجىتىدىن چىـقىش، چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتىرىپ دوستىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش، بازار ئايلاندۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئائىلىسىگىمۇ كەمدىن ـ كەم باراتتى.

2000 ـ يىلى نويابىر ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، سىرتـتىن كۆكتات سېتىۋېلىپ كىرگەن ماھىرە چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيالغا پېتىپ كەتكەن دوستىنى گەپكە تۇتتى.

— كۈنىمىز بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا مەن بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلەيمىكىن دەيمەن، — دېدى ماھىرە.

— نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟ — سورىدى زەپەرگۈل.

— يەر ئاستى سودا بازىرىدىكىلەر مال ساتقۇچى قوبۇل قىلىدىكەن، شۇ يەردە ئىشلەيمىكىن.

— سەن ئىشقا كەتسەڭ مەن قانداق قىلىمەن.

— ھەممە نەرسىنى ساڭا قولايلىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىمەن، چاقلىق ھارۋىنى ئۆزۈڭ ئىتتىرىپ ماڭالىغاندىن كېيىن، زېرىكسەڭ سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كەلسەڭمۇ بولىدۇ، چۈشتە تاماقنى سىرتتىن يېگىن! كەچلىك تاماقنى ئىشتىن كېلىپ مەن ئېتىمەن.

مۇشۇ سۆھبەتتىن كېيىن ماھىرە راستىنلا يەر ئاستى سودا بازىرىغا بېرىپ ئىشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ھەر ھالدا كاپالەتكە ئىگە بولدى. 2002 ـ يىلى 5 ـ ئايدا زەپەرگۈلـنىڭ قولىغا يەنە 25 مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلى تەگدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار 25 مىڭ يۈەننى نەق تاپشۇرۇش، قالغان 11 مىڭ يۈەننى بىر ئايدىن كېيىن تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن يەر ئاستى سودا بازىرىدىن ماھىرەنىڭ ئىزچىل كۆزى چۈشۈپ يۈرگەن ئۈچ يايما ئورۇننى بىراقلا سېتىۋالدى، مانا ئەمدى ماھىرە ئىشلەمچىدىن «خوجايىن» غا ئايلىنىپ، ئۇرۇمچىگە ئايدا نەچچە رەت قاتراپ

ئاياغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئەزەلدىن سودا ـ تىجارەت، ھېساب ـ كىتابقا ئېپى بار زەپەرگۈل بولسا ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ «مالىيە مىنىستىرى» بولدى. ئۇلارنىڭ سودىسى تېزلا روناق تېپىپ، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا يەنە ئۇچ يايما ئورنى سېتىۋېلىپ، مال ساتقۇچىدىن ئىككىنى ياللاپ ئىشلەتتى.

2003 ـ يىلى 7 ـ ئايدا زەپەرگۈل چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ، قۇمۇل شەھىرىدىكى مەخسۇس مېيىپلار ئىشلىتىدىغان ئۇچ چاقلىق كىرا موتسىكلىتىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ بىر مېيىپ كىراكەشنى توختىتىپ بىرەر قۇر ئەھۋال ئىگىلەپ كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۇ ماھىرەگە:

— ئۇچ چاقلىق موتسىكلىتتىن بىرنى ئېلىپ كىراكەشلىك قىلايمىكىن دەيمەن، سەنچە قانداق؟ — دېدى.

— نېمە دەيسەن، كىراكەشلىك قىلىمەن؟... ھازىر كۈندە مىڭ بىر ئوبدان كېتىۋاتىدىغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق بىكار يۈرۈپ بەكلا زېرىكتىم، ئادەم يالغۇز قالسا خىيال باسىدىكەن، تەڭتۇش قىزلارنى كۆرسەم كۆڭلۈم بۇزۇلىدىكەن، بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ھالال ئىشلەپ پۇل تاپسام نېمىسى يامان؟

— مەن قېشىڭدا بولمىسام، كىم سېنى موتسىكلىتقا كۆتۈرۈپ چىقىرىپ، كۆتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ؟ مەن قوشۇلمايمەن.

— ئالىمەن دېدىممۇ ئالىمەن، سەن قوشۇلمىساڭ كارىم يوق.

— قىيىنلىپ قالىسەن دەيمەن.

— قىينالسام مەيلى، بىكار يۈرگەندىن ياخشى.

خېلى كۆپ دەتالاشتىن كېيىن ماھىرە ئىلاجسىز زەپەرگۈلنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

ئەتىسى ئىككىيلەن بازارغا چىقىپ، سىرلىق رەڭلىك كىرا موتسىكلىتىدىن بىرنى 6000 يۈەنگە سېتىۋالدى. ئىلگىرى ئىككى چاقلىق موتسىكلىتنى كۆپ مىنگەن زەپەرگۈل ئانچە قىينالمايلا بۇنىڭغا ئۆزلىشىپ قالدى ھەم قۇمۇلنىڭ چوڭ ـ ئىنچىك كوچىلىرىدا تىنىم ـ تاپماي قاتراپ كىراكەشلىك قىلىپ، ھەر كۈنى 30 ـ 40 يۈەندىن كىرىم قىلىدىغان بولدى.

دوستىنىڭ ھەممە ھاجىتىدىن ئۈن ـ تىنسىز چىقىپ كېلىۋاتقان، ھەپتىدە بىر دوستىنى پاكىز يۇيۇپ، تاراپ قويىدىغان ماھىرەگە يەنە بىر يېڭى «ۋەزىپە» يۈكلەندى، ئۇ بولسىمۇ ھەر كۈنى سەھەردە دوستىنى كۆتۈرۈپ موتسىكلىتقا چىقىرىپ ئۇزۇتۇپ قويۇش، كەچتە ئالدىغا چىقىپ كۆتۈۋېلىپ كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىش. بۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ تەبىئىي ھەم ئادەتتىكى ئىشلار ئىدى.

ئىككى ۋاپادار قەدىناس دوستنىڭ ئورتاق مېھنىتى بەدىلىگە زەپەرگۈل دوختۇرخانىدا داۋالانغان چاغدا ئاتا ـ ئانىلىرى ئالغان قەرزلەرمۇ پۈتۈنلەي تۈگەپ، 2004 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 34 مىڭ يۈەنگە ئۆي سېتىۋېلىپ، ئۆيىنى زامانغا لايىق قىلىپ بېزىدى. يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەن كۈنى ئىككىيلەننىڭ چېھرىدىن ھەقىقىي شادلىق جىلۋە قىلدى.

زەپەرگۈلنىڭ ئۈچ چاقلىق كىرا موتسىكلىتىدا باشلانغان زىيارەتنىڭ ئاخىرى ئۇلارنىڭ شەھەرئىچى يېزا جىگدىقۇدۇق كەنتىدىكى كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك تولىمۇ چىرايلىق بېزەلگەن يېڭى ئۆيىدە داۋاملاشتى.

— ماھىرە، بۇ يىل 28 ياشقا كىرىپسىز، توي قىلىشنى ئويلاشمىدىڭىزمۇ؟ مۇبادا سىز كۆڭلەرنىڭ بىرى توي قىلسىڭىز زەپەرگۈلگە كىم قارايدۇ؟

بۇ سوئالىمدىن زەپەرگۈل بىلەن ماھىرە تەڭلا ئېغىر سۇكۇت-

كە چۈمدى. ھايال ئۆتمەيلا زەپەرگۈلنىڭ مەڭزىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. ئۇ كۆزىنى مەندىن ئېلىپ قېچىشقا ھەر-قانچە ئۇرۇنسىمۇ، كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالغاندى. ماھىرەنىڭ كۆز چاناقلىرىدىمۇ ياش لىغىرلايتتى. مەن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇۋېلىپ ئۇلارغا تىكىلدىم. ئارىنى خېلى ئۇزاق سۈكۈت باستى.

— ئاتا - ئانامىمۇ «توي قىل!» دەپ ئالدىرىتىۋاتىدۇ. لېكىن مېنىڭ زەپەرگۈلنى يالغۇز تاشلاپ ھېچ يەرگە كەتكۈم يوق، كۆرۈپ تۇرۇپلا، ئۇ ماڭا موھتاج، — ماھىرەنىڭ تولىمۇ تەسىلىكتە ئېيتقان سۆزلىرى ئاربىكى جىملىقنى بۇزدى.

— مەنمۇ ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر مەن بىلەن ئۆتۈشىنى خالىماي-مەن، ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم توي قىلىۋېلىشنى دېسەم، پەقەت ئۇنىمىدى. راستىنى ئېيتسام، «ماھىرە توي قىلىپ كەتسە ساڭا بىز قارايمىز» دېگەنلەر خېلى بار. لېكىن مەن ھېچقايسىسىنى ئۇنىڭغا تەڭ قىلمايمەن. ئۇ مەن ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە قالغاندا ھەقىقىي دوستلۇقنى يەتكۈزدى. مەن مەڭگۈ ئۇنىڭدەك كۆيۈمچان دوست تاپالمايمەن، بىراق …

زەپەرگۈل ئېسەدەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. شۇ چاغدا مېنىڭمۇ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى…

2005 - يىل ماي، ئاراتۈرۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئالتۇن تۈپىدىمۇ پارقىرايدۇ

## كىچىك ماتېرىيال

مۇھەممەدئېلى مۇھەممەدئىمىن، ئالىي دەرىجىلىك توكچى، 1971 - يىلى 4 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. قۇمۇل شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى قارمىقىدىكى رېمونتچىلىق پونكىتىنىڭ باشلىقى. ئۇ 34 يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت، شەھەر ۋە قورۇلۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشكەن. 2003 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مۇھىت تازىلىقى سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپكە، 2004 - يىلى دۆلەت كادىرلار مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن شەرەپكە نائىل بولغان.

ئالدىمدا تۇرغان ئاق يۈزلۈك، پاكار بويلۇق، دوغىلاق كەلگەن، قارا كۆزەينەك تاقىغان، مايلاشقان ئىش كىيىمى كىيگەن بۇ كىشى مەن سىلەرگە تونۇشتۇرماقچى بولغان مۇھەممەدئېلى ئۇستام بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئاددىي - ساددا تۇرقىغا قاراپ ئۇنى ھەرگىز سەل چاغلاپ قالماڭ! ئۇ ئاددىي تازىلىق ئىشچىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دۆلەتكە، جۇملىدىن، قۇمۇللۇقلارنىڭ پاكىز - ئازادە مۇھىتتا ياشىشىغا قوشقان تۆھپىسى كۆپ. شۇنداق بولغاچقا، مۇھەممەدئېلى ئۇستامنى قۇمۇل شەھىرىدە تونۇمايدىغانلار ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ بۇنداق كاتتا «ئىلتىپات»قا ئېرىشكۈدەك زادى قانچىلىك چوڭ تۆھپىسى بار دەمسىز؟ پاكىت

شۇكى، ئۇ قول ئاستىدىكى ئالتە - يەتتە ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ، 1999 - يىلدىن 2005 - يىلى 4 - ئايغىچە بولغان ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، دۆلەتكە 1 مىليون 520 مىڭ يۈەن تېجەپ بەردى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى تېجەش ئۇچۇن قانچىلىك ئەجىر - مېھنەت سەرپ قىلغانلىقىنى مۆلچەرلەش تولىمۇ مۇشكۇل. شۇڭا تۆۋەندىكى سەھىپىلىرىمىزدە مۇھەممەد- ئېلى ئۇستامنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرماقچى.

ھاياتلىقتا مۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قېلىش بولۇشىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ مەن مۇھەممەدئېلى ئۇستامنى زىيارەت قىلغى- لى بارغان 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دەل ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەد- ئىمىن ئاكا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىگە 12 يىل بولغان خاتىرە كۈن ئىكەن. ئۇ دەسلەپ ئاشۇ قاباھەتلىك «15 - ئاپرېل» توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى خالىمىدى. مېنىڭ قايتا - قايتا «قىيىن - قىستاق»قا ئېلىشىم بىلەن ياشقا تولغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە 12 يىل ئىلگىرىكى بۇ كۈننى چوڭقۇر ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئەسلەپ ئۆتتى...

1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى. تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن مۇھەممەدئېلى ئۇستام چالا - بۇلا ناشتا قىلىپلا، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان دادىسىنى يوق- لىۋېتىپ ئاندىن ئىشقا بېرىش ئۈچۈن ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ھويلىدىن چىقتى. سىرتتا بوران دەھشەتلىك نەرە تارتماقتا ئى- دى. بۇنداق كۈچلۈك بوراندا ۋېلىسىپىت بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىشمۇ تەسكە توختايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر تازىلىق ئىشچىسى كېلىپ خەۋەر يەتكۈزدى:

— ئەخلەت مەيدانىدىكى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قاپتۇ. ئۇ يەردىكىلەر سىزنى كېلىپ كۆرۈپ باقسىكەن دەيدۇ.

مۇھەممەدئېلى دەماللىققا بىرھازا تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى دادىسىنىڭ كېسىلى بەكلا ئېغىرلىشىپ

كەتكەن بولۇپ، دوختۇرلارنىڭ سۆزىدىن دادىسىنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈكلا ئۆمرى قالغانلىقى مەلۇم ئىدى. شۇڭا ئۇ سەھەردىلا دادىسىنى يوقلاش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭغانىدى. «مەن ئالدىراپ مەن ماڭغىلى، ئىشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى، دېگەندەك، مۇشۇنداق چاغدا توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن چاتاق چىققىنىنى قارىمامدىغان، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ سەن بېرىپ كاشىلىنى ئوڭشىۋەت دەپ ئىشقا بۇيرۇغىدەك بىرەرى بولسىغۇ كاشكى! بىراق، مۇشۇنداق بورانلىق كۈندە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن چاتاق چىقىپ ئەتىگەندىن بۇيان توشۇپ كېلىنگەن تونىنا - تونىنا ئەخلەت ۋاقتىدا كۆمۈۋېتىلمىسە، ئەخلەت - چاۋار، قەغەز پارچە-سى، سۇلياۋ خالتا دېگەندەك نەرسىلەرنى بوران ئۇچۇرۇپ قۇمۇل شەھىرىنى نېمە قىلىۋېتەر؟! بۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟ ئەلۋەتتە، رېمونتچىلىق پونكىتى بىلەن ئەخلەت مەيدانىنىڭ مەسئۇلى بولغان مەن ئۈستۈمگە ئېلىشىم كېرەك - دە!»

ئاشۇ خىياللار چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىدىن كەچكەن مۇھەممەدئېلى ئۇستام دەرھال تازىلىق ئىشچىسىغا بۇيرۇدى:

— يېقىن ئەتراپتىكى ئەخلەت توشۇيدىغان ماشىنىلاردىن بىرىگە خەۋەر قىل، مەن ھازىرلا ئەخلەت مەيدانىغا بارىمەن.

ئۇ ھايال ئۆتمەي ئەخلەت مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە بوران تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، توپا - چاڭ دەستىدىن كۆزنى ئاچماق تەس ئىدى. ئەخلەت - چاۋار، توپا - چاڭ ھەممىلا يەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇ ئەخلەت ماشىنىسىدىن چۈشۈپلا، ئىش كىيىمىنى ئالماشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىغا چىقىپ، كاشىلىنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى. بىراق، ئۇ شۇنچە ھەپىلەشسىمۇ كاشىلىنى زادىلا تاپالمىدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. تۇمۇر «مەخلۇق» ئۆز ئورنىدا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇراتتى، سائەت 9 لار ئەتراپىدا مۇھەممەدئېلى ئۇستامنىڭ ئىنىسى مۇھەممەدزۇ-

نۇن كېلىپ، ئۇنىڭغا شۇم خەۋەر يەتكۈزدى:
— دادام ئۆزگىرىپ قالدى، ئاپام سېنى چاققان دوختۇرخا-نىغا كەلسۇن دەيدۇ.
مۇھەممەدئېلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇددى زىمىستاندا بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى.
— نېمە دەيسەن؟ دادام زادى هاياتمۇ؟
— هازىرچە هايات، بىراق ئەھۋالى بەك ناچار.
— سەن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلارغا خەۋەر قىلىپ تۇرغىن، ئۇكام. مەن بۇنى رېمونت قىلىۋېتىپ دەرھال بارىمەن، ئەخلەت-لەرنى كۆمۈۋەتمىسەك بوران شەھەرنىمۇ ئەخلەتخانىغا ئايلاندۇرۇ-ۋېتىدۇ.
ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى، بىر سائەتتىن كېيىن تۆمۈر «مەخلۇق» ھەرىكەتكە كەلدى.
ئەمدى كۆڭلى ئەمىن تاپقان مۇھەممەدئېلى چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ، يەنە بىر ئەخلەت ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ شە-ھەرگە قاراپ ماڭدى.
ئۇ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا بالىنىست بۆلۈمىنىڭ كارىدورىغا قەدەم بېسىپلا زال ئىچىدىن كۆتۈرۈلگەن يىغا - زارە ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خۇددى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدى ھەم كىملەرنىڭ-دۇر يۆلىشى بىلەن دەلدەڭشىپ مېڭىپ ياتاققا كىرىپ، دادىسى-نىڭ تېخى مۇزلاپ كەتمىگەن جەسىتىگە ئۆزىنى تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

## تىنىم تاپماس «ئەپچىلەم»

قۇمۇل شەھىرىنىڭ مۇھىت تازىلىقى سىستېمىسىدىكى ئىشـ-چى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا مۇھەممەدئېلى ئۇستامنىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئۆزگىچە نامى بار. ئۇنىڭ بىرى، «ئەپچىلەم»، يەنە

بىرى، «كەشپىيات پادىشاھى». دەرۋەقە، بۇ ئىككى نام ئۇنىڭغا ھەرگىز مۇنداقچىلا بېرىلگەن ئەمەس. كىچىكىدىن تىلسىز ئۆيدىكى قولچىراغ، رادىئو، ۋېلىسىپىت، قول ھارۋىسى قاتار-لىقلارنى چۇۋۇپ ـ قۇراشتۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن «بۇزۇ-غۇنچى» دەپ نام ئالغان مۇھەممەدئېلىنىڭ قولىدىن توك ۋە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەرقانداق رېمونت ئىشى قېچىپ قۇتۇ-لالمايدۇ. شۇڭا ئەتراپتىكىلەر ئۇنى «ئەپچىلەم» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ يەنە قۇمۇل شەھىرىدىكى 1000 دانە شۆپۈك ساندۇقىنىڭ 500 نى، 230 دانە چوڭ ئەخلەت ساندۇقىنىڭ 200 نى، 21 ئەخلەت ئۆيىنىڭ 20 سىنى، 80 ئەخلەت تۆكىنىڭ 60 نى ئۆز قولى بىلەن ياسىغان، ئۇ ياسىغان كۆلدانلىق شۆپۈك ساندۇقى ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇمۇل شەھىرىدىن باشقا ھېچقانداق يەردە يوق. شۇڭا باشقىلار ئۇنى «كەشپىيات پادىشاھى» دەپمۇ تەرىپلىشىدۇ.

1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىت تازىلىقى سىستېمىسى بويىچە «تەگرىتاغ لوڭقىسى» نى تالىشىش مۇسابىقە پائالىيىتى يولغا قويۇلدى. قۇمۇل شەھىرى بۇ مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىش مەقسىتىدە 250 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ، ھەر بىرىنى 600 نەچچە يۈەندىن ياساتقان 400 دىن ئارتۇق شۆپۈك ساندۇقى بىر يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كاردىن چىقىپ، بىر توپ تۆمۈر ـ تەرسەككە ئايلىنىپ قالدى. قايتا نەچچە يۈزلەپ شۆپۈك ساندۇقى سېتىۋېلىشقا نەدىمۇ پۇل بولسۇن؟ بۇ ئىش شەھەر مەسئۇللىرىدىن تارتىپ باشقارما رەھبەرلىرىگىچە ھەممەي-لەننىڭ بېشىنى قاتۇردى.

2000 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى نەچچە ئايدىن بېرى «قورسىقىغا جىن كىرىۋالغان» مۇھەممەدئېلى ئۇستام ئا-خىرى «سەۋر قاچىسى توشۇپ» مۇھىت تازىلىق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى دۇ يۈەنشىڭ بىلەن ياچىيكا شۇجىسى جاڭ شىنشېڭنى ئىزدىدى:

— شوپۇك ساندۇقىنى رېمونتچىلىق پونكىتىمىزدا ئۆزىمىز ياساپ باقساقمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇ ئىككى رەھبەرگە.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ سىلەر ئاشۇ توت توك ـ توك ئادەم بىلەن بوزۇلغان ئەخلەت توشۇش، سۇ چېچىش ماشىنىسىنى رېمونت قىلالمىسىلەر، شوپۇك ساندۇقى ياسالمىسىلەر؟

— بوزۇلغان شوپۇك ساندۇقىنى ياساشقا ۋاقىت ھەم چىقىم بەك كۆپ كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، شوپۇك ساندۇقىنى ياخشى ماتېرىيال بىلەن ئۆزىمىز پۇختا قىلىپ ياسىساق نۇرغۇن چىقىمنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

— شوپۇك ساندۇقى ھەم تازىلىق بويۇمى، ھەم شەھەرنىڭ زىننەت بويۇمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى چىرايلىق، پۇختا قىلىپ ياساش ئاسان ئەمەس.

— ئادەم قىلغاننى ئادەم قىلالايدۇ، سىلەرگە يارىتىپ ياساشقا كۆزۈم يېتىدۇ.

— بۇنىڭغا خېلى كۆپ سايمان كېتىدۇ، بىزدە ئۇ نەرسىلەر يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە لايىھىسىنى كىم ئىشلەيدۇ؟

— ئاز ـ تولا كېرەكلىك سايمانلارنى ئېلىپ بەرسەڭلار، لايىھىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

رەھبەرلەر بىرنەچچە كۈنلۈك ئويلىنىشتىن كېيىن ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ئۇزاققا سوزۇلغان «ئۇرۇش» باشلاندى. مۇھەممەدئېلى ئۇستام ئۆز خىيالىنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن تاماق ۋە ئۇيقىنى ئۇنتۇپ، ئەسكى ـ تۇسكى قەلەيلەرنى كېسىش ـ ئۇلاش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. دەرۋەقە، ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، چېرتيوژ، خەرىتە دېگەنلەردىن ئازراقمۇ خەۋىرى يوق بىر «تومپاي» ئىشچى ئۈچۈن ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىرەر نۇسخىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى بەك مۇشكۈل ئىش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بىرى يارىمىسا يەنە بىرنى، ئۇمۇ يارىمىسا باشقا

بىرىنى لايىھىلەپ، تولۇقتوغرا 15 كۈندە ئۆز كۆڭلىگە ياققۇدەك بىر يېڭى نۇسخىدىكى شۆپۈك ساندۇقنى لايىھىلەپ چىقىپ، رەھ-بەرلەرگە كۆرسەتتى. «ئۆزۈڭگە يارىغان خانىغا ياراپتۇ» دېگەندەك، ئۇ لايىھىلىگەن نۇسخا باشقارما رەھبەرلىرىنىڭلا ئەمەس، شەھەر رەھبەرلىرىنىڭمۇ كۆڭلىگە ياقتى.

مۇھەممەدئېلى بىر ئاي ئىچىدە مۇشۇ خىلدىكى شۆپۈك ساند-ۇقىدىن 150 نى ياساپ شەھەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىغا ئورنى-تىش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەش شاگىرتى بىلەن مەشغۇلات ئۆيى يوق شارائىتتا رېمونتچىلىق پون-كىتىنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا قولاقنى يارغۇدەك تاراڭ - تۇرۇڭ»، «جاڭ - جۇڭ» سادالىرى ئىچىدە «جەڭ»گە كىرىشىپ كەتتى. تومۇز ئىسسىق ۋە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك دەستىدىن بەدەنلەردىن ئاچچىق تەر قۇيۇلاتتى، ئېغىر دەرىجىدىكى قەنت كېسىلى ئۇنى ھېلىدىن - ھېلى قاچىدىكى سۇغا قول ئۇزىتىشقا ۋە ھاجەتخانىغا يۈگۈرۈشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىشى، شاگىرتلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مە-دەت بېرىشى نەتىجىسىدە 150 دانە شۆپۈك ساندۇقى 20 كۈن ئىچىدە پۈتۈپ، شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆزگىچە «لاتاپەت» بىلەن ئورۇن ئالدى. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن چېھرىدە مەمنۇنىيەت كۈلكىسى جىلۋە قىلدى.

2001 - يىلى مۇھەممەدئېلى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىك-كىنچى تۈركۈمدە يەنە 100 دانە چىرايلىق شۆپۈك ساندۇقى يا-ساپ، شەھەر كوچىلىرىنى زىننەتلىدى. 2003 - يىلى ئۇلار ئۈچىنچى تۈركۈمدە يەنە 200 دانە شۆپۈك ساندۇقى ياساشقا تەرەد-دۇت قىلىۋاتقاندا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ بىر رەھبىرى ئۇنىڭغا كۆلدانلىق شۆپۈك ساندۇقنى لايىھىلەپ كۆرۈش تەكلىپىنى بەر-دى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر قېتىم كۆلدانلىق شۆپۈك ساندۇقى لايىھىلەشكە كىرىشىپ كەتتى. دېمىسىمۇ، شۆپۈك ساندۇقىغا

كىشىلەر مېۋە - چېۋە شۆپۈكلىرىدىن باشقا يەنە قەغەز، تاماكا قالدۇقى قاتارلىقلارنىمۇ تاشلايدۇ، مۇبادا ئۆچۈرۈلمىگەن تاماكا قالدۇقى قەغەز پارچىلىرىغا چۈشسە ئوت كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلەتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشقا كىرىشىپلا قالدى، ئۇ ئاخىرى غالىب كەلدى. بىر ئايغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 200 كۈلدانلىق شۆپۈك ساندۇقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدىن ئورۇن ئالدى. دېمەك، ئۈچ تۈركۈمدە 500 شۆپۈك ساندۇقى ياسالدى، ئەسلىدە ھەر بىرى 600 يۈەنگە توختايدىغان ساندۇقلار مۇھەممەدئېلى ئۇستامنىڭ قولى ئارقىلىق 350 يۈەن بىلەن پۈتتى، ئۇلار مۇشۇ بىر تۈردىلا دۆلەتكە 125 مىڭ يۈەن تېجەپ بەردى.

شۆپۈك ساندۇقى ياساش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئەخلەت ئۆيى، چوڭ ئەخلەت ساندۇقى ۋە ئەخلەت تۇڭى قاتارلىقلارنى ياساشقا كىرىشىپ كەتتى. مۇھەممەدئېلى ئۇستام ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق 7500 يۈەنلىك ئەخلەت ئۆيى 4000 يۈەن بىلەن، 6000 يۈەنلىك چوڭ ئەخلەت ساندۇقلىرى 3000 يۈەن بىلەن، 1000 يۈەنلىك ئەخلەت تۇڭلىرى 500 يۈەن بىلەن پۈتكۈزۈلدى ۋە قۇمۇلنىڭ مەھەللە، كوچىلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

2004 - يىلى قۇمۇل شەھىرى ئەخلەتلەرنى پرېسلاپ توشۇيدىغان يېڭى تىپتىكى ماشىنىدىن ئىككىنى سېتىۋالدى. بۇ ماشىنىغا ئىلگىرىكى ماشىنىلارغا قارىغاندا ئەخلەتنى يەتتە - سەككىز ھەسسە كۆپ قاچىلىغىلى بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ماشىنىلارنىڭ ئۈستى يېپىق بولۇپ، ئەخلەتلەرنى توشۇش جەريانىدا كوچىلارغا چېچىلىپ كەتمەيتتى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن شەھەر بويىچە ئىشلىتىۋاتقان 230 ئەخلەت ساندۇقى بۇ ماشىنىغا ماس كەلمەي قالدى. يېڭى مەسىلە ھەممەيلەننى گاڭگىرىتىپ قويدى. مۇبادا كونا ئەخلەت ساندۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى پاخوتقا

چىقىرىۋېتىپ، مۇشۇ ماشىنىغا ماس كېلىدىغان يېڭى تىپتىكى ئەخلەت ساندۇقلىرىنى سېتىۋېلىشقا توغرا كەلسە، ھەربىر ساند-دۇقنى 6500 يۈەندىن ھېسابلىغاندا، بۇنىڭغا جەمئىي 1 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېتەتتى. بۇ پۇلنى نەدىن غەم-لەش كېرەك؟ مۇبادا كونا ساندۇقلارنى ئۆزگەرتىسچۇ؟ بۇ غۇ ياخشى ئىش، بىراق، بۇ ئىشنى كىم قىلىدۇ؟

شۇ چاغدا دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان مۇھەممەدئېلى ئۇستام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ دەرھال دوخ-تۇرخانىدىن قايتىپ چىقىپ، ئەتىسىلا رېمونتچىلىق پونكىتىنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا كونا ئەخلەت ساندۇقىنى ئۆزگەرتىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە باشقارما، ئىدارە رەھبەرلىرىنىڭ قايتىپ بېرىپ داۋالىنىش توغرىسىدىكى نەسىھەتلىرى، ئاپىسى ئايشەم-خان، ئايالى رەيھانگۈل ۋە ئوغۇللىرى يالقۇن بىلەن ئادىللارنىڭ رەنجىش، ئاچچىقلىنىشى ھەم تاپا - تەنىلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. كېسەل ئازابى، تومۇز ئاپتاپ ئۇنى ئىرادىسىدىن قايتۇرالمىدى، ئۇ تۆمۈر - تەرسەكلەر ئىچىدە ئۆزى ئىنژېنېر، ھەم توكچى بولۇپ ئىككى ئايغا يېقىن ئىشلەپ، ئاخىرى 200 نەچچە كونا ئەخلەت ساندۇقىنى يېڭى تىپتىكى ماشىنىغا لايىقلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ چىقتى.

يېڭى تىپتىكى ماشىنىلار ئۆزگەرتىلگەن ئەخلەت ساندۇق-لىرىدىكى ئەخلەتلەرنى ئاپتوماتىك ھالدا كوزۇپلارغا تۆكۈپ ئەخ-لەت مەيدانى تەرەپكە قاراپ غارقىراپ ماڭغاندا، ئىدارە، باشقارما رەھبەرلىرى خۇددى كاتتا مۇراسىمغا قاتنىشىۋاتقاندەك ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ بۇ «مۆجىزە»نى كۆرۈپ شادلىنىپ چۇمۇشتى ھەم بۇ «مۆجىزە»نى بارلىققا كەلتۈرگۈچى «كاتتا كەشپىياتچى» مۇھەممەدئېلى ئۇستامنى قىزغىن تەبرىكلەشتى. تەرەپ - تەرەپ-

سۆزلىرىنى ھەشقاللا - رەھمەت، ئاپىرىن، ئىپتىلىۋاتقان تىن
بەرمىگەندەك يۈز ئىش ھېچ گويا ئۇستام مۇھەممەدئېلى ئاڭلىغان
ئارىسىغا «تەرسەكلىرى - تۆمۈر» ئاشۇ كۆلگىنىچە مىيىقىدا
كىرىپ كەتتى...

2005 - يىلى ئاپرېل، قۇمۇل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھەدىيە خانىم، مىلىيونېر بولغۇڭىز يوقمۇ؟

«ھەدىيە» كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە داڭلىق كۆز كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى ھەدىيە ھاشىم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئوبدانلا تونۇشلۇق. بۇنىڭدىن خېلى چاغلار ئىلگىرى ھەدىيە خانىمنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغانىدىم. مانا، ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ يىل ماي ئېيىدا، يەنى شىنجاڭ «ھەدىيە» كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدىن بىرى بولغان بۇلاقبېشى كوچىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلدىم. بۇ قېتىم مەن نەزەرىمنى كۆپرەك ھەر مىللەت خەلقى تەرىپىدىن «يورۇقلۇق پەرىشتىسى» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ مۇتەخەسسىسنىڭ ئىدىيىسىنى «قېزىپ كۆرۈش» كە، ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلەش يولىدا بېسىپ ئۆتكەن قەدەم ئىزلىرىنى «ئاختۇرۇپ كۆرۈش» كە، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئون يىل جەريانىدىكى خۇشاللىق ھەم غەم - قايغۇلىرىغا قۇلاق سېلىشقا قاراتتىم.

1995 - يىلنىڭ بېشىدا ھەدىيە ھاشىم لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسىدىن ئۈرۈمچى نېفىت دوختۇرخانىسىنىڭ كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە ئالمىشىپ كەلدى. ئۆزى 24 يىل كىيگەن ھەربىي فورمىنى سېلىۋېتىپ يەرلىككە ئالمى-

شىش ھەربىيلەر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھازىرمۇ ھەربىي ئائىلىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، خىزمەت ئورنىدا تايانچ خادىم ھېسابلىنىدىغان ھەدىيەگە تولىمۇ ئېغىر بىلىندى.

ھەدىيە خانىم نېفىت دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلغان چاغلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

— نېفىت دوختۇرخانىسىدا ئىشلىگەن تۆت يىل خىزمەت ھاياتىمدىكى ئەڭ ئالدىراش، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن چاغلار ھېسابلىنىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە مۇتەخەسسىسلەر ئامبۇلاتورىيىسىدە 40 ـ 50 كېسەلنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قوياتتىم، چۈشتىن كېيىن ئون نەچچە كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلاتتىم، ئوپېراتسىيىدىن چۈشۈپ كېسەلخانىدا ياتاقمۇ ياتاق كىرىپ كېسەل كۆرەتتىم. دوختۇرخانىمىزغا كېلىپ كۆز ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرىدىغانلار ۋە تەكشۈرتىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. كارىۋات چەكلىك بولغاچقا، نۇرغۇن كېسەلنى ياتاققا ئېلىپ داۋالاشقا ئىلاجىسىز قالاتتۇق، ئوپېراتسىيە پىچىقىنى يالغۇز ئۆزۈم تۇتقاچقا، يەنە نۇرغۇن كېسەل ئوپېراتسىيە نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى، ئۇ چاغلاردا مەن پەقەت ھەرقانداق بىر كېسەلنى بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتىشنى، ئۇلارغا بىر يۈەن بولسىمۇ تېجەپ بېرىشنى ئويلايتتىم. شۇنداق قىلىپ، نېفىت دوختۇرخانىسىنىڭ كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، يىللىق كىرىمى بىراقلا ئاشقانىدى.

ئۇنداقتا، ھەدىيە ھاشىم ئۈرۈمچى نېفىت دوختۇرخانىسىدىن نېمىشقا كەتمەكچى بولۇپ قالدى؟

2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، مەن خوتەندىن ئۈرۈمچىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا چىقىپ ئويلىمىغان يەردىن ھەدىيە خانىم بىلەن سەپەرداش بولۇپ قالدىم. بۇ ئۇنىڭ نېفىت دوختۇرخانىسىدىن شىنجاڭ قاتناش دوختۇرخانىسىغا ئالماشقىنىغا ئۇزاق بولمىغان چاغ ئىدى.

— ئاڭلىسام، نېفىت دوختۇرخانىسىدىكى خىزمىتىڭىزدىن ئىستېپا بېرىپ قاتناش دوختۇرخانىسىغا كېلىپ ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەۋېتىپسىز، بۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولۇپ قالدى؟ — دەپ سورىغانىدىم شۇ چاغدا.

— 1 مىليون يۈەننىڭ ئىشى بولمامدۇ شۇ، — دېگەنىدى ئۇ ماڭا.

— نېمە 1 مىليون يۈەن ئۇ؟

— بۆلۈمگە كۆز ئوپېراتسىيىسىدە ئىشلىتىلىدىغان 1 مىليون يۈەنلىك بىر يېڭى تىپتىكى ئۇسكۇنىنى سېتىۋالايلى دېسەم، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەبلەغ ھەل بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ...

— ئۇ ئۇسكۇنە يوق چاغدىمۇ ئىشلىرىڭىز ناھايىتى ياخشى ئىدىغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق كۆز ئوپېراتسىيىسى تولىمۇ نازۇك ئىش، ئۇنىڭ تېخنىكىلىق تەلىپى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇسكۇنىلەرنىڭ يېڭىلىنىشىمۇ بەك تېز. مەن ئۇ ئورۇنغا نۆۋەتتە خەلقئارادىكى ئەڭ ئىلغار داۋالاش تېخنىكىسى ۋە داۋالاش ئۇسكۇنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قۇرۇپ چىقىمەن، كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرلىرىنى كۆپلەپ تەربىيىلەپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆز كېسەللىكلىرى ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئاز - تولا بولسىمۇ تۆھپە قوشىمەن، دېگەن مەقسەتتە بارغان. بىراق، دوختۇرخانىنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىپ ياشلارنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەشكە شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەندى. يالغۇز بىر ھەدىيە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق كۆز كېسەللىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر كۈنلەردە مەنمۇ قېرىپ ئوپېراتسىيە پىچىقىنى

ئۆتالماس بولۇپ قالىمەن، شۇڭا ياش كەسىپ ئەھلىلىرىنى كۆپ-لەپ تەربىيىلەش تەخىرسىز ۋەزىپە.
مانا بۇ ئەينى چاغدا ھەدىيە خانىم بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبە-تىمىنىڭ قىسقىچە خاتىرىسى.
شۇنداق قىلىپ، ھەدىيە خانىم شىنجاڭ قاتناش دوختۇرخا-نىسىغا كېلىپ، كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق سالا-ھىيىتى بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈنلىرى يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش كېسەللەرنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش، ئوپېراتسىيە قىلىش، ياشلارنى يېتەكلەش بىلەن ئالدىراش ئۆت-تى. ئىلگىرى نېفىت دوختۇرخانىسىغا ئۆگەنگەن كېسەللەر ئەمە-دى قاتناش دوختۇرخانىسىغا ئېقىشقا باشلىدى.
2002 - يىلى يانۋاردا مەن شىنجاڭ «ھەدىيە» كۆز كېسەل-لىكلىرى مەخسۇس دوختۇرخانىسىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتىم. بۇ دوختۇرخانا ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ قۇرۇلغان پۇقراۋى كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرخا-نىسى بولغاچقىمۇ، مۇراسىم خېلى كۆپ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى.
— قاتناش دوختۇرخانىسىدىنمۇ قايتىپ چىقىپسىز، بۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟ يەنە شۇ ئۇسكۈنە جېدەللىمۇ؟ — دەپ سورىغا-نىدىم ئۇنىڭدىن.
— ياقەي، بۇ قېتىم ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە مەخسۇسلاشقان كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى قۇرۇش مەقسىتىدە يېنىپ چىقتىم.
— قانچىلىك مەبلەغ سالدىڭىز؟
— 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن.
— بۇنچە كۆپ پۇلنى نەدىن غەملىدىڭىز؟
— قەرز ئالدىم، باشقىلارنى پاي قوشۇشقا ئۈندىدىم.
مانا، ھەش - پەش دېگۈچە «ھەدىيە» كۆز كېسەللىكلىرى

دوختۇرخانىسى قۇرۇلغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشتى. ئۇنداقتا، ئۇ مۇشۇ ئۈچ يىلدا قانداق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى؟

ھەدىيە ھاشىمنىڭ بايانى:

قىلىن شارائىتتا ئۈچ يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى تۇنجى كۆز كېسەللىرىنى داۋالاش ھەم كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەركىزىنى قۇرۇپ چىقتىم. بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىم. ھازىر دوختۇرخانىمىزنىڭ تۇرپان ۋە خوتەندە تارماق دوختۇرخانىسى، 90 دىن ئارتۇق تېببىي خادىمى بار، يەنە بىر چوڭ خۇشاللىقىم ئۈچ يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق 6 مىليون يۈەن قەرزنى تۆلەپ بولدۇم. ھازىر ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۈچ يىل بۇرۇن مەن ئوت يۈرەكلىك بىلەن بۇ دوختۇرخانىنى قۇرغان، بىراق بۇ ئاسانغا توختىمىدى. دوختۇرخانىنى ئېچىشتا تۇنجى يولۇققان قىيىنچىلىق مەبلەغ قىيىنچىلىقى بولدى. مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنى پاي قوشۇشقا ئۈندەش، ئۈسكۈنىلەرنى قەرەلگە بۆلۈپ پۇل تۆلەش ھېسابىغا سېتىۋېلىش، تونۇش ـ بىلىشلەردىن قەرز سوراش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللاندىم. بىراق، ھە دېگەندىلا 30 پايچېك ئېچىپ 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن پاي قوشقان بىر چوڭ پايچېك ئىشلىرىمىزنىڭ يۈرۈشۈپ كېتىشىگە كۆزى يەتمەي، پېيىنى قايتۇرۇۋالدى. مۇشۇنداق قىيىن چاغدا ئېچكى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم كەسىپداشلىرىم مېنى قوللاپ پايچېك بولۇپ قېتىلىپ ماڭا مەدەت بەردى. شۇنداق قىلىپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋالدىم.

ھېس قىلىشىمچە، پۇقراۋى كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى قۇرۇشتا ئۈسكۈنىلەرنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇش، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ۋاقتى قىسقا بولۇش، كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش ۋاقتى ئۇزاق، خىراجىتى يۇقىرى بولۇش ۋە يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى قوبۇل قىلىش قىيىن بولۇشتەك تۆت

چوڭ قىيىن نۇقتا بار ئىكەن. ئۈچ يىل جەريانىدا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇبىر يېڭىشكە توغرا كەلدى. بەزى خادىملار ھۆكۈمەتنىڭ «تۆمۈر تاۋاق» ىدىن ئايرىلىپ، پۇقراۋى دوختۇر- خانىلارغا كېلىشنى خالىمايدىكەن، شۇڭا، بىز ئۈچ يىلدا نەچچە يۈز مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، دوختۇرخانىمىزدىكى تايانچ خادىملارنى گۇاڭجۇ، شاڭخەي، بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق جاي- لارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىدۇق. ھازىر پەرھات، زۇلپىيە، مەرەم- نىسا ئېلى، مەرەمنىسا ئابلەت، باھارگۈل، مەريەم، ھەبىبە، شۆھرەت قاتارلىقلار ھەرقايسى دوختۇرخانىلىرىمىزدىكى غوللۇق خادىملاردىن بولۇپ قالدى.

— ھەدىيە خانىم، مۇشۇ ئۈچ يىل ئىچىدە سىزدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش قايسى؟

— ھازىر دوختۇرخانىنىڭ 67% پېيى مېنىڭ قولۇمدا، شۇڭا مەن دوختۇرخانىنىڭ قانۇنىي ئىگىسى ھېسابلىنىمەن، ئە- گەر ئۆزگىرىش بار دېيىلسە بۇ پەقەت بىرلا، يەنى مەن ئىلگىرى پەقەت باش چۆكۈرۈپ كەسپىي خىزمىتىمنى ئىشلەيدىغان دوختۇر ئىدىم. ھازىر ھەم باشقۇرغۇچى، ھەم دوختۇر، ھەم يېتەكچى بولۇشتەك ئۈچ خىل سالاھىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدىم. بولۇپمۇ تەدبىر بەلگىلەش ۋە ياشلارنى تەربىيىلەش جەھەتتە مەسئۇلىيىتىم ناھايىتى ئېغىر.

— ھەدىيە خانىم، ئائىلە شارائىتىڭىزدىن قارىغاندا، سىز- نىڭ ھېچنېمىڭىز كەم ئەمەس ئىدى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىز بۇنچە كۆپ جاپالارنى تارتمايمۇ «داڭلىق مۇتەخەسسىس» دېگەن قالپاق بىلەن ناھايىتى ئوبدان تۇرمۇش ئۆتكۈزەتتىڭىز، شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا بۇنداق يولنى تاللىۋالدىڭىز؟ ياكى مىليونېر بولۇشنى ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟

— مەن بىر كەسپىي خادىم، بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەنمەن، ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەپ، كېيىنكىلەرگە ئىز قالدۇرۇشنى ئويلىدىم. تېخىمۇ مۇھىمى، شىنجاڭ كۆز كېسەللىكلىرى كۆپ

كۆرۈلىدىغان رايون، ھازىر بىزدە مۇشۇ كەسىپ بويىچە مۇستە-
قىل ئىش قىلالايدىغان مۇتەخەسسىسلەر تولىمۇ ئاز، بولۇپمۇ
قوش تىللىق خادىملار تېخىمۇ ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى كۆپ
قىسىم كەسىپ ئەھلىلىرى شارائىتى ياخشى جايلارغا «ئېقىپ
كېتىپ»، ئىختىساس ئىگىلىرى ساناقلىقلا قالدى. ھازىر ئاپتو-
نوم رايونىمىزدا تۆرلۈك كۆز كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغۇ-
چىلار 300 مىڭدىن ئاشىدۇ، بىراق كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇ-
رىدىن ئاران نەچچە يۈزىلا بار، 300 مىڭدىن ئارتۇق كېسەل
نەچچە مىڭ كۆز دوختۇرىغا موھتاج. شۇڭا مەن شىنجاڭنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا باشقا يەرگە مەڭگۈ كەتمەيدىغان يۈزلىگەن،
مىڭلىغان «ھەدىيە» لەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن
كۈچۈم بىلەن تىرىشىۋاتىمەن. شۇنداقلا بۇنى باش تارتىپ بولماي-
دىغان مەسئۇلىيىتىم، دەپ قارايمەن. شۇڭا، مەن خوتەن قاتار-
لىق جايلارغا ئايروپىلان بىلەن قاتناپ كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە
قىلىۋاتىمەن. بۇنىڭدىكى مەقسەت بىر تەرەپتىن كېسەللەرنىڭ
يۈكىنى يېنىكلىتىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ جايلاردىكى
دوختۇرلارنى يېتەكلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈ-
رۈش.

بىزدە «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى
چىقماس» دېگەن تەمسىل بار. خۇددى ھەدىيە خانىم ئېيتقاندەك
يالغۇز بىر ھەدىيە بىزگە تولىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. 300 مىڭ
ھەرگىزمۇ كىچىك سان ئەمەس، كىشىنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدى-
غىنى ئاشۇ 300 مىڭ كېسەلنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت،
يىراق، نامرات رايونلاردا. ئەنە شۇ يورۇق دۇنيانى كۆرۈشتىن
مەھرۇم قېلىۋاتقان كىشىلەر ئارىمىزدىن يۈزلىگەن، مىڭلىغان
«ھەدىيە» لەرنىڭ يېتىشىپ چىقىپ، خىرەلەشكەن كۆزلەرنى
قايتا چاقنىتىشنى تەشنالىق بىلەن كۈتمەكتە.

2005 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

# يىللار ۋە ئىزلار

«ئىنسان ھاياتىدا بېسىپ ئۆتكەن يىللاردىن تالاي ئىزلار قالىدۇ. ئەنە شۇ ئىزلار ئۆز نۆۋىتىدە يىللارنىڭ شاھىدى بولالايدۇ».

مۇخبىرلىق خاتىرەمنى ۋاراقلاۋېتىپ، كۆزۈم ئىختىيارسىز قاچانلاردىدۇ يېزىپ قويغان يۇقىرىقى سۆزگە چۈشۈپ قالدى. بۇ نەقەدەر جايىدا ئېيتىلغان سۆز - ھە! ئالىي تەرجىمان ئۆمەر توختىغا قاراڭ! مانا بۇگۇن ئۇنىڭ چاچلىرى قاردەك ئاقارغان، كۆز نۇرلىرى ئۇبدانلا خىرەلەشكەن، لېكىن ئۇ يەنىلا جەڭگىۋار، روھلۇق، بىر قاراشتىلا ئۇنى 70 ياشتىن ھالقىغان مويسىپىت دېسە ئېھتىمال نۇرغۇن كىشى ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن، بىراق بۇ ھەقىقەت. ئۇنداقتا، ئۇنى مۇشۇ جەڭگىۋار روھقا ئىگە قىلغىنى ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يىللارمۇ ياكى ئۇ ئۆز ئەقىدىسى، قان - تەرى بەدىلىگە ئاشۇ يىللار قوينىغا قالدۇرغان يارقىن ئىزلارمۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھايات خاتىرىلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

## ئۇيقۇسىز ئۆتكەن كېچىلەر

1965 - يىلى سېنتەبىر ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئەتىگەن سائەت 10 دىن ئاشقان چاغ، ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئاچلىق دەستىدىن كۆزلىرى قىزارغان، چىرايى تاتارغان، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئۆمەر توختى ئېغىر لاشقان قەدەملىرىنى تەستە ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كىردى.

— ئىش ئەمدى تۈگىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايالى خالىدە نەزەروۋا ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتقان تەلەپپۇزدا.

— ھەئە.

— قېنى، ئولتۇرۇڭ، ناشتا قىلىۋېلىپ، ئوبدان بىر ئۇخلىۋېلىڭ.

ئايالى چايغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن قىزى باھارگۈلنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ تۇرۇۋېدى، ئىشىك چېكىلىپ، خىزمەتدىشى موللارېھىم سوپى كىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىدىن لېكسىيە ئۇمىكى كەپتىكەن، ئىدارە رەھبەرلىرى سىزنى يىغىنغا چىقىپ ئېغىزچە تەرجىمە قىلىپ بەرسۇن دەيدۇ، — دېدى.

— قاچان؟

— ھازىر.

— نېمە؟ مەن ئىشتىن چۈشكىلى تېخى ئون مىنۇتمۇ بولمىدى، ئېغىزىمغا بىر بۇردا نانمۇ سالمىغان تۇرسام، كۈندۈزلۈك ئىشىمىزنىڭ تەرجىمانلار قىلسا بولمامدىكەن؟

— سىزنى چوقۇم چىقسۇن، — دەيدۇ.

ئۆمەر توختى نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ تۈنۈگۈن ئەتىگەن سائەت 8 دىن باشلاپ كەسىپداشلىرى ماموت ھاشىم، ھوشۇر ئۇلۇغ، ئابدۇرېھىم ئەخمىدى، ئىمىن تۇرسۇن، توختى باقى قاتارلىقلار بىلەن ئەينى چاغدىكى داڭلىق سىياسىي ئوبزور «توققۇز باھا» نىڭ بىرى بولغان «بىزنىڭ تولياتتى بىلەن بولغان ئىختىلاپىمىز» دېگەن ماقالىنىڭ تەرجىمىسىگە 26 سائەت دەم ئالماي ئىشلىگەنىدى. بۇ ماقالە شۇ كۈنكى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېرىلگەنىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاز - تولا ناشتا قىلىۋېلىپ قانغۇچە بىر ئۇخلىۋالغۇسى بار ئىدى - دە. بىراق، دەرھال يىغىن زالىغا چىقىپ

«بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرمەسلىك» كە هەددى ئەمەس ئىدى. ئۆمەر توختى ئىلاجسىز قىزىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بىر بۇردا ناننى چىشلەپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— چاي ئىچىۋېلىپ چىقسىڭىز بولمامدۇ؟ سىز تېخى ئۇخ-لىمىدىڭىزغۇ؟ — ئايالى خالىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى.

— سەل تۇرۇپ كىرىپ ئۇخلاي.

ئۇنىڭ سەل تۇرۇپ دېگىنى توپتوغرا ئۈچ سائەت داۋاملاش-تى. باشقىلار لېكسىيە ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ سۆزىنى ئولتۇرۇپ ئاڭلىسا، ئۆمەر توختى ئۆرە تۇرۇپ تەرجىمە قىلدى...

1959 - يىلى ئۆكتەبىردە تەقدىر - قىسمەتنىڭ ئاچچىق شامىلى ئۆمەر توختىنى شىنجاڭ گېزىتخانىسىغا «ئۇچۇرۇپ» كەلدى. 1950 - يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قاتارلىق جايلاردا تەرجىمانلىق قىلغان ئۆمەر توختىنى شىنجاڭ گېزىتخانىسىغا قانداق «شامال» ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ ئۇنى بۇ يەر-گە ئۇچۇرۇپ كەلگىنى قانداقتۇر «ئەمەل شامىلى» ئەمەس، بەل-كى «بالا مىللەتچى»، «ئوڭچى» دېگەندىن ئىبارەت «قوش قال-پاق شامىلى» ئىدى. نەق گەپنى قىلغاندا، ئۇ بۇ يەرگە رېجىم ئاستىدا ئىشلىگىلى، ئىدىيىسىنى «ئۆزگەرتكىلى» كەلگەنىدى.

شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇ يەكشەنبە ۋە هېيت - بايرام كۈنلى-رىمۇ دەم ئالماي ئىشلەيتتى، كۈندۈزلۈك ئىسمېنىدىن چۈشۈپ يېرىم سائەت دەم ئېلىپ كەچلىك ئىسمېنىدا، كەچلىك ئىسمېنى-دىن تاڭ ئاتقاندا چۈشۈپ ئۈچ - تۆت سائەت دەم ئېلىپ يەنە كۈندۈزلۈك ئىسمېنىدا ئىشلەيتتى. ئاشۇ چاغلاردا ئۆمەر توختى ئاساسلىقى «خەلق گېزىتى»، «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»، «قىزىلبايراق» ژۇرنىلى قاتارلىقلاردىن ئېلىنىدىغان ۋە شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان چوڭ - چوڭ سىياسىي ماقالىلەر، سىياسىي ئوبزورلار، مەركەز ۋە داهىيلارنىڭ يوليورۇقلىرى، مۇهىم خە-

ۋەرلەر، «توققۇز باھا» دېگەنگە ئوخشاش ئۇزۇن مۇھاكىمە ماقا-
لىلىرى قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلىش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق-
لارنى ئۆز ئۇستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرچە گېزىت
بىلەن خەنزۇچە گېزىت ئوخشاش چىقىش تەلەپ قىلىنغاچقا،
كېچە ـ كېچىلەپ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ
گېزىتى» ئون نەچچە بەت، ھەتتا 20 نەچچە بەت چىقىدىغان
ئەھۋاللار دائىملىق ئىشلار ئىدى. قىزىق يېرى شۇكى، گېزىت
ۋاقتىدا، خاتاسىز چىقسا ھەرگىز ئۇنىڭ تۆھپىسى ھېسابلانمايت-
تى، مۇبادا بىرەر سۆز ـ جۈملىدە قىلدىن قىيىق كەتسە، ئۇنىڭ
ھەر ۋاقىت قالپىقى بىلەن قوشۇلۇپ كاللىسى كېتىش ئېھتىمال-
لىقى بار ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇ ھەربىر سۆز ـ جۈملى-
نى سەگەك كاللىسى بىلەن تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەرجىمە
قىلاتتى؛ قىسقىسى، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان خىزمەتنى ئىجتىھات
بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيتتى ...

مۇخبىر: ئۆمەر ئاكا، ئەينى يىللاردا ئاشۇنداق جاپالىق شارا-
ئىت ئاستىدا كەسپىڭىزنى شۇنچە سۆيۈپ، ئۆزىڭىزنى ئۇنتۇغان
ھالدا ئىشلەشكە سەۋەب بولغان كۈچ زادى نېمە؟

ئۆمەر توختى: مەن كەسپىي تەرجىمان. مېنىڭ ۋەزىپەم
پارتىيە بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇرمەنلىرى ئوتتۇرىسىدا
كۆۋرۈكلۈك رول ئويناش، مۇنداقچە ئېيتقاندا، پارتىيە، ھۆكۈ-
مەتنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت
ئوقۇرمەنلىرىگە ۋاقتىدا، خاتاسىز يەتكۈزۈش. سىياسەتنىڭ توغرا
ياكى خاتالىقىغا باھا بېرىش مېنىڭ ئىشىم ئەمەس. مەن پەقەت
پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا
مەڭگۈ كاردىن چىقمايدىغان، ھەرقانداق ئېغىر يۈكنى بىمالال
كۆتۈرەلەيدىغان كۆۋرۈك بولۇشنىلا ئويلىدىم. شۇڭا ئۆز كەس-
پىمنى سۆيدۇم ۋە ئۇنىڭغا ئەقىدە باغلىدىم.

# ئازابلىق ئەسلىمىلەر

1963 ـ يىلى نويابىر ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى. يەنىلا «رېجىم ئاستىدا ئىشلەش» نى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئۆمەر توختى ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاز ھەم تولىمۇ قىممەتلىك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى ئاجرىتىپ مىڭ بىر مۇشەققەتتە تەرجىمە قىلغان «قىزىل يار» (كېيىن «قىزىل قىيا» دەپ ئۆزگەرتىلگەن) ناملىق رومانىنىڭ تەرجىمە ئورىگىنالىنى كۆتۈرۈپ ئەينى چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلىز نازىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— «قىزىل يار» دېگەن رومانىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىۋېدىم، ئۇيغۇرچە گېزىتكە بەرسەك بولامدىكىن، كۆرۈپ باققان بولسىڭىز، — دېدى ئۆمەر توختى بىر قۇچاق كەلگۈدەك ئورىگىنالنى ئابلىز نازىرىغا تەڭلەپ.

ئابلىز نازىرى ئورىگىنالنى بىرقۇر ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن سورىدى:

— ناھايىتى ياخشى ئەسەركەن، بۇنچە كۆپ نەرسىنى نەدە يۇرۇپ تەرجىمە قىلدىڭ؟

— بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ.

— بوش ۋاقىت؟ سېنىڭ نەدە بوش ۋاقتىڭ بار؟ كېچە ـ كۈندۈز دەم ئالماي ئىشلەۋاتساڭ.

ئۆمەر توختى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— بولىدۇ، گېزىتكە بۆلۈپ بېرەيلى، — دېدى ئابلىز نازىرى ئۇنىڭغا قاراپ.

ئۆمەر توختى ئىشخانىدىن ناھايىتى خۇشال ھالدا قايتىپ چىقتى. چۈنكى، ئۇنجى چوڭ تىپتىكى ئەدەبىي تەرجىمە ئەسىرىنىڭ پات ئارىدا ئۇيغۇرچە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغانلىقى ئۇنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتكەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ

خۇشاللىقىنىڭ «ئۆمرى» تولىمۇ قىسقا بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن «قىزىل يار» ناملىق رومانىنىڭ دەسلەپكى قىسىملىرى گېزىتكە پۈتۈن بىر بەت بېرىلدى، بىراق ئۇ «ئۆمەر توختى تەرجىمىسى» دېگەن خەتلەرنى بەتنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن «ئىز- دەپ» تاپالمىدى. مۇھەررىرلەر ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈرۈپ قويغانمۇ ـ يا؟

ئۇ دىلىغۇللۇق ئىچىدە مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا يەنە ئاياغ باستى.

— رومانىنىڭ گېزىتكە بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ كىرگەن ئوخشىمامسەن؟ — سورىدى ئابلىز نازىرى.

— شۇنداق، بىراق ئىسمىم بېرىلمەپتىغۇ؟

— شۇنداق. ئىسمىڭنى بەرمەيلى دېيىشتۇق.

— نېمىشقا؟

— سېنىڭ بېشىڭدا قالپىقىڭ بار ئادەم، ئىسمىڭنى بەرسەك بالاغا قېلىشىمىز ئېنىق. شۇڭا، مۇشۇنداق بىرىپ توختىدۇق.

بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئىشخانىدىن قايتىپ چىققان چاغدىكى كەي- پىياتى بىر ھەپتە ئىلگىرىكىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولدى. ئۇ ئاچچىق ئازاب ئىچىدە كارىدوردا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ سۈس نىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن موخوركا يۆگەپ كەينى ـ كەينىدىن بىر قانچىنى قاتتىق شورىدى ...

دەرۋەقە، دۇنيادا ئىلىم ئەھلىلىرى، ئىختىرا قىلغۇچىلار ئۇچۇن ئۆز ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولالماسلىقتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك. بۇ خۇددى بىر ئاتىنى ئۆز پەرزەنتىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغاندەكلا ئازابلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا كىممۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن دەيسىز؟ بىراق، دەل مۇشۇنداق ئاچچىق ئازابقا ئۆمەر توختى چىدىدى، ئۇ چىدىغاندىمۇ بىر ئىككى كۈن، بىر ـ ئىككى ئاي ياكى بىر ـ ئىككى يىل ئەمەس، توپتوغرا 20 يىل چىدىدى. يەنى

1959 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىلدا ئۇ تەرجىمە قىلغان ياكى ئىجاد قىلغان ھەرقانداق ئەسەرگە «ئۆمەر توختى» دېگەن نامغىنى بېسىش قەتئىي چەكلەندى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئاشۇ يىللار مابەينىدە ئۇ تەرجىمە قىلغان «قىزىل يار» رومانى، داڭلىق خەنزۇ شائىرى لى جىنىڭ «ئىپارخان» ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستانى، «چەت ئەل ئاخباراتچىلىقىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق كىتابى قاتارلىق نەچچە يۈز مىڭ خەتلىك ئىلمىي ئەمگىكى گاھىدا ئاتا ـ ئانىسى يوق يېتىم بالىدەك نامسىز، يەنە گاھىدا ئاللىكىملەرنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئوقۇرمەنلەر ئاشۇ ھەقىقىي ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئاجايىپ زوق ئالغاندا زادى كىمگە رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىشنى بىلمەي قېلىشتى...

مۇخبىر: «ئۆمەر ئاكا، سىز گېزىت تەرجىمانلىقىدا يۇقىرى پەللە يارىتىپلا قالماي، ئەدەبىي تەرجىمىدىمۇ چوڭ ئۇتۇقلارنى قازىنىپسىز، بولۇپمۇ بۇ ئىشنى تا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇۋېتىپسىز، ئۇنداقتا، سىزگە ئەدەبىي تەرجىمىدىن ئىبارەت بۇ «ئوت» قانداق تۇتاشتى؟ بۇ «ئوت» نېمىشقا بۇنچە يالقۇنلۇق؟»

ئۆمەر توختى: يەنە شۇ كونا گەپ، مەن بىر «كۆۋرۈك»، سىزمۇ بىلىسىز، ئېرىق ـ ئۆستەڭدىمۇ، ئەزىم دەريادىمۇ كۆۋرۈك بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مىللەت بىلەن يەنە بىر مىللەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلىرى بىزگە ئوخشاش تالاي «كۆۋرۈكلەر» گە موھتاج بولىدۇ. مەن گېزىت تەرجىمانلىقىنى ماڭا نان بېرىۋاتقان كەسپىم، دەپ بىلىپ قىزغىن سۆيگەن بولسام، ئەدەبىي تەرجىمىنى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىكى خەنزۇ، ئىنگلىز، رۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز خەلقىمگە تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق مىللەتلەر ئارا ئۆزئارا ئۆگى-

نىش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش بۇرچۇم، دەپ بىلىپ ئىشلىدىم، ھەم ئۇنىڭغا ئىزچىل مۇھەببەت باغلىدىم.

## ئىزلار كۆمۈلمەس

مۇبادا، 45 يىللىق ھاياتىنى تەرجىمە خىزمىتىگە بېغىشلىغان ئۆمەر توختىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە ئىككى ئېنىقسىز نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ مۇنداق ئىككى نەرسىدىن ئىبارەت: بىرى، ئۆمەر توختىنىڭ ھاياتىدا زادى قانچە كېچىنى تەرجىمە خىزمىتى بىلەن تاڭغا ئۇلىغانلىقى ئېنىقسىز؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ ھازىرغىچە خەنزۇچە خەت ھېسابىدا زادى قانچىلىك خەتنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانلىقى ئېنىقسىز. دەرۋەقە، بىر ئادەمنىڭ 70 نەچچە يىللىق ھاياتىدا بېسىپ ئۆتكەن ئىشلارنى نەچچە ئون ياكى نەچچە يۈز بەتلىك ماقالىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولغاچقىمۇ، مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغان ۋە ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى، ئېرىشكەن شان - شەرەپلىرىنى بىرمۇبىر ساناپ ئۆتۈشكە ئامالسىز قالدىم.

1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتى تەرجىمانلارنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن پېنسىيىگە چىققان، 45 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا «ئوڭچى» لىقتىن «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» غا، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» كە ئايلانغان ئۆمەر توختى ئاكا بىلەن ئېلىپ بارغان تۆت سائەتتىن ئارتۇق سۆھبەت داۋامىدا ئۆزۈمنى خۇددى ئۇستازىدىن تەلىم ئېلىۋاتقان شاگىرتتەك ھېس قىلدىم. يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتسام، مەن ئۆمەر ئاكىغا ئوخشاش ھەم يۇقىرى نوپۇزلۇق ئىلىم ئەھلى، ھەم بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك ئاتا يوللۇق مۇتەۋەرلىرىمىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش-



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشىق ئادرېسى

قا، ئۇلاردىن ھېكمەت ھەم تەلىم ئاڭلاشقا خۇشتار. چۈنكى، ئۇلار ئارىمىزدا ساناقلىقلا قالدى، ئۇلار بىز ئۈچۈن تەۋەررۇك كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئۇزاق يىللار مابەينىدە قالدۇرغان يارقىن ئىزلىرى بىزگە ۋە بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا مەڭگۈلۈك ماياك بولالايدۇ، ئەلۋەتتە!

2005 ـ يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

# توك مۇنچا ئالماشتۇرۇشتىن تۇغۇلغان ئويلار

يېقىندا ئۆيۈمدىكى «ۋەنجيالي» ماركىلىق توك مۇنچىدىن تۇيۇقسىز سۇ ئاقىدىغان بولۇپ قېلىپ، ئىشلىتىشكە ئىلاجسىز قالدىم، رېمونتچى تەكلىپ قىلىۋېدىم، بىرقۇر كۆرۈپ بېقىپ «ئىچىدىكى ئىسسىتقۇچ شېشىسى تېشىلىپ كېتىپتۇ، يېڭىسىنى ئالمىسىڭىز بولمىغۇدەك» دەپ كېتىپ قالدى.

«يەنە 1000 يۈەن پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيىدىغان بوپتۇق-دە!» دېگەن ئوي كاللامدىن كېچىپ، يېڭى مۇنچا سېتىۋېلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىز توك مۇنچىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يېزىلغان «ئىسسىتقۇچ شېشىنىڭ بەش يىل بەرداشلىق بېرىشىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ» دېگەن خەتلەرگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. مەن مۇنچىنى 2001-يىلى 7-ئايدا سېتىۋالغان بولۇپ، ئاز كەم تۆت يىل بولغانىدى. گەرچە شىركەت ۋەدە قىلغان مۆھلەت ۋاقتى تېخى توشمىغان بولسىمۇ، لېكىن شىركەتنىڭ توك مۇنچىنىڭ «يۈرىكى» ھېسابلىنىدىغان ئىسسىتقۇچ شېشىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشىگە تازا ئىشەنچ قىلالمىدىم. چۈنكى، مۇشۇ كۈنلەردە كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان قىسمەن شىركەتلەرنىڭ مېلىنى سېتىۋالغۇچە خېرىدارلارغا يالغان-ياۋىداق، ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ، كىشىنى ھەيرانۇھەس قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ۋەدىلەرنى بېرىپ، كېيىن ساتقان مېلىدىن مەسىلە كۆرۈلۈپ، قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، ئالىيىپ-گۆلىيىپ ھەتتا جېدەل-ماجىرا چىقىرىپ، ئۆزىنى پەقەت يېقىن كەلتۈرمەيدىغان قىلمىشلار مەن

ۋە ماڭا ئوخشاش «بىتەلەي» خېرىدارلارنىڭ «بۇرنىغا» مىڭلاپ «سۇ كىرگۈزۈپ»، ھەممىيلەننى بۇنداق ۋەدىلەرگە ئالدىراپ ئىشەنمەس قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ چۈشتىن ئىلگىرى ئۇقۇشماي سېتىۋالغان ساختا، ناچار مالنى چۈشتىن كېيىن ئالماشتۇرۇش ياكى قايتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن مال ساتقۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلاردىن تىل - ھاقارەت ئاڭلاپ، پۇل خەجلەپ ھەم ناچار مال، ھەم كۆڭۈل ئاغرىقى سېتىۋالىدىغان ئىشلار ئاز ئەمەس-دە؟!

بىرنەچچە كۈن دىلغۇل بولغاندىن كېيىن، يەنىلا بىر سىناپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپ، ئاخىرى گۇاڭدۇڭ «ۋەنجيالى» گۇرۇھىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ۋاكالەتچىلىك ئورنىغا تېلېفون قىلدىم. ئالاھازەل ئىككى سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاكالەتچىلىك ئورنىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى كېلىپ، مۇنچىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، مەسىلىنىڭ ھەقىقەتەن ئىسسىتقۇچ شېشىدە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ كېتىپ قالدى. ئارىدىن يەنە بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىرەيلەن ماڭا تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنى «ۋەنجيالى» گۇرۇھى ئۇرۇمچى ۋاكالەتچىلىك ئورنىنىڭ مەسئۇلى دۇەن دىرېكتور دەپ تونۇشتۇردى ھەم مېنى ساقلىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن قايتا - قايتا ئەپۇ سورىدى. ئۇ ماڭا مەن سېتىۋالغان بۇ خىل تىپتىكى توكلۇق مۇنچىنىڭ «يۈرىكى» بولغان ئىسسىتقۇچ شېشىنىڭ چىدامىلىق دەرىجىسىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى، شىركەتنىڭ خېرىدارلاردىن بۇ توغرىسىدىكى ئىنكاسلارنى بەك كۆپ تاپشۇرۇۋالغاچقا، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، بۇ خىل تىپتىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەشنى پۈتۈنلەي توختاتقانلىقىنى، شۇڭا بۇ خىل تىپتىكى شېشىنىڭمۇ يوقلۇقىنى، باش شىركەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، بەش يىل ئىچىدە ئىسسىتقۇچ شېشىدىن

www.uyghurkitap.com

مەسىلە كۆرۈلگەن كونا تىپتىكى مۇنچىنىڭ ئورنىغا يېڭى تىپتىد-
كىسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلغانلىقىنى، بىراق يېڭى
مۇنچىنىڭ شېشىسىدىن باشقا سايمانلىرى ئۈچۈن خېرىدارلارنىڭ
ئاز - تولا ھەق تاپشۇرۇشى كېرەكلىكىنى، شۇ ۋەجىدىن سىر-
كەتنىڭ خېرىدارلاردىن سەمىمىي ئەپۇ سورايدىغانلىقىنى تەپسىلىي
چۈشەندۈرۈپ، مېنىڭ قانداق پىكىردە ئىكەنلىكىمنى سورىدى.

— قانچىلىك پۇل تۆلەيمەن؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ-
دىن.

— ئەسلىدە باش شىركەت بېكىتكەن باھا 360 يۈەن ئىدى،
بىراق، سىزنى ساقلىتىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەپۇ سوراش
ھېسابىغا 100 يۈەننى كەچۈرۈم قىلىۋېتىپ، سىزگە 260 يۈەنگە
يېڭى تىپتىكى توكلۇق مۇنچىدىن بىرنى ئەكىلىپ ئورنىتىپ بې-
رەيلى، سىزنىڭچە، مۇشۇنداق قىلساق مۇۋاپىق بولارمۇ؟ ئەگەر
لايىق كۆرمىسىڭىز، بىز باشقا ئۆلكىلەردىكى ۋاكالەتچىلىك ئو-
رۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، سىزنىڭكىگە ئوخشاش تىپتىكى
مۇنچىنىڭ شېشىسىدىن بىرنى تېپىپ ئەكىلىپ، سىزگە ھەقسىز
ئالماشتۇرۇپ بېرىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى. بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن
يەنە بىر مەزگىل ساقلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئەتراپلىق، قىزغىن مۇلازىمەت، ياخشى مۇئامىلە، ياخشى
گەپ مېنى تەسىرلەندۈردى. خېرىدار بىلەن سودىگەر، ئالارمەن
بىلەن ساتارمەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى سوغۇق-
لىشىپ، بىر - بىرىنى سوقسام، جايلىسام، دەپ يۈرۈيدىغان
بۈگۈنكى كۈندە، بىر ئاددىي خېرىدارنىڭ بۇنداق چوڭ گۇرۇھ-
لاشقان شىركەتنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە ۋە ئەتراپلىق مۇلازى-
مىتىگە ئېرىشىشىكى بەسى مۇشكۈل، ئەلۋەتتە.

— پۇل تۆلەپ يېڭى تىپتىكىسىگە ئالماشتۇرسام، قاچان
ئورنىتىپ بېرىسىلەر؟

— خادىملىرىمىز بۈگۈن چۈشتىن كېيىنلا ئورنىتىپ بېرى-
دۇ.

دەرۋەقە، «ۋەنجيالي» شىركىتى يەنە بىر قېتىم ۋەدىسىدە تۇردى. 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىركەتنىڭ ليۇ فامىلىلىك بىر خادىمى تېخى پېچىتى بۇزۇلمىغان يېڭى تىپتىكى بىر توكلۇق مۇنچىنى ئۆيۈمدىكى كاردىن چىققان كونا مۇنچىنىڭ ئورنىغا ئورنىتىپ بېرىپ، بىر تالوننى تولدۇرۇپ قولۇمغا تۇتقۇزدى. تالونغا «بىر يىلغىچە ھەرقانداق بىر جايدىن مەسىلە كۆرۈلسە شەرتسىز ئالماشتۇرۇپ بېرىمىز، سەككىز يىل ئىچىدە ئىسسىتقۇچ شىشىدىن مەسىلە كۆرۈلسە شىشىنى ھەقسىز ئالماشتۇرۇپ بېرىمىز» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

«ۋەنجيالي» شىركىتىنىڭ پۇل تاپقۇسى يوقمۇ نېمە؟ بەش يىل دەپ ۋەدە بېرىپ، نۇرغۇن زىيان تارتقان تۇرۇقلۇق ۋەدە مۆھلىتىنى يەنە سەككىز يىلغا ئۇزارتقۇالغىنى نېمىسى؟

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىشىمگىلا تېلېفون جىرىڭلىدى، قارشى تەرەپتىن دۇەن دىرېكتورنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ مەندىن يېڭى ئورنىتىلغان مۇنچىنى ئىشلەتكەن ـ ئىشلەتمىگەنلىكىمنى، سۇنىڭ ئىسسىش دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقىنى، سۇ ئېقىش ئەھۋالىنىڭ كۆ-رۈلگەن ـ كۆرۈلمىگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سو-رىدى، ئۇ جاۋابىمنى ئاڭلاپ قانائەتلەنگەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن كېيىن مەھسۇلات سۈپىتىدە ھەرقانداق مەسىلە كۆرۈلسە ئۆزىگە تېلېفون قىلىشىمنى تاپىلىدى.

تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ تۇنجى بولۇپ مۇنداق بىر خىيال كاللامغا كەلدى: «يەنى كېسىپ ئېيتىمەنكى، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا ئىستېمالچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئېرىشكەن ئەڭ قىزغىن، ئەڭ ئىللىق مۇئامىلە ھەم ئەڭ رازى بولارلىق، ئەڭ ئەترالىق مۇلازىمەت.»

ئىشخانىدىكى كەسىپداشلار بىلەن مۇنچا ۋە «ۋەنجيالي» شىركىتىدىكىلەرنىڭ مۇلازىملىق سۈپىتى توغرىسىدا پاراڭلىشى-

ۋېتىپ، ئىختىيارسىز مۇنداق بىر ئىشنى ئېسىمىزگە ئېلىشتۇق. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى ئىش بىر - بىرىگە تولىمۇ روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى. ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى بىر قېتىملىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە بىر كەسىپدىشىم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر خۇسۇسىي كارخانىنىڭ يايما ئورنىدىن ئۈچ يۈز يۈەنگە بىر جۈپ خۇرۇم سايما كەش سېتىۋېلىپ، كەچتە ئۆيىگە ئاپىرىپ كىيىپ كۆرسە بۇ سايما كەش يەكپاي ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كەسىپدىشىم ئەتىسى سايما كەشنى ئېلىپ ھېلىقى يايما ئورنىغا كېلىپ، كەشنىڭ بىر پېيىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىكەن، تېخى تونۇگۈنلا كەشنى سېتىۋالغۇچە چېھرىدىن «ئىللىق نۇر» ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭغا گويا باھار ئاپتىپىدەك ئىللىق مۇئامىلە قىلغان خوجايىن قاپىقىدىن «قار - مۇز ياغدۇرۇپ» كەسىپدىشىمغا تاپا - تەنە قىلىپ، سايما كەشنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشكە زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئۇنىڭ كەشنى ئالماشتۇرۇپ بەرمەسلىككە كۆرسەتكەن باھانىسى كىشىنى تولىمۇ «قايىل قىلارلىق» بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «ساڭا ئالماشتۇرۇپ بەرسەم، بۇ يەكپاي كەشنى مەن كىمگە ساتىمەن» دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. كەسىپدىشىم ئاخىرى بۇ كاج خوجايىنغا گەپ ئۆتكۈزۈشكە كۆزى يەتمەي، ئۇن كوي پۇلىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، پۇلىنىمۇ، سايما كەشنىمۇ ئالماي رەنجىگەن ھالدا قايتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، تېخى تونۇگۈنلا «ئەجەپ چىرايلىق سايما كەشكەن، بىزمۇ ئائىلىگە بىر قانچە جۈپتىن ئالساق بولغۇدەك» دېيىشكەن كەسىپداشلارنىڭ ھەممىسى پىلانىنى دەرھاللا ئۆزگەرتىپ، تا يەرمەنكە تۈگىگەنگە قەدەر ھېلىقى خۇسۇسىي كارخانىچىنىڭ يايما ئورنى تەرەپكە قاراپ ئاياغ باسمىدى.

ئىككى خىل ئوخشاشمىغان مۇئامىلە، ئوخشاشمىغان مۇلازىمەت، ئوخشاشمىغان تىجارەت ئېڭى، بۇ زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ يەردە مەسىلىنىڭ تۈگىنى پەقەت بىرلا، يەنى ئۇ بولسى-

مۇ كارخانىچىلار ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە نان بېرىۋاتقان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ھەم ئۆزلىرىنى گۈللەپ ياشناتقۇزالايدىغان، ھەم ۋەيران قىلىپ، دۇكاننى تاقاشقا مەجبۇر قىلالايدىغان خېرىدارلارغا بولغان سەممىيەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بىزگە شۇ نەرسە مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر كارخانا ياكى دۇكان، ئاشخانا، رېستوران دېگەنلەرنى روناق تاپقۇزىدىغان ياكى ۋەيران قىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىل ئىككى، ئۇ بولسىمۇ سۈپەت ۋە ئىناۋەت. بۇ يەردە مەھسۇلات سۈپىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ ئىناۋەت توغرىسىدا ئاز - تولا توختىلىپ كۆرەيلى.

مەيلى جۇڭگودىكى ۋە ياكى چەت ئەللەردىكى زور شۆھرەت قازانغان شىركەتلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش تەجرىبىسى ۋە تىجارەت دەستۇرلىرىنى ۋاراقلىساق، ئاشۇ نامدار ھەم داڭدار كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە ئېتىبار بېرىش بىلەن خېرىدارلارغا باشتىن - ئاخىر ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە سەممىي بولۇش ۋە مەسئۇلىيەتچان بولۇشنى ئۆزلىرىنىڭ تىجارەت قىبلىنامىسى قىلىپ، كونا - يېڭى خېرىدارلىرىنى «خۇدا» بىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. دېمەك، ئۇلار خېرىدارلارغا سەممىي مۇئامىلە قىلىش، خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ۋە خېرىدارلارنىڭ مەنپەئىتىنى مەڭگۈ ھەممىدىن ئەلا بىلىشنىڭ بىر كارخانىغا نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ كارخانىلىرى كىچىكلىكتىن زورايغان، كۆپەيگەن، مەھسۇلات ۋە ماركىلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ياپونىيە «MITSUBISHI» شىركىتىنىڭ بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا جۇڭگو بازارلىرىغا سالغان بىرقانچە دالا ئاپتوموبىلىنىڭ مەلۇم بىر سايمىنىدا ئازراق سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلگەنلىكى سەۋەبلىك، شۇ تۈركۈمدە جۇڭگو بازىرىغا سالغان 70 نەچچە مىڭ دالا ئاپتوموبىلىنىڭ شۇ خىل سايمىنىنى بىراقلا ئالماشتۇرۇپ بەرگەنلىكى

ھەم جۇڭگو خەلقىدىن ئاشكارا ئەپۇ سورىغانلىقى بۇ شىركەتنىڭ سەممىيەت ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.
بىراق، بىزدە ئازراق پايدا ـ مەنپەئەتنى كۆزلەپ، خېرىـ دارلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان، بۇگۇنكى ۋەدىسىگە ئەتە ئەمەل قىلماي، خېرىدارلارغا سەممىيەتسىزلىك قىلىدىغان، پايدىدا ـ مەنپەئەت يولىدا بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، كارخانىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىدىغان ئەھۋاللار خېلى ئېغىر. بۇلارنىڭ ھەممىسى كارخانىچىلىرىمىزنىڭ سەممىيەت ۋە مەسئۇلىيەت ئېـ ڭىنىڭ كەمچىللىكىدە. مەن بۇنىڭلىق بىلەن «باشقىلارنىڭ ھەمـ مىسى سەممىي، پەقەت بىزلا سەممىيەتسىز» دېمەكچى ئەمەسـ مەن. ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ سۇپەت ۋە سەممىيەت بىلەن روناق تاپقان بىر تۈركۈم كارخانىچى بار. سۆز ئارىلىقىدا مەن بۇ يەردە مۇنداق بىر مىسالنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم. بىر قېتىم شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى رادىل ئابلانى زىيارەت قىلغىلى ئىشخانىسىغا ئىزدەپ بارسام، ئۇ دەل يېڭى ئېچىلغان «ئارمان» پېچىنە ـ پىرەنىك، تورت ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە تېخنىك خادىملىرى بىلەن ئىش باشلاش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقانىكەن. بىر چەتتە كۈتۈپ ئولتۇرۇپ، رادىل ئابلانىڭ مۇنۇ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى: «بىز ئادەتتىكى كۆلىمى كىچىك دۇكانلارغا ئوخـ شاشمايمىز، بىزنىڭ پېچىنە ـ پىرەنىكلىرىمىزمۇ ‹ئارمان› مارـ كىسى بىلەن بازارغا سېلىنىدۇ، شۇڭا ئىناۋەت، سۈپەت ھەممىـ دىن مۇھىم، خېرىدارلارنى رازى قىلىش تېخىمۇ مۇھىم، مېنىڭ ئۈمىدىم باشقىلار سۇ ئىشلەتسە بىز سۈت ئىشلىتەيلى، باشقىلار شېكەر ئىشلەتسە بىز ھەسەل ئىشلىتەيلى، خېرىدارلارغا ئەڭ قىزغىن، ئەڭ سەممىي مۇئامىلىدە بولايلى».
مانا قاراڭ، بۇگۇنكى كۈندە «ئارمان»لىقلار ئۆز سەممىيە- تىنىڭ شېرىن مېۋىسىنى كۆردى، «ئارمان» پېچىنە ـ تورتلىرى

تويـ ـ تۆكۈن، ھېيت ـ ئايەملىك داستىخانلىرىمىزدىن ئورۇن ئېلىپلا قالماي، بەلكى ئۆزئارا سوۋغا ـ سالام تەييارلاشتىكى مودا بويۇمغا ئايلاندى. دېمەك، سىزدە سەمىمىيەت بولىدىكەن، چوقۇم باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتلار ئۈچۈن پايانداز سالالايسىز.

كارخانىچى دوستۇم، سەمىگىزدە بولسۇنكى، سەمىمىيەت تىجارەت سەپىرىڭىزنىڭ مەڭگۈلۈك يولخېتى!

2005 ـ يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# قەلبى تۇتاش داھىيلار ۋە دېھقانلار

## مۇقەددىمە

دۆلەت قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە داھىيلار ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلمەس رىشتە باغلىنىپ، مېھىر - مۇھەببەتلىك ئالاقە بولۇپ تۇردى، ئەل ئىچىدە قۇربان تۇلۇمدىن داۋۇت ھاشىمغىچە بولغان دېھقانلارنىڭ داھىيلار، رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىگە ئائىت ھېكايىلەر كۆپ تارقالدى. ئەمما، پارتىيىنىڭ داھىيلىرىدىن ماۋ زېدۇڭ، جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار بىلەن خەت يېزىشقانلىقى ئۇ ھېكايىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ تەسىرلىك ۋە قىممەتلىك. داھىيلار يازغان خەتلەر دېھقانلارغا كۈچلۈك ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ پارتىيىگە بولغان مۇھەببەت، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ، غەيرەت - جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ كەلمەكتە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق كاتتا مەرىكىسى قۇتلۇقلىنىش ئالدىدا بىز خەت يېزىلغان يۇرتلارنى ئارىلاپ مۇخبىرلىق قىلىپ، بۇ خەتلەر يېزىلىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلارنى بىلىدىغان شاھىتلارنى زىيارەت قىلدۇق، ئەل - جامائەتكە تېخى مەلۇم بولمىغان بەزى تەپسىلاتلارنى قازدۇق ۋە تاپقىنىمىزنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

# داھىيلار ئۆمىدى بىخ سۇرگەن زېمىن

تۆنجى خەت قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى 7 - رايونىغا جايلاشقان پاختەكلە يېزىسىدىن يېزىلغان (بۇ يېزا بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپتۇ). قىزىل دەرياسى بىلەن تالۇچۇق دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان پاختەكلە كىچىك يېزا بولغىنى بىلەن ئەينى چاغدا شىنجاڭدىكى يېزىلاردا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئىكەن. ئېگىلىشىمىزچە، شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا 1952 - يىلدىن 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، يەرگە فېئوداللىق ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى بىكار قىلىنغان، تەركىب ئايرىلىپ، پومېشچىكلارنىڭ 7 مىليون 300 مىڭ مودىن ئارتۇق يېرى ۋە باشقا ھەر خىل مال - مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنغان ۋە تاپشۇرۇۋېلىنغان، بۇلار يەرسىز ياكى يېرى ئاز 2 مىليون 100 مىڭ كەمبەغەل دېھقانغا تەقسىم قىلىنىپ، دېھقانلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرگەن. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرتلەر ھازىرلاپ بېرىلگەنىكەن، مۇشۇنداق شاپائەتتىن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم بەھرىمەن بولغان پاختەكلە دېھقانلىرى رەئىس ماۋزېدۇڭغا رەھمەت - ھەشقاللىسىنى خەت يېزىش شەكلى ئارقىلىق ئىزھار قىلغانىكەن.

7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بىز پاختەكلە يېزىسىغا كېلىپ زىيارەتنى باشلىدۇق.

قەشقەر شەھىرىدىكى قىزىل دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرۇلسىڭىز، پاختەكلە تەۋەسى باشلىنىدىكەن. دەريا بويىدىن

يېزا ئۇرگىنىغىچە سوزۇلغان ئاسفالت يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدى-
كى باغۋارانلىق قورۇ - هويلىلار بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كېتىپ-
تۇ. مەھەللىدە دېھقانلار خىش قۇرۇلمىلىق، ياغاچ قۇرۇلمىلىق
ئۆيلەرنى سېلىۋېتىپتۇ. 106 ياشلىق ئۆمەر ھەمزى بېدىشلىق
هويلىسىدا، يېزىلىق پارتكومىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇ-
رېھىم توختى ياسىداق ئۆيىدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلارنىڭ شاھى-
تى سۈپىتىدە بىزگە خەت ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشتى.

1952 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بيۇروسىنىڭ 4 - شۇجىسى، مۇئا-ۋىن ئۆلكە باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى يەر ئىسلا-ھاتىنى سىناپ يۇرگۈزۈش ئەترىتىدىكى خادىملار پاختەكلە يېزى-سىنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ خىزمەت باشلىغان. ئەينى چاغدا پاختەكلەدە 634 ئائىلىلىك دېھقان بولۇپ، بۇنىڭ ئارىسىدا 226 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ بىر پۇخمۇ يېرى يوق ئىدى. 114 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئاران ئىككى يېرىم پۇڭدىن يېرى بار ئىدى. تېرىلغۇ يەر ئاز ساندىكى پومېشچىكلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقان يەر ئىگىلىرىگە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپمۇ قورسىقى تويغۇدەك تاماقتا، ئۇچىسىنى ياپقۇدەك كى-يىمگە ئېرىشەلمەي، نامراتلىق ئىلكىدە تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

مارت ئېيىنىڭ بېشىدا پومېشچىكلارنىڭ قولىدىكى مۆھۈر خەتلەرنى كۆيدۈرۈش، دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلىش مۇراسىمى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە قىزىل دەرياسى بويىدىكى كەڭ سەينادا ئۆتكۈزۈلدى. يېزىدىكى يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان كىشىنىڭ ھەممىسى سەيناغا جەم بولدى. نەق مەيداندا بىر ئۆمۈر يەرگە ئىشلەپمۇ يەرنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن دېھقانلار-نىڭ ئالدىغا 20 نەچچە مودىن، كېيىنگە بىر - ئىككى مودىن يەر تەقسىم قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى دېھقانلارغا ئات - ئۇلاغ، چارۋا - مال، بەزىلىرىگە كىيىم - كېچەك، يەنە بەزىلى-

ـرىگە دېھقانچىلىق سايمانلىرى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. شۇ چاغدا يېزا بويىچە كەمبەغەل دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەر كىشى بېشىغا ئۈچ مودىن توغرا كەلدى، خۇشلۇقىدىن بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولغان دېھقانلار سەينانىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىلـ‍ غان گۈلخاننى چۆرىدەپ، ھاياجان، شادلىقىنى ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن ئىپادىلىدى:

ئويغىنايلى دېھقانلار،
يوقسۇزلۇقنى تارتقانلار.
ئەمدى بىزنى ئېزەلمەس،
تىرىكتاپ خوجايىنلار.

ئەتراپقا توپلانغان نەچچە مىڭ كىشى مۆھۈر خەتلەرنى گۈلـ‍ خانغا تاشلاپ كۆيدۈرۈش باشلانغاندا ھاياجان ئىلكىدە شوئار توۋ ـ لاشقا باشلىدى:

— ياشىسۇن كومپارتىيە!

— ياشىسۇن ماۋ جۇشى!

شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرى:

— ماۋ جۇشىغا خەت يېزىپ رەھمىتىمىزنى بىلدۈرەيلى! — دېۋىدى، بۇ سۆز شۇ ھامان خالايىقنىڭ ئورتاق ساداسىغا ئايلاندى.

— توغرا، داھىيمىزغا خەت پۈتۈپ ھەشقاللا دەيلى!

— بەلەن گەپ بولدى، شۇنداق قىلايلى!

بۇ گەپلەر شۇ مەيداندا ئامما بىللە تەنتەنە قىلىۋاتقان سەيپىدىن ئەزىزىنى ئويلاندۇردى. داھىيغا خەتنى كىم يېزىش، قانداق يېزىش بىر مەسىلە ئىدى. چۈنكى، شۇ چاغدا پاختەكلەدىـ‍ كى دېھقانلارنىڭ تولىسى ساۋاتسىز ئىدى، شۇڭا ئۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خادىمى، شائىر تېيىپجان ئىلىيوفقا قاراپ:

— كۆپچىلىك توغرا دەيدۇ، سىز پاختەكلە خەلقىنىڭ پارتىـ‍

www.uyghurkitap.com

يه، ماۋ جۇشىغا بولغان تەشەككۇرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن خەت يېزىپ باقسىڭىز قانداق؟ — دېدى.

— بولىدۇ، — دەپ رازىلىق بىلدۈردى تېيىپجان ئېلىيوپ. پاختەكلىگە كەلگەندىن بۇيان ئازاد دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، يەر ئىسلاھاتىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ئۇ-نىڭمۇ ئىلھامى جۇش ئۇرۇپ تۇرغانىدى. ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا كىرىشتى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، 204 مىسرالىق «ماۋ جۇشىغا خەت» ناملىق قوشاق شەكلىدە يېزىلغان خەت پۈتكۈزۈلدى.

1952 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاياغ پاختەكلە كەنتىنىڭ بېدىلىكىدە چوڭ سەھنە ھازىرلىنىپ، رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يوللىنىدىغان خەتنى ماقۇللاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا يېزىدىكى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قاتناشتى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن تېيىپجان ئېلىيوف سالماق قەدەم تاشلاپ سەھنىگە چىقىپ، خەت-نى جاراڭلىق ھەم ئۇرغۇلۇق دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

سالام ساڭا، ماۋ جۇشى،
پاختەكلە دېگەن يەردىن.
زامانىڭدىن كۆچ تاپقان،
ئازاد دېھقان خەقلەردىن.

مەيدان تىمتاسلىققا چۆكۈپ، خالايىق پۈتۈن دىققىتىنى سەھنىگە مەركەزلەشتۈردى.

سەن ياراتقان بۇ زامان
ھۆر زامانە كەڭتاشا.
داھىيمىز، ئۇستازىمىز

بول ئامان، مىڭ، مىڭ ياشا!

شائىر قوشاقنى دېكلاماتسىيە قىلىپ تۈگەتكەندە، گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى پاختەكلە ئاسمىنىدا ئۈزاققىچە ياڭرىدى...

— بارىكاللا، كۆڭۈلدىكى گەپ بوپتۇ!

— ئەجەب بەلەن بولاپتا!

— ماڭا قايىلسىلا، بۇ تېپىپچان دېگەن بالا كادىر قوشاقنى بەك بەلەن توقۇيدىكەن، جۇما.

دېمەك، بۇ خەت ھەممەيلەننىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشكەندى.

بۇ خەت شائىر ئابدۇكېرىم خوجايوفنىڭ قولى بىلەن خەنزۇچىغا قاملاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىندى ھەم سەيپىدىن ئەزىزنىڭ قولى ئارقىلىق رەئىس ماۋزېدۇڭغا يەتكۈزۈلدى...

1952 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى ئاق ئارغىماققا مىنىپ، يېزا خەلقى ئەينى چاغدا رەئىس ماۋزېدۇڭغا يوللىنىدىغان خەتنى ماقۇللىغان ئاياغ پاختەكلە كەنتىدىكى بېدىلىككە كەلدى، يەتتە مودىن كۆپرەك كېلىدىغان بۇ كەڭرى سەينادا پاختەكلە ۋە قوشنا يېزىلاردىن كەلگەن 5000 دىن ئارتۇق كىشى بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر رەھبىرىنى، داھىي ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان مۇبارەك خېتىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئەچچە يۈزلىگەن بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق غۇر ـ غۇر شامالدا توختىماي لەپىلدەپ تۇراتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىۋاتقان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ۋە تولۇنۋاتقان شوئارلار يىراق ـ يىراقلارغىچە ئاڭلانماقتا ئىدى.

سەيپىدىن ئەزىزى سالماق قەدەملەر بىلەن رەئىس سەھنىسىگە چىققاندا، كىشىلەر توپى بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆمدى. ئانلار كەپسىز باللىرىنى جىملەپ تىنچلاندۇردى.

سەيپىدىن ئەزىزى يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ جاۋاب خېتىنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

www.uyghurkitap.com

«قەشقەر رايونى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقان يولداشلارغا:

سىلەرنىڭ بۇ يىل 3 ـ ئايدا يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ۋاقتىدا ماڭا يازغان خېتىڭلار ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن. سىلەر پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ يەر ئىگىلەش تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد بولدۇڭلار. سىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك مول ھوسۇل ئېلىش شوئارى ئاستىدا تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ، ماددىي تۇرمۇشىڭلارنى ياخشىلىشىڭلارنى ۋە شۇ ئاساستا مەدەنىيەت سەۋىيەڭلارنى قەدەممۇ قەدەم ئۆستۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ماۋ زېدۇڭ

1952 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى»

كۈچلۈك گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى پاختەكلەنىڭ زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك ئاسمىنىغا يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلدى، قىزىل ۋە تەلۋۈنچۈك دەريالىرىمۇ خۇددى ئۆز ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن ئاشۇ ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ئەلمىساقتىن بېرى تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق كاتتا يىغىلىش قىلىپ تەنتەنە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك شاۋقۇنلاپ ئاقتى...

رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە سەمىمىي ئۈمىدى مۇجەسسەملەنگەن جاۋاب خېتى پاختەكلە دېھقانلىرىنى، جۈملىدىن، شىنجاڭ دېھقانلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىققا چۆمدۈرۈپ، ئۇلارغا چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە غەيرەت ـ شىجائەت ئاتا قىلدى. پاختەكلە دېھقانلىرى ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، يېڭىچە روھ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، يېزىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە ماددىي ھەم مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يولىدا پىداكارلىق بىلەن قان ـ

تەر ئاقۇزۇپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى ...

1990 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن پاختەكلە يېزىسىغا ئالايىتەن كەلدى. باش شۇجى پاختەكلە يېزىسىدا سالا ئېتىزلار ۋە مېۋىلىرى مەي باغلىغان باغلارنى ئارىلىدى. ماۋ زېدۇڭغا خەت يازغان ئۆمەر ھەمزى قاتارلىق پېشقەدەم دېھقانلار ۋە ئىسلاھاتنىڭ تۈرتكىسىدە ھاللانغان دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن پاختەكلەنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە ئەتىسى توغرىسىدا كەڭ ـ كۇشادە سۆھبەتلەشتى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن قايتىش ئالدىدا پاختەكلە خەلقىنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى قورال قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ ئىشلەپ، پاختەكلەنى تېخىمۇ باي، ئاۋات ھەم گۈزەل يۇرت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۈچ يىلدا پاختەكلە دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا يەنە بارماق بىلەن ساناپ بەرگۈدەك نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولدى.

1993 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، پاختەكلە دېھقانلىرى يەنە يىغىلىپ رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزلىرىگە جاۋاب خەت يازغانلىقىنىڭ 41 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. دەل شۇ كۈنى ئۇلار يەنە بىر قېتىم قولىغا قەلەم ئېلىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىنغا خەت يازدى.

بۇ خەتكە مۇنۇلار پۈتۈلگەنىدى: «... بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئاجايىپ زور ياخشىلىنىش بارلىققا كەلدى، ھەممە ئائىلىنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقى، بانكىدا ئامانەت پۇلى بار، كۆپ قىسىم ئائىلىلەر يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، 90% دېھقان

تېلېۋىزور سىتىۋالدى ... رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈنى جاراڭلىدى ۋە سىزنىڭ ئۈچ يىل ئىلگىرى بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدلىرىڭىز پۈتۈنلەي رېئاللىققا ئايلانماقتا ...»

بۇ خەتمۇ خۇددى 41 يىل ئاۋۋالقىغا ئوخشاش، پۈتۈن يېزا خەلقى ئالدىدا ئوقۇلۇپ، بىردەك ماقۇللاندى.

«خەتقۇ پۈتتى، ئەمدى ئۇنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ قولىغا قانداق تەگكۈزۈش كېرەك؟» بۇ ئىش پاختەكلەلىكلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرغان چاغدا، 1993 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەيپىدىن ئەزىزى ئايالى ئايىم ئەزىزى بىلەن بىللە پاختەكلەگە مېھمان بولۇپ كەلدى.

سەيپىدىن ئەزىزىنى كۆرگەن پاختەكلە خەلقى خۇددى «خىزىر» غا يولۇققاندەك خۇش بولۇپ، ئۇنىڭدىن خەتنى باش شۇجى جياڭ زېمىنغا ئۆز قولى بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈنۈشتى. سەيپىدىن ئەزىزى يەنە بىر قېتىم پاختەكلەلىكلەر ئۈچۈن «خالىس خىزمەت قىلىش» نى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، يولداش جياڭ زېمىن ئۇلارغا ئۆز قولى بىلەن جاۋاب خەت يازدى.

1994 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پاختەكلەدە 13 مىڭ كىشىلىك كاتتا تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. پاختەكلە خەلقى يەنە قىن ـ قىنىغا پاتماي ناغرا ـ سۇناي ياڭرىتىپ، غۇلاچلىرىنى كەڭ يېيىپ ساماغا چۈشتى، چۈنكى بۇ پاختەكلە تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغىلىق كاتتا مۇراسىم ئىدى، ھەممەيلەن بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشكەن، چاچ ـ ساقاللىرىنى رەتلىك تاراشقان بولۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ چېھرىدە شادلىق كۆلكىسى باھار ئاپتىپىدەك جىلۋە قىلاتتى ...

ئەينى چاغدىكى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز قاتارلىق رەھبەرلەر ئالايىتەن بۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

يەرگە كېلىپ، پاختەكلە خەلقىنىڭ شادلىقىغا جور بولدى.

مۇراسىمدا ئالدى بىلەن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ جاۋاب خېتى ئوقۇلدى:

«قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسىدىكى بارلىق دېھقان يولداشلارغا:

سىلەرنىڭ يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ئارقىلىق ئەۋەتكەن خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. سىلەرنىڭ 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ جاۋاب خېتىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كۈچۈڭلەرگە تايىنىپ ئىشلەپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشۇڭلارنى ياخشىلاشتا قولغا كەلتۈرگەن خۇشاللىنارلىق نەتىجەڭلەرنى تەبرىكلەيمەن.

سىلەردىن يېڭى تارىخىي دەۋردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى قىلىپ، تېزلىكتە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىپ، يۇرتۇڭلارنى گۈللەپ ياشنىغان سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جياڭ زېمىن

1994 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى»

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ جاۋاب خېتى ئوقۇلۇپ بولۇشى بىلەن تەڭ، مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئۇزاققىچە

ياڭرىدى. يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق كۆپچىلىكنى تىنچلىنىشقا ئۈندىشى بىكارغا كەتتى، مۇشۇ تاپتا ئۇلار ھاياجىنىنى دەماللىققا بېسىۋالالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى...

پاختەكلە خەلقىنى ھەقىقەتەن بەختلىك ھەم ئامەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، مەملىكەت بويىچە ھېچقانداق بىر يېزا خەلقى ئىككى ئەۋلاد پارتىيە داھىيسىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىگە مۇيەسسەر بولالمىغان. ئۇنداقتا، ئىككى ئەۋلاد داھىينىڭ سەمىمىي ئۈمىدى پاختەكلەدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتا قانچىلىك «بىخ سۈردى؟»

بىز پاختەكلەگە ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، يېزا باشلىقى ئەكبەر تۇراخۇن ۋە يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى ئابلىمىت پالتۇ بىلەن كۆرۈشتۇق. پاختەكلەنىڭ كۆرگەزمە زالىدا ئىككى سائەتتىن كۆپرەك داۋام قىلغان سۆھبىتىمىز دەل مۇشۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەش ئۈچۈن بولدى.

جاۋابىنىمۇ تاپتۇق.

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل پاختەكلەلىكلەر ئىككى ئەۋلاد پارتىيە داھىيسىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە سەمىمىي ئۈمىدىنى مەدەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسى دەپ بىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، پۈتۈن يېزىنىڭ قىياپىتىدە ئاجايىپ چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مانا، بۈگۈن پاختەكلەنىڭ ئىلگىرىكى تار، توپىلىق يوللىرى ئاسفالىتلاشتى، ئېشەك ھارۋىلىرى موتسىكلىت ۋە پىكاپلارغا، جىن چىراغلار كۆزلەرنى چاقنىتىدىغان لامپۇچكىلارغا ئورۇن بەردى. ئىلگىرىكى پاكار، قاراڭغۇ، زەي گەمە ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق ئازادە، يورۇق ئۆيلەر قەد كۆتۈردى. ئۆتكەن يىلى يېزا بويىچە دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 2255 يۈەنگە يېتىپ، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. يىلىغا 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىغان ئائىلىدىن 170 ى بارلىققا كەلدى، بۇ يېزىدىن يەنە ئابدۇشۈكۈر

ھاجىمغا ئوخشاش قەشقەر شەھىرىدە كاتتا ساراي سالغان، مۆقىم مۆلكى 150 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان، دۆلەت ئاتلاپ تىجارەت قىلىدىغان داڭدار كارخانىچى چىقتى، يېزا بويىچە 99% دېھقانىنىڭ ئۆيىدىن «جاھان ئەينىكى» ئورۇن ئالدى. توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ قاتارلىقلار دېھقانلار ئائىلىسىنىڭ كۆچمەس مۆلكى بولۇپ قالدى ... ھازىرغىچە 300 دىن ئارتۇق دېھقان پەرزەنتى ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ پاختەكلەگە قايتىپ كېلىپ، داھىيلار ئۈمىدىنى روياپقا چىقارغۇچىلارنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. ھەر يىلى نەچچە مىڭ دېھقان ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىشلەپ، باغلام - باغلام پۇللارنى كۆتۈرۈپ يۇرتىغا قايتىشتى ...

بۈگۈنكى پاختەكلە يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدىكىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن، پاختەكلە خەلقىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئاققۇزغان قان - تەرىنىڭ شېرىن مېۋىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيىمىزنىڭ ئىككى ئەۋلاد داھىيسىنىڭ پاختەكلە خەلقىگە بولغان مېھىر - شەپقىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پاختەكلەلىكلەرنىڭ ھالال مېھنىتى بەدىلىگە داھىيلار ئۈمىدى بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ئەۋلادمۇئەۋلاد بىخ سۈرۈپ، پورەكلەپ ئېچىلىپ، تېخىمۇ شېرىن مېۋىلەرنى بېرىدۇ، ئەلۋەتتە!

## بۈگۈرلۈكلەر قەلبىگە تىكىلگەن ئابىدە

بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ «خەلق» مەيدانىغا ئورنىتىلغان ئىككى نەرسە — مەيدانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا تىكلەنگەن غايەت چوڭ ئالتۇن رەڭلىك ئاچقۇچ بىلەن بۇ ئاچقۇچنىڭ ئۈلىدىكى ئاق رەڭلىك مەرمەر تاشقا ئويۇلغان ئالتۇن رەڭلىك خەت بۈگۈرگە كەلگەن ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس مورگان: «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسى ئاستىدا كۆمۈكلۈكتۇر. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى بىزگە مەلۇم بولىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزنى قىلغان ئىكەن. بۈگۈرلۈكلەر ئاشۇ ئاچقۇچ بىزنىڭ قولىمىزدا دېمەكچىمۇ ياكى ئاچقۇچقا ئېرىشىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىمەكچىمۇ، ئىشقىلىپ، 1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ناھىيە مەركىزىدىكى «خەلق» مەيدانىغا ئالتۇن ئاچقۇچنى تىكلىۋالدى، شۇ كۈنى ئالتۇن ئاچقۇچنىڭ ئۇلىدىكى ئاق رەڭلىك مەرمەر تاشقا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەركىزىي كومىتېت ئىشخانىسى بۈگۈر خەلقىگە يازغان جاۋاب خەتنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتا ئويۇپ، بۇ «ئالتۇن خەت»نى بۈگۈر تۇپرىقىدىكى مەڭگۈ يىقىلماس ئابىدىگە ئايلاندۇردى.

بىز بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بۈگۈر دىيارىدا دېھقانلار، يېزا كادىرلىرى ۋە ناھىيە رەھبەرلىرىنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئەينى چاغدا بۈگۈر خەلقىنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىنغا تەشەككۈر خېتى يازغانلىقى ۋە جياڭ زېمىننىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەركىزىي كومىتېت ئىشخانىسىنىڭ بۈگۈر خەلقىگە جاۋاب خەت يازغانلىقىغا ئائىت تەسىرلىك ھېكايىلەردىن خەۋەردار بولدۇق.

بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە يېڭىسار، ئەشمە، چېدىر ۋە تېرەكبازاردىن ئىبارەت تۆت يېزا (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ شەرقىي تۆت يېزا دەپ ئېلىنىدۇ) بار. بۇ يېزىلاردىكى 36 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقاننىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان پارتىيىگە، باش شۇجى جياڭ زېمىنغا بولغان چوڭقۇر تەشەككۈرى يوغۇلغان سالام خەت بۈگۈر دېھقانلىرى، جۈملىدىن، شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ قەلبىنى باش شۇجى جياڭ زېمىن بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، مەڭگۈ ئۈزۈلمەس رىشتە ھاسىل قىلغان.

شەرقىي تۆت يېزا خەلقى ئازادلىقتىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى يېزا ـ بازارلارغا ئوخشاش، يېزا

ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش، كىرىمىنى كۆپەيتىش، يېزا قىياپە-
تىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەر خىل چارە ـ ئاماللارنى قوللىنىپ
شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن توك بولماسلىق ئۇلارنى ھەر
جەھەتتىن چەكلەپ كەلگەنىدى.

يېڭىسار بازارلىق (ئەسلىي يېزا ئىدى، كېيىن بازارغا ئۆز-
گەرتىلگەن) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسلىك
ۋەزىپىسىدىن پېنسىيىگە چىققان ساۋۇت بارات ئەينى چاغدىكى
ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «توك يوق جايدا تەرەققىياتتىن،
يېڭىلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ تۆت يېزىدا ئال-
دىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگۈچە تىلغا
ئالغۇدەك، بارماق بىلەن ساناپ بەرگۈدەك چوڭ ئۆزگىرىش،
يېڭىلىق ئاساسەن بولمىدى. يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش،
قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش، كارخانا قۇرۇشتەك چوڭراق ئىشلار-
نى قويۇپ تۇرايلى، ئۇن تارتىپ يېيىشمۇ بەك مۈشكۈل ئىدى.
1996 ـ يىلدىن ئىلگىرى تۆت يېزىدا ئاران ئىككى سۇ تۈگمىنى
بولىدىغان. لېكىن بۇ تۈگمەنلەر 36 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ
ھاجىتىدىن چىقىپ بولالمايتتى. تۆت يېزىدىكى مۇتلەق كۆپ
قىسىم دېھقان بۇغداي، قوناق، قىچا، زىغىر، چىگىتلىرىنى
ھارۋىغا بېسىپ، 60 ـ 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيە
بازىرىغا ئاپىرىپ تارتقۇزۇپ كېلەتتى. قىشتا ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ-
يى تارتىلىپ، تۈگمەنلەر ئىشتىن توختىغاندا دېھقانلارنىڭ كۈنى
تېخىمۇ تەسكە چۈشەتتى. توك بولمىغاچقا، يېزىمىزدا كارخانا
تۇرماق، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى ساتىدىغان بىرەر دۇكانمۇ
يوق ئىدى. دېھقانلارنىڭ تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ قاتار-
لىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشىدىن سۆز ئاچقىلى
بولمايتتى. كېيىنچە يېزىدىكى بىر ـ ئىككى تارماق سەلىيەركە
يېقىلغۇ قىلىنىدىغان دېزېل ماتور سېتىۋالدى، بۇ ئاساسلىقى
يېزىدا ئايدا بىرنەچچە قېتىم قويۇلىدىغان كىنونى ۋە يېزا مەركى-

-زى ئەتراپىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئائىلىلەرنى توك بىلەن تەمىنلەيتتى. ئائىلىلەرنى توك بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى كىچىك سائەتلا بولۇپ، بۇ دېھقانلارنىڭ ئاش - تاماق ئېتىپ يەپ، ئورۇن - كۆرپە راسلىۋېلىشىغا ئاران يېتەتتى. ھەربىر كىلوۋات توكنىڭ باھاسى ئىككى يېرىم يۈەن ئەتراپىدا ئىدى…»

1989 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تارىم نېفىتلىكىنى چارلاش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، جەنۇبىي بوگۇر نېفىتلىكىنى ئېچىش جېڭى رەسمىي باشلاندى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1994 - يىلى كورلىدىن بوگۇرگە 110 مىڭ كىلوۋاتلىق توك يەتكۈزۈلدى. ئەپسۇس، شەرقىي تۆت يېزىدىكى دېھقانلار بۇ توكتىن بەھرىمەن بولالمىدى. شۇڭا خەلق ئارىسىدا:

«ئۈستىمىزدىن توك ئۆتتى، ئاستىمىزدىن ماي،
قاچانغىچە ئۆتمىز توك چىراغ ياقماي.»

دېگەنگە ئوخشاش بېيىت - قوشاقلار تارقالدى.

ئەينى چاغدا بوگۇر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان توختى نۇر بىزگە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: «ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، دېھقانلارنىڭ توك تارتىپ بېرىش توغرىسىدىكى سادالىرى كۈچەيگىلى تۇردى. دېھقانلار ناھىيە ۋە ئوبلاستقا ۋەكىل ئەۋەتىپ بۇ مەسىلىنى ئىنكاس قىلدى، يېزىلىق، ناھىيىلىك، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىدا تۆت يېزىنىڭ توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىشى ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مەنمۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە 1993 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە ئۇدا ئۈچ يىل مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا تەكلىپ سۇندۇم. لېكىن بۇ

مەسىلىنى ھەل قىلىش دەماللىققا مۇمكىن بولمىدى».

ئۇنداقتا، قانداق قىلىش كېرەك؟

ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبەرلەر بىر ھەپتىدىن كۆپرەك مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئويلىنىشتىن كېيىن، 1995 ـ يىلى كەچ كۈز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ھاكىم توختى نۇر مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە شەرقىي تۆت يېزىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى باشلاپ، تارىم نېفىتلىكىنى چارلاش ـ ئېچىش قوماندانلىق شتابىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە كېڭىشىپ، نېفىتلىكنىڭ مەبلەغ جەھەتتە ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى.

ئىش ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، قوماندانلىق شتابىدىكى رەھبەرلەر بۇ قۇرۇلۇشقا 20 مىليون يۈەن ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. بۇ پۇلغا ناھىيە مالىيىسىدىن 5 مىليون يۈەن قوشۇلسا، شەرقىي تۆت يېزىدىكى 36 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 46 يىلدىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەن چوڭ ئىش روياپقا چىقاتتى.

بۇ خۇش خەۋەر ھەش ـ پەش دېگۈچە «قاناتلىنىپ ئۇچۇپ» دېھقانلارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. مەھەللىلەرنى، كوچا ـ كويلارنى، ئېتىز ـ قىرلارنى ۋە دېھقانلار ئۆيلىرىنى شادلىق كۈلكىلىرى بىر ئالدى. 1996 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «ئەتە شەرقىي تۆت يېزىغا توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمى يېغىنسارىدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن» دېگەن خەۋەردىن ۋاقىپلانغان دېھقانلار يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا يىغىلىپ، قىزغىن بەس مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى:

— نېفىتلىكتىكىلەر گېپىدە تۇرۇپتۇ جۇمۇ!

— توك كەلسە قالتىس ئىش بولىدۇ ـ دە.

— ھەي، كۆپچىلىك! نېفىتلىكلەرگە بىر رەھمەت خېتى يېزىپ قويساق قانداق دەيسىلەر؟

www.uyghurkitap.com

— ياخشى گەپ بولدى، ئوبلاستقا قارىتىپ يازايلى.
— ياق، ئاپتونوم رايونغا يازايلى.
شۇ چاغدىكى يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ساۋۇت بارات ئىشخانىسىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ ھويلىدا بولۇنۇۋاتقان سۆزلەرگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى، ئىشخانىنىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ كەتتى. ئۇ بېرىپ تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي، مەن توختى نۇر، ئەتىكى مۇراسىمنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى پۈتتىمۇ؟

— پۈتتى، ھاكىم، ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق.

— ناھايىتى ياخشى، يەنە قانداق گەپ - سۆزلەر بار؟

— ھازىر ھويلىغا بىر توپ دېھقانلار يىغىلىۋېلىپ، رەھمەت خېتى يازساق دېيىشىۋاتىدۇ.

— نەگە؟ كىمگە يازىدىكەن؟

— بىرى نېفىتلىككە، بىرى ئوبلاستقا دېسە، يەنە بىرى ئاپتونوم رايونغا يازايلى دېيىشىۋاتىدۇ.

— ياخشى ئىشكەنغۇ، سىلەر قانداق ئويلىشىۋاتىسىلەر؟

— مېنىڭچە، خەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ياكى باش شۇجى جياڭ زېمىنغا يازساق تېخىمۇ ياخشى بولامدىكىن!

— توغرا، دېھقانلارنىڭ پارتىيىگە بولغان رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىنغا قارىتىپ خەت يازايلى. سىز بۇ يېزىدىكى چوڭ زىيالىي، شۇڭا قەلەمنى سىز تۇتۇڭ، دېھقانلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈڭ! خەتنى كېچىچە ئىشلەپ بولسىمۇ تەييارلاڭلار، مەن ئەتە مۇراسىمدىن ئىلگىرى كۆرۈپ بېكىتىپ، مۇراسىمدا كۆپچىلىك ئالدىدا جاكارلايمەن.

ئىككىنچى كۈنى، يەنى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يېڭىسار يېزىسىدىكى قۇدۇقسايغا ئوبلاست، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك

تارماقلار، نېفىت قوماندانلىق شتابى ۋە شەرقىي تۆت يېزىدىن كەلگەن 5000 دىن ئارتۇق ئادەم جەم بولۇپ، تارىم نېفىتلىكىنى چارلاش، ئېچىش قوماندانلىق شتابى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەبلىغىدىن 20 مىليون يۈەن، بۈگۈر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە مالىيىسىدىن 5 مىليون يۈەن چىقىرىپ قىلىدىغان شەرقىي تۆت يېزىغا توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزدى.

مۇراسىمدا ھاكىم توختى نۇر باش شۇجى جياڭ زېمىنغا يېزىلغان رەھمەت خېتىنى ئوقۇدى:

«قەدىرلىك باش شۇجى جياڭ زېمىن، ياخشىمۇسىز!

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى يېتىپ كېلىش ھارپىسىدا بىز بۈگۈردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن سىزگە شۇنداق بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزمەكچىمىزكى، بۇ يىل تارىم نېفىتلىكىنى چارلاش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى 20 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئاجرىتىپ، ناھىيىمىزنىڭ ئەشمە، چېدىر، يېڭىسار، تېرەكبازار يېزىلىرىنىڭ توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ 40 نەچچە يىللىق ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز ئەمەلگە ئاشتى. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ چېگرا رايون خەلقىگە بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقىنىڭ ئىپادىسى…

…بىز چوقۇم پارتىيە، ھۆكۈمەتكە بولغان رەھمىتىمىزنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، مەڭگۈ كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئاڭلىق قوغدايمىز… توك تارتىلغاندىن كېيىن يۇقىرى كەيپىيات بىلەن تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ ئىشلەپ، تەرەققىياتىمىزنى تېزلىتىش بىلەن بىللە نېفىتلىكنى ئېچىشنىڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىلىرىدىن بولىمىز…»

توختى نۇر خەتنى ئوقۇپ تۈگەتتى، مەيداندىكى ئامما ئۇزاق-

www.uyghurkitap.com

قىچە ئالقىش ياڭرىتىپ، خەتنى يوللاشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىل-
دۈرۈشتى.

خەت ئەۋەتىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بۇگۇر خەلقى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئۆزلىرىگە جاۋاب خەت يازغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇشتى.

1996 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى بۇگۇر ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يەردە 10 مىڭ كىشىلىك كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىن-نىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەركىزىي كومىتېت ئىشخانىسىنىڭ بۇگۇر خەلقىگە خەت يازغانلىقىنى تەنتەنە قىلدى.

ھاكىم توختى نۇر يەنە بىر قېتىم رەئىس سەھنىسىگە چى-قىپ، خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپ-تونوم ئوبلاستلىق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بۇگۇر ناھىيىسى ۋەكىللىرىگە، ئەشمە، چېدىر، يېڭىسار، تېرەكبازار يېزىلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە:

باش شۇجى جياڭ زېمىنغا يازغان خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋې-لىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇق، باش شۇجى جياڭ زېمىن سىلەرنىڭ تارىم نېفىتلىكىنى چارلاش ـ ئېچىش قوماندانلىق شتابىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان تەشنا بولۇپ كەلگەن توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋالغانلىقىڭلارنى ئۇقۇپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. بىزگە جاۋاب خەت يېزىپ سىلەرنى تەبرىكلەشنى تاپشۇردى. خېتىڭلاردا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىڭلار ۋە مىننەتدارلىقىڭلار چىقىپ تۇرىدۇ. سىلەر ئىج-تىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى ئاساس قىلىپ، تارىمدا نېفىتلىكنى ئېچىشنى ئاكتىپ قوللاپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشكە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تۆھپە قوش-

تۇڭلار؛ سىلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى
ۋە تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ياخشى ۋەزىيەتنى كۆز قارىچۇقىڭلارنى
ئاسرىغاندەك ئاسرىدىڭلار، بۇنىڭغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى-
نىڭ رەھبىرىي يولداشلار يۇقىرى باھا بەردى ۋە مەدھىيە ئوقۇ-
دى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئەزەلدىن شىنجاڭ-
نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەل-
دى. تارىمدىكى نېفىتلىكنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئەھ-
مىيەت بېرىپ، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىمكان-
قەدەر تېزرەك بېيىش يولىغا مېڭىشىنى ئۈمىد قىلدى. تارىمدىكى
نېفىتلىكنى ئېچىش، پايدىلىنىش ئىقتىسادىڭلارنىڭ تېز يۈكسى-
لىشىگە تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت
بىلىپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئەۋزەل-
لىكىڭلارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىڭلارنى زور كۈچ
بىلەن راۋاجلاندۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. نېفىتلىكنى چار-
لاش ـ ئېچىش خىزمىتىگە داۋاملىق زور كۈچ بىلەن مەدەت
بېرىپ، نېفىتلىكنى ئېچىشنىڭ قۇدرەتلىك ئارقا تېرىكى بولۇ-
شۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى
داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز
دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد
قىلىمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر-
نىڭ رەھبەرلىكىدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ھاللىق سەۋىيىگە
يېتىش نىشانىغا يېتىپ، تېخىمۇ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيدۇ.
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئىشخانىسى كاتىبات ئىدارىسى
1996 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى»
ئىمتاسلىقا چۆمگەن مەيدان بىردىنلا گۈلدۇراس ئالقىش
سادالىرى بىلەن لەرزىگە كەلدى.
7000 كىشىلىك مەشرەپچىلەر قوشۇنى، چوڭ مەيداننىڭ

ھەممە يېرىگە يېقىلغان چىراغلار، ئەتراپ خۇددى قۇياشلىق سە-
ھەردەك يوپيورۇق، رادىئو كانىيىدىن ياڭراۋاتقان ئۇسسۇل كۈ-
يى، قېرى - ياش، ئەر - ئايال ئۇسسۇلغا چۈشكەن، ھەممە يەردە
شاد - كۈلكە.

بۇ قەيەر؟ بۇ يېڭىسار يېزىسى. بۇ قايسى كۈن؟ بۇ
1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.

بۈگۈن شەرقىي تۈت يېزا خەلقىنىڭ 46 يىللىق ئارزۇسى
رېئاللىققا ئايلاندى، 36 مىڭ دېھقان 46 يىللىق قاراڭغۇلۇق
بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى. دېھقانىنىڭ ئۆيلىرى، يېزا، كەنت
يوللىرى، ھويلىلار، ھەتتا ئېغىل - قوتانلارمۇ «ۋاللىدە» يورۇ-
دى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ھەممە يېزا، ھەممە كەنت، ھەممە
مەھەللە، ھەتتا ھەممە ئۆيدە مەشرەپ ئەۋجىگە چىقتى ...

«توك بولىدىكەن، ھەممە ئىشتىن ئۈمىد بار». تۆت يېزا
خەلقى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدى.
قېنى، باشقا يېزىلارنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، يېڭىسار بازىرى-
دىكى ئۆزگىرىشلەرگە نەزەر سېلىپ باقايلى:

پاكىت شۇكى، سەككىز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان،
بۇ بازارنىڭ قىياپىتىدە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدا زور
ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. يېزا بويىچە ئومۇمىي كىرىم
1996 - يىلىدىكى 13 مىليون 480 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ،
2004 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 59 مىليون 505 مىڭ
يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئارىسىدا سانائەت كىرىمى 230 مىڭ يۈەندىن
كۆپىيىپ 1 مىليون 568 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يەتتە ھەسسىگە
يېقىن ئاشتى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى
750 يۈەندىن كۆپىيىپ 3435 يۈەنگە يېتىپ، بەش ھەسسىسىگە
يېقىن ئاشتى. بازار بويىچە تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشى 90%
تىن كۆپرەككە، يېپىق لىنىيىلىك تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشى
50% كە يەتتى، بازار ئاۋات، ئۇچۇر راۋان بولغاچقا، يېڭىسار-

نىڭ ئۆرۈك، قاقلىرىنىڭ داڭقى تەرەپ ـ تەرەپكە تارالدى ...
دېمەك، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ جاۋاب خېتى بوگۇر خەلقىنىڭ قەلبىگە مەڭگۈلۈك ئابىدە بولۇپ تىكلەندى. ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بوگۇر خەلقى ئاشۇ ئابىدىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئېلىپ، تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەك يارىتىش يولىدا بەجانىدىل تىرىشماقتا.

## داشىلىقلار پەخىرلەنمەكتە

2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىسى داشى كەنتىدىكىلەر ئۇچۇن ئۇنتۇلغۇسىز كۈن بولدى. شۇ كۈنى كەنتنىڭ يىغىن زالىغا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، لوپنۇر ناھىيىسى ۋە شىڭپىڭ يېزىسىدىن كەلگەن مېھمانلار، دېھقانلار لىق تولدى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى رەئىس سەھنىسىگە تىكلەپ قويۇلغان چوڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزورغا قادالغانىدى. مۇشۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ قەلبى ھاياجانغا چۆمگەن بولۇپ، ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاڭ بونىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان 34 ـ 35 ياشلار چامىسىدىكى ئاق يۈزلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق ئۇيغۇر يىگىت كۆچلۈك ھاياجان ئىلكىدە قوللىرىنى توختىماي ئۇۋۇلايتتى. بۇ يىگىت شۇنچە كۆپ رەھبەر ۋە دېھقانلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ تېلېۋىزورغا تىكىلىپ ئولتۇرۇشىغا سەۋەبچى بولغان داشى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئەزاسى، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇھەممەد ساۋۇر ئىدى.

ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 5 تە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 1 ـ قانىلىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسى باشلاندى. دىكتور جاراڭلىق ئاۋازدا تۈنجى

خەۋەرنى ئوقۇدى: «بۈگۈن ‹4 ـ ماي› ياشلار بايرىمى، [illegible] پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپنۇر ناھىيىسى داشى كەنتىدىكى مۇھەممەد ساۋۇر قاتارلىقلارغا خەت يېزىپ، ياش دوستلارنى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىدى، يېزىلاردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇردى ...»

قىسقا ھەم مېغىزلىق، ئەمما سالمىقى ۋە ئەھمىيىتى تولىمۇ چوڭ بولغان بۇ خەۋەر ناھايىتى تېزلا ئوقۇلۇپ بولدى. قىزغىن ئالقىش ساداسى زال ئىچىدە ئۇزاققىچە ياڭرىدى.

پروگرامما ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دەل شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

— بايا كۆپچىلىك چاۋاك چېلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ جاۋاب خېتىنى تازا ياخشى ئاڭلىيالماي قالدىڭلار، يولداشلارنىڭ كۆڭلىنى، ھېسسىياتىنى تامامەن چۈشىنىشكە بولىدۇ، شۇڭا مەن خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بېرەي، — شۇجى جاڭ بو سۆزىنى تۈگىتىپ خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى: «يولداش مۇھەممەد ساۋۇر ۋە داشى كەنتىدىكى ياش دوستلار! ياخشىمۇسىلەر! سىلەرنىڭ قىزغىن مۇھەببەتلىك خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ناھايىتى خۇشال بولدۇم، بۈگۈن ‹4 ـ ماي› ياشلار بايرىمى، بۇ يەردە مەن ياش دوستلارنى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەيمەن ھەم كەنتتىكى يۇرتداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

خېتىڭلاردىن شۇنى بىلدىمكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ باشچىلىقىدا كەنتتىكى ھەر مىللەت ئاممىسى

جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىپ، ھالال بېيىپ، ئىككى قولىغا تايىنىپ، يۇرتىنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپتۇ، كەنتتە ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان، تۇرمۇش باياشات، ئامما ئىناق ـ ئۆم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىپتۇ. بۇ جەرياندا كەنت ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى پائال ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇكنىڭ ئېغىرىنى زېمىنىسىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىپ، يۇرتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ چىقىرىپتۇ، مەن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجەڭلەردىن خۇشال بولدۇم.

ھازىر، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قاراشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلماقتا. بۇ يېزا ياشلىرىنىڭ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ۋە كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى. سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا يۈكسەك غايىنى پۈكۈپ، توختىماي بىلىم ـ ماھارەت ئىگىلەپ، ئاكتىپ ئەمگەك قىلىشىڭلارنى، ئىجاد قىلىشىڭلارنى، مەدەنىي يېڭى كەيپىياتنى باشلامچىلىق بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغدىشىڭلارنى، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىش، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يەنىمۇ ياخشى نەتىجە يارىتىشىڭلارنى، يېڭى تۆھپە قوشۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

خۇ جىنتاۋ

2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى»

زال ئىچىدە يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ بۇ غەمخورلۇقى ۋە سەمىمىي

ئۇمىدى ھەممەيلەننىڭ قەلب تارىلىرىنى تىترىتكەنىدى. شۇجى جاڭ بۇ قاتارلىق ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن سۆز قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا سۆز قىلىش نۆۋىتى مۇھەممەد ساۋۇرغا كەلدى.

— پارتىيىگە، باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت. باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ بىزگە بۇنچە تېز جاۋاب خەت يېزىشىنى ئويلاپ باقماپتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ياشلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، غەيرەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، باش شۇجىنىڭ ئۇمىدىنى ئاقلاشقا تىرىشىمەن.

مۇھەممەد ساۋۇر بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئاران شۇنچىلىكلا سۆزلىيەلىدى.

شۇ كۈنى كەچ ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت 9 دا مۇھەممەد ساۋۇر پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن دادىسى ساۋۇر مەخلىكنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 2 - قانىلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆردى. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىققا چۆمدى ھەم تۆشمۇتۆشتىن ئۇنى تەبرىكلەشتى.

باش شۇجى خۇ جىنتاۋ قانداق قىلىپ چەت - ياقا يېزىدىكى بىر ياش دېھقانغا خەت يېزىپ قالدى؟ سۆزلەپ كەلسەك، بۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلار بىر ھېكايە.

مۇھەممەد ساۋۇر تۇغۇلۇپ ئۆسكەن داشى كەنتى تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان تولىمۇ ئاددىي كەنتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تۇپرىقى شورلۇق ئىدى، شۇنداق بولغاچقا، بۇ يەر ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن «داش» (شورلۇق، تاشلاندۇق يەر دېگەن مەنىدە بولۇپ، كېيىن تەرجىمە سەۋەبىدىن «داشى» غا ئۆزگەرگەن) دەپ ئاتالغانىدى. يەر شارائىتى ناچار بولغانلىق-

تىن، نە بوغداي، نە كېۋەز ئوخشىماي، دېھقانلار نامراتلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. داشىلىقلار شۇ چاغلاردا ئاشلىقنى سىرتتىن يۆتكەپ كېلىپ يەيتتى، ئىشلەپچىقىرىشتا قەرز پۇلغا، تۇرمۇشتا قۇتقۇزۇشقا تايىنىپ ياشايتتى. شۇ چاغدا داشى كەنتىدە ئىككى خىل ئادەم ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، نامراتلار؛ يەنە بىرى، ساۋاتسىزلار ئىدى. داشىلىقلارنىڭ بۇ دەشت - باياۋاننى ئۆزگەرتىشكە ئىشەنچى بولسىمۇ، لېكىن نامراتلىق ۋە نادانلىق تۈپەيلىدىن ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى.

1989 - يىلى ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئۆتەلمىگەن مۇھەممەد ساۋۇر مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىپ، كەتمەننى قولىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ، ئېتىز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئوقۇش، بىلىم ئىگىلەش، ئىلمىي تېرىقچىلىقنىڭ ئېپى - جىپىنى بىلىدىغان دېھقان بولۇش ئارزۇسى سۇسلاپ قالمىدى.

1991 - يىلى ئاۋغۇستىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى قۇياش ئۇپۇققا باش قويۇشقا ئاز قالغان چاغ. بىر كۈنلۈك ئېتىز ئىشىنى تاماملاپ ئۆيىگە قايتقان ئاتا بىلەن بالا توپىلىق يولدا كېلىۋېتىپ پاراڭغا چۈشتى.

— ماڭا ئازراق پۇل بەرسەڭ بولاتتى، دادا، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتاي دېسەم، قولۇم قىسقا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، — دېدى مۇھەممەد دادىسىغا.

— مېنىڭ پۇلۇم سېنىڭ پۇلۇڭغۇ؟ قانچىلىك لازىم بولسا، ئېلىپ ئىشلەتمەمسەن.

— بىراق، ئۆزۈم ئىشلەپ تاپمىغۇچە مېنىڭ دېيىشكە خىجىل بولىدىكەنمەن.

— قېنى، ئېيتە، نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟

— ئىككى ئىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم، بىرى، يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت كىتابلاردىن سېتىۋېلىپ، كەنتتىكى ياشلار

بىلەن ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئىشلارنى ئىلمىيراق قىلىساقمىكىن دەيمەن؛ يەنە بىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى دېھقانچىلىق كەسپى بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىكەن. بىز بىرقانچەيلەن مۇشۇ سىنىپتا ئوقۇشنى ئالاقىلىشىپ قويغانىدۇق، ئوقۇش پۇلى تۆلەشكە قولۇم قىسقىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئوغلىنىڭ سۆزلىرى دادىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىۋەتتى، چۈنكى ئۇ دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەبنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى.

— چاتاق يوق، قانچىلىك كىتاب ئالساڭ، قانچىلىك ئوقۇساڭ پۇتۇن چىقىمغا مانا مەن ئىگە! ...

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، مۇھەممەد ساۋۇر بىرقانچە قۇردىشىنى ئەگەشتۈرۈپ كورلىغا بېرىپ، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، كۆكتاتچىلىققا ئائىت نەچچە يۈز پارچە كىتاب ئەكەلدى. بۇ كىتابلار داشى ياشلىرى ئارىسىدا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلدى، شۇ يىلى قىشتا مۇھەممەد ساۋۇر يەنە لوپنۇر ۋە كورلىدىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ياشلارغا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن دەرس سۆزلەتكۈزدى، ئۆزى بىرقانچە دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى ... بۇنىڭ بىلەن كەنتتىكى ياشلار، ھەتتا ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان دېھقانلار ئارىسىدىمۇ ساۋاتسىزلىق ۋە نامراتلىق بىلەن خوشلىشىش مەقسەت قىلىنغان پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى.

مۇھەممەد ساۋۇر كۆپچىلىكنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ھوسۇل ۋە كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەشتە ئىشنى ئۆزىدىن باشلىدى، كەنت بويىچە تۇنجى بولۇپ 120 مو يەردىكى ئاشلىقنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىپ ۋە پەرۋىش قىلىپ، بىرلىك ھوسۇلىنى

ئۇدا بىرقانچە يىل 500 كىلوگرامدىن ئاشۇردى، 340 مو يەرگە كېۋەز تېرىپ، بىرلىك ھوسۇلنى 130 كىلوگرامغا يەتكۈزدى، باشقىلار ھەدەپ كەنت ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغاندا، ئۇ ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، 200 مو تېرىلغۇ يېرىدە بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش ئورمان بەلۋېغى بىنا قىلدى، باشلامچىلىق بىلەن مەبلەغ سېلىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك قورۇ - قوتان ياساپ، كۆلەملەشكەن باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ-نىڭ يىللىق كىرىمى 400 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. كەنتتىكى ياشلار مۇھەممەد ساۋۇرنىڭ پەن - تېخنىكىنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشتى ھەم ئۇ باسقان قەدەملەرنى بويلاپ مېڭىپ يانچۇقلىرىنى چىڭداشقا باشلىدى. بىراق، قىسمەن ياشلارنىڭ يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا چاپلىشىۋېلىشى ئۇنىڭ ئېچىنى پۇشۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قوللىشى بىلەن كەنتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىگە ئىگە ياشلارنىڭ ھەر يىلى قىشتا پەن - تېخنىكا كۇرسىغا قاتنىشىشىنى تۈزۈملەشتۈردى، كۇرسقا ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ھەققى، ماتېرىيال ھەققى قاتارلىقلارنى كەنت ئۈستىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن كەنتتىكى 117 ياشنىڭ 95% ىدىن كۆپرەكى بىردىن - ئىككىگىچە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا ئىگىلىدى.

مۇھەممەد ساۋۇر قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش ۋە نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتىمۇ ھەممە كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغىغۇدەك خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى. بىرلا مىسال ئالساق، ئۇ ھازىرغىچە كەنتتىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق قېرىنداشلىرىغا 185 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى قىلىۋېلىشى ياكى قىيىن ئەھۋالدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى. 2002 - يىلىغا

www.uyghurkitap.com

كەلگەندە، كەنت بويىچە بىرمۇ ساۋاتسىز، بىرمۇ نامرات ئائىلە قالمىدى، داشى كەنتى ناھىيە، ئوبلاست بويىچە داڭلىق باي كەنتكە ئايلاندى.

2003 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، پايتەخت بېيجىڭدا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىۋاتقان مۇھەممەد ساۋۇر شۇ يىلى 7 ـ نۆۋەتلىك «جۇڭگو ياشلىرى 4 ـ ماي مېدالى» غا مۇشەررەپ بولغۇچىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە جۇڭنەنخەيگە كىلىپ، خۇ جىنتاۋ قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. قوبۇل قىلىشتا باش شۇجى خۇ جىنتاۋ بادامدوپپا، كانۋا كۆڭلەك كىيگەن بۇ ئۇيغۇر يىگىتنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— ئاڭلىسام، سىز ئەڭ ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن ئىتتىپاق شۇجىسى ئىكەنسىز. چوقۇم تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، كەنتتىكى ياشلارنى ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەڭ، — دېدى.

مۇشۇ دەقىقىلەردە قەلبى ھاياجانغا تولغان مۇھەممەد ساۋۇر:

— رەھمەت، باش شۇجى، رەھمەت! — دېگەن سۆزنىلا دېيەلىدى.

ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بېيجىڭدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغان يېڭىلىقلارنى، بولۇپمۇ خۇ جىنتاۋ قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ئاشۇ ھاياجانلىق مىنۇتلارنى يۇرتداشلىرىغا يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى، باش شۇجى بىلەن چۈشكەن سۈرىتىنى كۆرسەتتى ھەم تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، باش شۇجىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش توغرىسىدا ئەل ـ جامائەت ئوتتۇرىسىدا ۋەدە بەردى.

مۇھەممەد ساۋۇر بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە كەنتتىكى ياشلارنى يېتەكلەپ، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشنىڭ تېخىمۇ جۇشقۇن مارشىنى ياڭراتتى. 2004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە داشى

كەنتىنىڭ ئومۇمىي كوللېكتىپ مەبلىغى 76 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلانىما مەبلەغ 2 مىليوندىن كۆپرەككە، كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 4132 يۈەنگە، يېزا بويىچە 5310 يۈەنگە يەتكەن بولسا، داشىلىقلارنىڭ كىشى بېشى ساپ كىرىمى 6329 يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە ياشلارنىڭ كىرىمى 7250 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە ۋە يېزد- نىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. داشى ياشلىرى ئارىسىدا «ئۇچقۇن پىلانى» باشلامچىلىرىدىن 18 ى، ياش بېيىش ماھىرىدىن 47 سى بارلىققا كەلدى. 65 ياش دېھقان تېخنىك سالاھىيىتىگە ئېرىشتى ...

2005 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى كەنتتىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. مۇ- ھەممەد ساۋۇر يىغىن ئاخىرىدا كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى:

— ئىككى يىل ئاۋۋال باش شۇجى خۇ جىنتاۋ مېنى قوبۇل قىلغاندا كەنتىمىز ياشلىرىغا سەمىمىي ئۈمىدىنى بىلدۈرگەنىدى، ئىككى يىلدىن بۇيان كەنتىمىزنىڭ ئەھۋالىدا ۋە ياشلىرىمىزنىڭ روھىي قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ھەممەيلەننىڭ كىرد- مى زور دەرىجىدە ئاشتى، شۇڭا باش شۇجى خۇ جىنتاۋغا نەتىجد- لىرىمىزنى دوكلات قىلىپ ھەم ئۇنى داشىغا تەكلىپ قىلىپ بىر پارچە خەت يازساقمىكىن دەيمەن.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى:

— ناھايىتى ياخشى گەپكەن.

— شۇنداق قىلايلى!

شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ساۋۇر ياقۇپ روزى، ئىلھام يا- قۇپ، قۇربان مۇھەممەت، بەختىيار قادىر، سىدىق مۇھەممەدنى ئېلىپ قېلىپ، ئۇلار بىلەن باش شۇجىغا يېزىلىدىغان خەتنى مۇزاكىرە قىلدى. ياشلار ئۇ بىر ئېغىزدىن، بۇ بىر ئېغىزدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گەپ قىستۇرۇپ خەتنى يېزىپ تۈگەتتى، خەتكە مۇنۇلار پۈتۈلگەنىدى: «ھۆرمەتلىك باش شۇجى خۇ جىنتاۋ، ياخشىمۇسىز! مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزا داشى كەنتى ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇھەممەد ساۋۇر بولىمەن. مەن 2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سىز ۋە مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدىم. يۇرتۇمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن مەندىن سىزنىڭ ماڭا نېمىلەرنى دېگەنلىكىڭىزنى تەپسىلىي سوراشتى. مەن ئۇلارغا سىزنىڭ سەمىمىي ئۈمىدىڭىزنى يەتكۈزگەندە، ئۇلار چەكسىز شادلىنىپ چۆمدى. «4 - ماي» بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، يۇرتداشلار سىزنى چەكسىز سېغىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سىزگە خەت يېزىپ، كەنتىمىزدىكى يېڭىلىقلاردىن سىزنى خەۋەردار قىلىشنى لايىق كۆردى ... ئىككى يىلدىن بۇيان، كەنتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. كەنتىمىزدىكى 68 دېھقان پىكاپ سېتىۋالدۇق ... كەنتىمىزدىكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ دېھقانلار ناھايىتى ئىناق ئۆتىدۇ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدۇ. خەنزۇلار ئۇيغۇرلارغا كېۋەز تېرىشنىڭ يېڭى تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى، ئۇيغۇرلارمۇ خەنزۇلارغا قوي، كالا بورداش تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى، ھازىر كەنتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ناھايىتى ئۆم - ئىناق ئۆتۈۋاتىدۇ. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يەنە دېھقانلارغا 19 تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى، شۇڭا دېھقانلىرىمىز تولىمۇ بەختىيار ياشاۋاتىدۇ ... جياڭسۇدا خۇاشى دېگەن بىر كەنت بار، بىزنىڭ بۇ يەردە داشى كەنتى بار. بىز چوقۇم تىرىشىپ ئىشلەپ، خۇاشىدىن ئۆگىنىپ خۇاشىغا يېتىشىۋېلىپ، كەنتىمىزنى شىنجاڭدىكى خۇاشى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. گەر-

چە بېيجىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئارىلىقى نەچچە مىڭ كىلومېتىر بولىسمۇ، داشى ياشلىرىنىڭ قەلبى مەڭگۈ سىز بىلەن تۇتاش. بىز سىزنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىڭىزنى، بىزنىڭ ئۆيلەرگە كې-لىپ، مېھمان بولۇپ كېتىشىڭىزنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

مۇھەممەد ساۋۇر ۋە داشى كەنتىدىكى بارلىق ياشلاردىن

2005 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى»

خەت پۇتتى، ئۇنى مۇشۇ پېتى يوللاش كېرەكمۇ ياكى بىرە-رنگە كۆرسىتىپ پىكىر ئېلىش كېرەكمۇ؟ شۇ چاغدا مۇھەممەد ساۋۇرنىڭ يادىغا ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئەنۋەر ئابدۇراخمان كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قەلبىگە باش شۇجى خۇ جىنتاۋغا خەت يېزىش «ئوتى»نى سالغان دەل ئەنۋەر ئابدۇ-راخمان ئىدى.

خەت ئەنۋەر ئابدۇراخماننىڭ قولىغا تەگكۈزۈلگەندىن كې-يىن، ئۇ ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتىدىكى باشقا خادىملار بىلەن ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق، خەتتىكى ئارتۇقچە مەز-مۇنلارنى چىقىرىۋېتىپ، زۆرۈر بولغان بىر قىسىم نۇقتىلارنى تولۇقلاپ چىقتى ھەم مۇھەممەد ساۋۇرغا باش شۇجى خۇ جىنتاۋ بىلەن چۈشكەن سۈرەتنى خەتكە قوشۇپ ئەۋەتىشنى ئالاھىدە تاپى-لىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەت پوچتا ئارقىلىق پايتەختكە ماڭدۇرۇلدى.

2005 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بايىنغولىن ئوبلاستى داشى كەنتىدە داغدۇغىلىق يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى خۇ جىنتاۋنىڭ جاۋاب خېتى پۇتۇلگەن ئابىدىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى. مۇھەممەد ساۋۇر ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ئابىدە ئالدىدىكى مەيداندا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، تەنتەنە قىلىشتى. شۇ تاپتا داشىلىق قىز - يىگىتلەرنىڭ چېھرىدە ئۆز يۇرتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتى-

سىگە بولغان ئىشەنچ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى ...

## خاتىمە

بىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد داھىيسى بىلەن ئۇيغۇر
دېھقانلارنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتى، ئوتلۇق مېھىر - مۇھەببىتى
توغرىسىدا ئوقۇرمەنلەرگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان ھېكايىلىرد-
مىز مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىدى، لېكىن بۇ ھەقتىكى تەسىرلىك
ھېكايىلەرنىڭ كەلگۈسىدىمۇ يەنە ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىغا ئى-
شەنچىمىز كامىل. چۈنكى تۇنجى ھېكايە باشلىنىپ ھازىرغىچە
50 نەچچە يىل ئۆتكەن، ئەسىر ئالماشقان، پارتىيىنىڭ داھىيلى-
رىمۇ ئالماشقان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىنىڭ ۋە ئۇنىڭ داھىيلى-
رىنىڭ ئۇيغۇر دېھقانلارغا، جۈملىدىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقىگە بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقى، چوڭقۇر ئىشەنچى ۋە
چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتى ئۆزگەرمىدى، بەلكى يىللار ئۆتكەن-
سېرى بارغانسېرى كۈچەيدى، دائىرىسى كېڭەيدى. ئىشىنىمىز-
كى، ئەجدادلار مۇھەببىتىنى ئەۋلادلار داۋام قىلدۇرىدۇ، مۇس-
تەھكەم باغلانغان دىل رىشتى مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ!

2005 - يىل ئاۋغۇست، قەشقەر، بۈگۈر، لوپنۇر

# ئەجەم ياڭرىغان چاغلار

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت دوختۇرخانىدا يېتىپ تېخى بىر كۈن ئاۋۋال دوختۇرخانىدىن چىققان ئادەمنى «ئەتە يولغا چىقىپ مەملىكەتلىك سەنئەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىسەن!» دېيىش تازا ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەسمۇ، قانداق؟ مەملىكەت مىقياسىدىكى سەن-ئەت ساھەسىنىڭ سەرخىللىرى ماھارەت جەھەتتە يۇقىرى - تۆ-ۋەنلىك تالىشىدىغان بۇنداق كەسكىن «جەڭ مەيدانى» نى دۇتار، تەمبۇرنى دولىغا ئارتىپ بېرىپ، يادىغا كەچكەن پەدىگە خالىغانچە چېلىپ قايتسا بولۇۋېرىدىغان باش - ئايىغى يوق ئولتۇرۇشلىرى-مىزغا قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟!

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتى مىللىي مۇزىكا، مۇقام كافېدرا-سىنىڭ مۇدىرى، دوتسېنت مىجىت يۇنۇس مەكتەپ مۇدىرى جاۋ تارمىنىڭ قولىدىن 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە شىنياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان «جۇڭگو مەدەنىيەت - سەنئەت ھۆكۈمەت مۇكاپاتى» بويىچە 2 - نۆۋەتلىك مىللىي مۇزىكا ئورۇن-داش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇ-رۇۋالغاندا دەماللىققا قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتنىڭ قاتتىقلىقچۇ تېخى: «ئالتۇن مۇكاپاتنى، ئەڭ بولمىغاندا كۈمۈش مۇكاپاتنى چوقۇم قولغا كەلتۈرۈشۈڭلار كېرەك!»

مۇسابىقە ۋاقتى ئاللىبۇرۇن بېكىتىلىپ بولغانىدى. شۇنداق ئىكەن، ياۋاشلىق بىلەن «ماقۇل» دەپ يولغا چىقماقتىن باشقا ئىلاج يوق.

www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ، مىجىت يۇنۇس ئەتىسى شىنجاڭدىن بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان كەسىپداشلىرى بىلەن شىياڭغا قاراپ يۇرۇپ كەتتى ...

1974 ـ يىلى 14 يېشىدا «ناخشىچى بولىمەن» دېگەن ئۈمىدتە سابىق شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان مىجىت يۇنۇس مەكتەپكە كېلىپ كۆپ ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ناخشا كەسپىگە نىسبەتەن تازا ياخشى «ماتېرىيال» ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. «ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ» دېگەندەك ئۆز ۋاقتىدا «ئۆزىنى سوراپ» ناخشا كەسپىدىن مىللىي مۇزىكا كەسپىگە ئالمىشىپ، ئىلگىرى ھەتتا سىلاپمۇ باقمىغان تەمبۇرنى كەسىپ قىلىپ تاللاشقا ھەمدە ئىشنى نۆلدىن باشلاشقا مەجبۇر بولدى، ئەنە شۇ تەمبۇرگە ۋە شۇ تەمبۇردىن بۇلاق سۈيىدەك ئۇقچۇپ چىقىدىغان سېھىرلىك كۈيلەرگە بولغان 30 يىللىق يالقۇنلۇق مۇھەببەت ئۇنى ئاۋۋال دەرس سەھنىسىگە، ئاندىن ئاپتونوم رايون ئىچى ـ سىرتىدىكى چوڭ ـ چوڭ سەھنىلەرگە — روسىيە، ئىران، تۈركمەنىستان، تايلاند، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى كاتتا تىياتىرخانىلارنىڭ سەھنىلىرىگە ئېلىپ چىقتى. مانا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ كەسپىدە خېلى ئوبدانلا «شەھەر سورايدىغانلار» دىن بولۇپ قالدى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئەينى چاغدا «ئۆزىنى سورىغانلىقى» نىڭ ھەرگىزمۇ خاتا بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

«جۇڭگو مەدەنىيەت ـ سەنئەت ھۆكۈمەت مۇكاپاتى» سەنئەت مۇسابىقىسى مەملىكەت بويىچە سەنئەت ساھەسىدىكى كۆلىمى ۋە دەرىجىسى ئەڭ چوڭ مۇسابىقىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇسابىقە ناخشا، زامانىۋى چالغۇدا ئورۇندالغان مۇزىكا، يەككە ئورۇنداش، كوللېكتىپ ئورۇنداش قاتارلىق كۆپ تۈرلەردە ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە مەملىكەت بويىچە 1000 دىن ئارتۇق

نومۇر كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت 46 نومۇرلا
ئالدىن تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغا-
نىدى. شىنجاڭدىن ئالدىن تاللاش مۇسابىقىسىگە كىرگەن نومۇر
ئالتە بولۇپ، مىجىت يۇنۇس بۇ ئالتە نومۇر ئىچىدىكى يالغۇز
كىشىلىك مۇزىكا ئورۇنداش تۈرى بىلەن كوللېكتىپ مۇزىكا
ئورۇنداش تۈرىگە قاتناشتى. يەككە ئورۇنداش تۈرىدە ئۇ تاللىغان
مۇزىكا «ئۇششاق مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە 1 - داستان مەر-
غۇلى» بىلەن كلاسسىك مۇزىكا «ئەجەم» ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە
«ئەجەم» ئۇنىڭ كوزىرى ھېسابلىناتتى.

«ئەجەم» مۇزىكىسى تىلغا ئېلىنسا ئۇيغۇر خەلق ئاھاڭلىرى-
دىن ئاز - تولا خەۋىرى بار كىشىلا ئۇنىڭ «ئاخىرلاشتۇرۇش»
دېگەن سۆز بىلەن باغلىنىشى بارلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇزاق
ئۆتمۈشتىن بۇيان ناخشا - مۇزىكىنىڭ ئاشىقى بولغان ئاتا -
بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرى ئەڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان، ھارغان ۋۇ-
جۇدلارغا ماغدۇر، چارچىغان نېرۋىلارغا ئارام، مىسكىن كۆڭۈل-
لەرگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان بۇ يېقىملىق كۈينى بىر - بىرىگە
ئۇلىشىپ داۋام ئېتىدىغان تۈگىمەس مەشرەپ، ئولتۇرۇشلارنىڭ
چۈشۈرگىسى قىلىپ كەلگەن. شۇنداق بولغاچقىمۇ، خەلقىمىز-
نىڭ نەزەرىدە «‹ئەجەم› مۇزىكىسى چېلىندى» دېگەن سۆز بىلەن
«مەشرەپ ئاخىرلاشتى» دېگەن سۆز ئوخشاش ئىدى.

تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بەزىدە تولىمۇ ئاجايىپ بولى-
دۇ. مانا قاراڭ! ئۇزۇن سەپەردىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن
مىجىت يۇنۇس مېھمانخانىغا كېلىپلا چەك تارتىۋېدى، خۇددى
ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەك 46 - نومۇر چىقتى. ماۋۇ
كارامەتنى كۆرمەمدىغان! «ئەجەم» نىڭ ئەڭ ئاخىرىغا كېلىپ
قالغىنىغا قارىغاندا بۇ كەسكىن «جەڭ مەيدانى» مۇ ئۇيغۇر مەش-
رەپلىرىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە بولامدۇ، قانداق؟

باھالىغۇچىلارنىڭ تېزىملىكىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ قەلبىنى

يەنە ئەندىشە تۇمانلىرى قاپلىدى. مەركەز ۋە مەملىكەتنىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىدىن كەلگەن داڭلىق كومپوزىتور ۋە داڭلىق مۇزى-
كانتلاردىن تەركىب تاپقان باھالىغۇچىلار ئۆمىكى ئۈنىڭ تەركىبىدە
ئىشىش تولىمۇ مۇشكۈل بولغان «ئېگىز داۋان» ئىدى.
مانا شۇ «ئېگىز داۋان» ئۈنى ئىككى كېچە ـ كۈندۈز تۈزۈك-
رەك ئارام ئېلىش ۋە ئېغىزغا تېتىغۇدەك تاماق يېيىشتىن مەھ-
رۇم قىلىپ، ياتاقتا بېكىنىۋېلىپ «ئەجەم» مۇزىكىسىنى
قايتا ـ قايتا چېلىشقا مەجبۇر قىلدى. «ئەجەم» مۇزىكىسى
تەكرار ـ تەكرار جاراڭلىدى، چېكىلغان ئۇگىلەر، قاتقان بارماق-
لار ئاستا ـ ئاستا بوشاپ، بارماقلار پەدە ئۈستىدە بەيگىگە چۈش-
كەن ئارغىماقتەك چاپتى ...
10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن مىجىت يۈنۈس
ئەڭ ئاخىرىدا سەھنىگە چىقىپ ئاۋۋال «ئۇششاق مۇقامىنىڭ
مۇقەددىمىسى ۋە 1 ـ داستان مەرغۇلى» نى، ئاندىن «ئەجەم»
نى ئورۇندىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئالدىن تاللاشقا قاتناشتۇرۇلغان
46 نومۇرنىڭ ئىچىدىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىش
سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن 30 نومۇر ئېلان قىلىندى. بۇ 30 نومۇر
ئىچىدە «ئۇششاق مۇقامى» ئەمەس، «ئەجەم» مۇزىكىسى بار
ئىدى. دېمەك، «ئەجەم» مۇزىكىسىغا «خىزىر» نىڭ كۆزى
چۈشكەنىدى. ئۇ بۇنىڭدىن چەكسىز ھاياجانلاندى ھەمدە شۇ ھاياـ
جان ئىلكىدە قەدىناس تەمبۇرىنى قولىغا ئېلىپ ناخۇننى تارغا
كۆچەپ ئۇردى. بۇ ئۇنىڭ ئەتىكى «چوڭ ھەل قىلغۇچ» جەڭگە
ئاتلىنىشىغا چېلىنغان سىگنال ئىدى.
10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن «چوڭ ھەل
قىلغۇچ جەڭ» رەسمىي باشلاندى. بۇ «جەڭ» شۇنداق كەسكىن
ئىدىكى، كىمكى قىلدىن قىيىق كەتكۈزۈۋەتسە شۇ زامات «ھالا-
ك» بولاتتى. مىجىت يۈنۈس ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە تەمبۇرنى چىڭ
تۇتقىنىچە دۇتار بىلەن تەڭكەش قىلىپ بېرىدىغان كەسپدىشى

ئالىم قادىر بىلەن سەھنىگە چىقتى. ئۇ پۈتۈن كۈچ - غەيرىتىنى بىر فوكۇس نۇقتىغا — بارماقلىرىغا يىغىپ ناخۇن بىلەن سىم تارنى، ياق، ئالدىدىكى ئولتۇرغان بارلىق باھالىغۇچىلار، كەسىپداشلار، رىقابەتچىلەر ۋە تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەك تارىنى كۇچەپ چەكتى. «ئەجەم» مۇزىكىسى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۈچلۈك ھاياجان ھېسلىرى چىرمىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يىراقتا قالغان ئانا يۇرتى — كەلپىن، كۆپكۆك ئاسمان، چەكسىز سالا ئېتىزلار، توپىلىق يېزا يوللىرى ۋە زۇمرەتتەك سۇلار، ئويناقشىپ ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭلەر خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈۋاتقان بولۇپ، باھالىغۇچىلارنىڭ سۈرلۈك چىرايى ۋە «جەڭ مەيدانى» دېگەنلەر كۆز ئالدىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كەتكەنىدى...

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مۇسابىقە نەتىجىسىنى ئېلان قىلىش ۋە مۇكاپاتلاش مۇراسىمى يەنە شۇ سۈرلۈك زالدا ئۆتكۈزۈلدى. تالاي جۈپ كۆزلەر ئەنسىرەش، دېلىغۇل بولۇش ۋە ھاياجانلىنىش ھېسلىرى ئىچىدە رىياسەتچىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە تىكىلمەكتە. ھەممە قۇلاقلار ئۆز «خوجايىنى» نىڭ ئىسمىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار بولماقتا ئىدى.

— شىنجاڭلىق مىجىت يۇنۇس ئەپەندى، بۇ قېتىمقى مىللىي مۇزىكا ئورۇنداش تۈرى بويىچە ئەڭ ئالىي شان - شەرەپ — ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى!

مىجىت يۇنۇس دەماللىققا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى، شىنجاڭلىق كەسىپداشلار، باھالىغۇچىلار، ھەتتا رەقىبلىرىمۇ بەس - بەستە كېلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ تەبرىكلەشتى...

مىجىت يۇنۇسنىڭ تەمبۇرگە «ئاشىق» بولۇپ قالغان 30 يىلدىن بۇيان تەمبۇر بىلەن تالاي قېتىم چوڭ - كىچىك سەھنىلەرگە چىقىپ شەرەپ قۇچقانلىقى، مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەكتەپ تەرىپىدىن «ئىلغار ئوقۇتقۇچى»، «مۇنەۋۋەر كومپار-

تىيە ئەزاسى» ، «يېتەكلەش مۇكاپاتى» دېگەندەك ئوخشاش شەرەپ-لەرگە نائىل بولغانلىقى راست، بۇنىڭغا ئۇنى بىلىدىغان ھەممە كىشى كۆز يۇمما يدۇ. بىراق، ئۇنىڭ تەمبۇر كۆتۈرۈپ بۇنداق چوڭ «جەڭ» گە قاتنىشىشى، قاتناشقاندىمۇ بىراقلا «ئالتۇن مۇكاپات» نىڭ ساھىبى بولۇشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇ باشقا رەقىبلىرىگە قارىغاندا بەكرەك جىددىيلەشكەن، ھودۇققان ۋە ئىزتىراپ چەككەنىدى. بىراق، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا غەلىبە قىلدى. شۇڭا بۇ غەلىبە ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك ھەم قىممەتلىك، ئەلۋەتتە ...

2005 ـ يىلىنى مىجىت يۇنۇسنىڭ بېشىغا «ئامەت قۇشى» قونغان بىر يىل بولدى، دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ. تۆۋەندىكى قۇرلارغا نەزەرىڭىزنى ئاغدۇرۇپ كۆرسىڭىزلا بۇ سۆزگە چىن پۈتىسىز. «ئەتىگەندە نېمە يېسەڭ، كەچكىچە شۇ» دېگەندەك، 2005 ـ يىلىنىڭ تۇنجى ئېيىدىلا ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە كۆ-رۈنەرلىك تۆھپە قوشقان شەخس» دېگەن شەرەپكە ئېرىش-تى، 3 ـ ئايدا ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تايلاندتا 12 كۈندە يەتتە مەيدان ئويۇن كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ تارى بىلەن ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ دىل رىشتىنى بىر ـ بىرىگە باغلىدى. 5 ـ ئايدا ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان، ئوقۇغۇچىلىرى ئورۇندىغان نومۇر — «چەببىيات مۇقامى» ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سەنئەت كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 7 ـ ئايدا ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان، ئوقۇغۇ-چىلىرى ئورۇندىغان نومۇر — «مۇقام» مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سەنئەت كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 9 ـ ئايدا ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۈچ خىل تەربىيە» خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى. 10 ـ ئايدا «جۇڭگو مەدەنىيەت ـ سەنئەت ھۆكۈ-

مەت مۇكاپاتى» دا ئۇنىڭ يالغۇز كىشىلىك نومۇرى ئالتۇن مۇكا-
پاتقا، كوللېكتىپ نومۇرى كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشتى.
ئۇ 11 ـ ئايدا شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مۇقام
ئانسامبىلى ۋە مەكتەپ ئەلنەغمىچىلىرىدىن تەركىب تاپقان 30
كىشىلىك ئۆمەك تەركىبىدە ياپونىيە توكيو «يىپەك يولى»
كۇلۇبىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن
12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە ياپونىيىدە 24 مەيدان ئويۇپ
قويۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شۆھرىتىنى جاھانغا نامايان
قىلدى.

2005 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# يانغىنغا ئايلانغان ئۇچقۇن

— تاغا، نېفىت نەدىن چىقىدۇ؟
— يەر ئاستىدىن.
— نېفىتنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟
— ماشىنا، تراكتورلارغا، سانائەتكە ...
— نېفىتمۇ، كۆمۈرمۇ يەر ئاستىدىن چىقسا، يەر ئاستىدا شۇنداق جىق نەرسە بارمۇ؟

كىچىكىدە تاغىسىدىن سورىغان مۇشۇنداق باش - ئاخىرى يوق سوئاللار مۇختەر زارىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە گېئولوگىيە پەنلىرى دوكتورى بولۇپ يېتىلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىشىنى باشقىلار ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە.

1977 - يىلى ئاشۇ ئارزۇ - ئۇمىدلەر ئۇنى سابىق شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ گېئولوگىيە فاكۇلتېتىغا «ئۇچۇرۇپ» كەلدى.

مۇختەر زارى ئۇچۇن مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق خەنزۇ تىلى ئۆتكىلى بولدى. ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن «ياشىسۇن ماۋ جۇشى» دېگەن خەتلەرنى خەنزۇچە ئارانلا يازالايدىغان بىر سەھرا بالىسى ئۈچۈن كەسپىي پەنلەرنى پۈتۈنلەي خەنزۇ تىلىدا ئاڭلاش ئاتلاپ ئۆتۈش مۇشكۇل «توساق» قا ئايلاندى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ ھەربىر مىنۇت، ھەربىر سېكۇنت ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، خەنزۇچە ئۆگەنمىسە، كەسپىي دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. رېئاللىق ئالدىدا

ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بىر يىلدا بۇ «توساق» نى ئېلىپ
تاشلاش ئىرادىسىگە كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن كۇندىلىك ئۆتۇلگەن
دەرسنى ۋاقتىدا تەكرار قىلدى. بىراق، دەرستە دەمال يېتىشەل-
مەي، كەچلىك ئۆگىنىشتىن ياتاققا ھەممىدىن كەچ قايتىشقا،
ياتاقداشلىرى ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىنمۇ خېلى ۋاقىتقىچە زال
ۋە سۇخانىدىكى چىراغ يورۇقىدا خەنزۇچە ئۆگىنىشكە مەجبۇر
بولدى. ھەر كۇنى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ خام سۆز يادلىدى،
دەم ئېلىش كۇنلىرىنى كۇتۇپخانىدا ئۆتكۇزدى.
«سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەندەك، مۇختەر
بىر يىل «سەۋەب» قىلىۋىدى، خەنزۇچە ماتېرىياللارنى ئوبدانلا
كۆرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بىلمىگەنلىرىنى دائىم ساۋاقداش-
لىرىدىن سوراپ يۇرگەن كەم سۆز يىگىت ئەمدى ساۋاقداشلىرد-
نىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىدىغان بولدى. ئۇ تەييارلىق سىنىپ-
نى پۇتكۇزۇش مۇناسىۋىتى بىلەن خەنزۇ تىلىدىن ئېلىنغان ئې-
غىزچە ۋە يېزىقچە ئىمتىھاندا پاراللېل سىنىپلار بويىچە بىرىنچى
بولدى.
ئۆز كەسپىگە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق مۇختەرنى تەجرىبى-
خانىغا، دالا پراكتىكىسىغا باشلاپ باردى. ئۇ تەجرىبىسى مول
ئۇستازلىرىنىڭ ياردىمىدە دەرسلىكتىكى نەزەرىيىلەرنىڭ يەشمى-
لىرىنى تەجرىبىلەردىن، دالا پراكتىكىسىدىن تاپتى.
ئوقۇش پۇتتۇرگەندە، مۇختەر زارىنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ۋە
ئەمەلىي ئىقتىدارى رەھبەرلىككە يارىغاچقا، ئانا مەكتىپىگە ئو-
قۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى.

مۇختەر زارى دەرس مۇنبىرىگە چىققان كۇنىنىڭ ئەتىسى
مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ دەرس ئاڭلايدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ،
تەمتىرەپ قالدى.
— سەن چوقۇم ياخشى سۆزلىيەلەيسەن، ھەرگىز ھودۇقما،

سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇننى پۇختا تەييارلا. دەرس مەزمۇنىنى ئۆزۈڭنىڭ گېپىگە ئايلاندۇرۇپ سۆزلەۋەرسەڭ بولىدۇ، دەپ ئىلھام بېرىشتى پېشقەدەم مۇئەللىملەر ئۇنىڭغا.

ئەتىسىدىكى ئوچۇق دەرستە مۇختەر تەمكىن قىياپىتى، تىلىنىڭ راۋانلىقى، پىكرىنىڭ ئوچۇقلۇقى، كەلتۈرگەن مىساللىرىنىڭ جانلىقلىقى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. رەھبەرلەر ۋە كەسپداشلارنىڭ ماختاشلىرىدىن ئۇ يەلكىسىدىن ئېغىر يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك ئۆزىنى تولىمۇ يېنىك ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا تولۇق كۇرس سىنىپلىرىنىڭ بەش خىل دەرسىنى ئۆتۈش ۋەزىپىسى يۈكلەندى. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن نەتىجىلىك چىقىشنىڭ ئۆزىلا چوڭ ئىش ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى. بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ قەلبىدە بىخ سۇرۇشقا باشلىغان ئارزۇ - ئۈمىدلەر ئۇنى يېڭى نىشانلارغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئۈندىمەكتە ئىدى.

مۇنداق بىر ئىش ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس ئەسلىمە سۈپىتىدە مۇختەر زارىنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۆزى سىنىپ مەسئۇلى بولغان 1995 - يىللىق كان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش سىنىپىنىڭ «قالاق سىنىپ» تىن ئۈلگىلىك سىنىپقا ئايلىنىش جەريانىدۇر.

— بىز ساڭا ئىشىنىپ بۇ سىنىپنى تاپشۇردۇق، — دېگەنىدى ئەينى چاغدا فاكۇلتېت مۇدىرى ئۇنىڭغا.

بۇ سىنىپ ئەسلى 1995 - يىلى قوبۇل قىلىنغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەخسۇس كۇرس سىنىپى بولۇپ، بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنغان ماتېماتىكا، فىزىكا، خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىدىكى ئوتتۇرىچە نەتىجىسى شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان 28 سىنىپ ئىچىدە ئارقىدىن سانىغاندا 2 - ئورۇندا تۇراتتى. تەشكىلىي

ئىنتىزامى ناچار، ئاساسى ئاجىز ئىدى.

«ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپتە مۇشۇنداق سەۋىيىدە ئوقۇسا جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن نېمە بولماقچى؟ مەن بۇ ئوقۇغۇچىلارنى چوقۇم كارغا كەلگۈدەك قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمەن». مانا بۇ ئۇنىڭ بۇ سىنىپنى ئۆتكۈزۈۋالغان تۇنجى كۈنى بىر كېچە سۈرگەن ئازابلىق خىياللىرىنىڭ بىر قىسمى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە كەچلىك ۋاقىتلىرى دەرسخانا ۋە ياتاقلاردا ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇڭدىشىش، سىردىشىش، ئەھۋال ئىگىلەش بىلەن ئۆتتى، ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەم ئۇستازچە، ھەم قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلدى، قولىدىن كېلىدىغان ياردىمىنى ئايىمىدى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۈرلۈك خاتا قاراشلىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەنچە بېرىپ، ئۇلارنى توغرا يول، توغرا ئىدىيىگە يېتەكلىدى. «ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتەر» دېگەندەك، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئاخىر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئەتىگەندە ۋە كەچتە مۇزاكىرە قىلىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى.

ئوقۇش پۇتتۇرۇش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلدى. بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار شۇ يىلى ئوقۇش پۇتكۇزگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئوقۇش پۇتتۇرۇش نىسبىتى، ئۆگىنىش نەتىجىسى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. فاكۇلتېت ۋە ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ مۆجىزە مەكتەپ بويىچە باھالاشقا يوللاندى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي «ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە ئوقۇش ئىستىلىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن تەقدىم» دېگەن خەتلەر يېزىلغان 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتۇش نەتىجىسى گۇۋاھنامىسى سەھنىدە مۇختەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلدى.

ئوقۇغۇچىلار ئايرىلىش مىنۇتلىرىدا ئۇستازىغا ئاستە ـ ئاستە گۈللەرنى تۇتقاندا مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يوللىغان خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىقى ھەققىدىكى خوش خەۋەرلىرى ئۇنى چەكسىز سۆيۈندۈردى. ئاشۇ كۆڭلەردە ئۇ ئاشۇ بوغۇنلارنى تەربىيىلەپ، ۋەتەنگە، خەلققە ياراملىق ئىز باسارلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقالىغانلىقىدىن ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلدى.

مۇختەر زارى دەرس ئۆتۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پراكتىكىسى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىن باشقا، فاكۇلتېت ئۈستىگە ئالغان پەن تەتقىقات تۈرلىرىگىمۇ ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. ئۇ 1992 ـ يىلى گېئولوگىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن سابىق شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىشلىشىگە بېرىلگەن «8 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى — «گېئولوگىيىلىك ئۈچ خەرىتىنى 1:50000 ماسشتابلىق قىلىپ سىزىش» تۈرىنى ئىشلەشكە قاتنىشىش جەريانىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كان بايلىقلىرىغا ئائىت بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مول قېزىلما بايلىقلار كۆمۈلۈپ ياتقان ۋەتەنگە، ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببىتى ھەسسىلەپ كۈچەيدى. بۇ پەن تەتقىقات تۈرى 1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى ھەمدە گېئولوگىيە مىنىستىرلىكىنىڭ سۈپەت تەكشۈرۈشىدە ئەلا باھالىنىپ، غەربىي شىمال بويىچە بىرىنچى بولدى. مۇختەر زارنىڭ تەتقىقات تۈرلىرىدىن چىقارغان خۇلاسىلىرى ئىلمىي ماقالە بولۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. «ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك، ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقاتتىكى نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولغاچقا، ئۇ دەرىجە ئاتلاپ دوتسېنت ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

1996 - يىلى ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «ئالتاي تاغلىرىدىكى تاشقى كۈچ تەسىرىدىن ھاسىل بولغان گۆھەر تاش قاتلاملىرى ۋە ئۇنى ئېچىش» تەتقىقات تۈرى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ «غەربىي قاراقۇرۇم تاغلىرى ۋە جەنۇبىي تەڭرىتاغلىرىدىكى گۆھەر تاش بايلىقىنى ئېچىش» تۈرىگە قاتنىشىپ ھەم ئىككىلا تۈرنى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن تاماملاپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن تەتقىقات تۈرى» دېگەن باھاسىغا ئېرىشتى.

1999 - يىلى مۇختەر زارى ئون نەچچە يىللىق ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقات جەھەتتە توپلىغان تەجرىبىلىرى ئاساسىدا، كەسپدىشى پەرھات ئابدۇقادىر بىلەن بىرلىشىپ، «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە گېئولوگىيە لۇغىتى» نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. بۇ لۇغەت ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى تۈزۈلگەن گېئولوگىيە لۇغىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇپلا قالماي، مۇھىمى، گېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنىڭ خىزمەت ۋە تەتقىقاتتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم قورالى بولۇپ قالدى.

2000 - يىلى سېنتەبىر ئايلىرىدا مۇختەر زارى جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تۆت يىللىق ئوقۇش ھاياتىنى باشلىدى. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئاۋۋال گېئولوگىيە كەسپى بويىچە بىر يىل ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، يەنە ئىمتىھانغا قاتنىشىپ دوكتور ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنىپ ئۈچ يىل ئوقۇدى. تۆت يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ئۇنىڭ تارتقان جاپاسى ئىلگىرى خىزمەت ۋە تەتقىقات جەريانلىرىدا تارتقان جاپالىرىدىن ئاز بولمىدى. 40 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان 18 يىللىق ئۆمرى مۇنبەر ئالدىدا ئۆتكەن ئادەم ئۈچۈن يەنە ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىغا قايتىپ تۆت يىل ئوقۇش ئېيتماققا ئاسان بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئاسان

ئەمەس ئىدى. ماتېرىياللار دۆۋىسى ئىچىدە سائەت ـ سائەتلەپ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇش، بىنامۇ بىنا قاتراپ يۈرۈپ پۇراش، ئاڭ-لاش، تەتقىقات تېمىسىغا ماتېرىيال توپلاش، ئىمتىھانغا تەييار-لىق قىلىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلەتتى. بولۇپمۇ ۋۇخەننىڭ يازدىكى چىدىغۇسىز دىمىق ئىسسىقى، قىشتىكى پارسىز ياتاقتىكى سو-غۇق، ئەقەللىيسى، كىشىگە كېچىدە ئارامخۇدا ئۇخلاش ئىمكاند-يىتىمۇ بەرمەيتتى. مۇسۇلمانچە ئاشخانىلار كۆزگە چېلىقىپ قال-سا، كىشى خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىدى-غان بۇ شەھەردە بىر ۋاخ ئېغىزغا تېتىغۇدەك تاماق يېيىشمۇ بەسى مۈشكۈل ئىدى. شۇڭا ئۇ تۆت يىلنى ئىلگىرى ئايالى ئېتىپ بەرگەن ھورى چىقىپ تۇرىدىغان مەززىلىك تاماقلارنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ، قاتتىق نان غاجاش، «ئارمان» قۇۋۋەت تالقىنى، تەييار چۆپنى قايناق سۇغا چىلاپ ئىچىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئۇ ھەر قېتىم تەتىلدە شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندە، ئۆيدە بىرنەچچە كۈن ئوبدان ھاردۇقىنى چىقىرىشقا ئۈلگۈرمەيلا يەنە پەن تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتەتتى. ئۇ 2001 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ بىر تەتقى-قات تۈرىنىڭ تېخنىكا مەسئۇلى بولۇپ، ھەر تەتىلدە بۇ تۈرنىڭ دالا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئالتاينىڭ كۆكتو-قاي 3 ـ نومۇرلۇق زور كرىستال جىنسلىرى كان رايونى، شوربۇلاق ئالتۇن كېنى، ئاشلى ئالتۇن كېنى قاتارلىق جايلارغا نۇرغۇن قېتىم قاتىرىدى. شارائىت جاپالىق، ۋاقىت قىس ئەھۋالدا ئۈچ يىل داۋاملاشقان بۇ تۈر 2003 ـ يىلى تاماملىنىپ، ئالاقد-دار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. 2004 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئۇ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىنى مەركەز قىلغان ھالدا باشقا جايلاردىن ئەۋرىشكە ئېلىپ يازغان «شەرقىي تەڭرىتاغ تاغ ياساش بەلۋېغىدىكى كەڭ غول — ئاچچىققۇدۇق بىرىكىش بەلۋېغىنىڭ قۇرۇلۇش تۈزۈلمىسى بىلەن مىس، ئالتۇن قاتارلىق

كۆپ خىل مېتال كان بايلىقلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن تېمىدىكى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى ئوڭۇشلۇق ياقلاپ، گېئولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

مۇختەر زارى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بايلىق ۋە مۇھىت ئىلمى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ بۇ يېڭى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش بىلەن بىللە، ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقات ئىشلىرىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كەتتى.

بۇ جەرياندا ئۇ «شەرقىي تەڭرىتاغ مىس كان بەلۋېغىدىكى كان بايلىقلىرىنى جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى بويىچە باھالاپ بېكىتىش» دېگەن تېمىدىكى تەتقىقات تۈرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. بۇ تۈر ھەققىدە يازغان ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاشتا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق پېنى بولغان «قىزىلما بايلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ بېكىتىش» پېنىنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ سايلاندى. بۇ نۇقتىلىق پەن ئىچىدىكى ئۇ بۇ يىل يوللىغان «شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى ۋە مىس، ئالتۇن كانلىرىنى ئىزدەپ باھالاش» ناملىق تەتقىقات تۈرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن رەسمىي تەستىقلىنىپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس تەتقىقات مەبلىغى ئاجرىتىلدى.

— بۇ كەسىپكە نېمە سەۋەبتىن شۇنچە كۈچلۈك مۇھەببەت باغلاپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم زىيارەت ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن.

— بىزدە «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دەيدىغان ھېكمەت بار، شىنجاڭدا قىزىلما بايلىق مول. شۇنداقلا دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ئېلېمېنتلارمۇ تېپىلىدۇ. بىز بۇ بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىشىمىز ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقىمىزگە نەپ يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. بىراق، ھازىر بىزدە مۇشۇ ساھە-

دىكى ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل، ھالبۇكى بۇ ساھەدە قىلىش-
قا تېگىشلىك ئىشلار ھەقدەقەتەن كۆپ، شۇڭا مەن بۇ ساھەدە
ئاز - تولا ئىزدىنىپ كۆرۈشنى، مۇشۇ ساھەگە جىددىي ئىلمىي
ئىزباسارلارنى تەربىيىلەپ چىقىشنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچى، دەپ بىل-
لىمەن. مېنىڭ بالىلىق قەلبىمدە پەيدا بولغان گېئولوگىيە كە-
سىپىگە بولغان مۇھەببەت ئۇچقۇنى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن يىلسېرى
ئۇلغىيىپ يانغىنغا ئايلاندى.

2006 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

# «قىيىنچىلىق ئەڭ چوڭ بايلىق»

ياش كارخانىچى رادىل ئابلانىڭ كارخانا باشقۇرۇش
ئىدىيىسىگە نەزەر

شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلغىلى ئون يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. ھازىر «ئارمان» شىركىتى ئون شۆبە شىركىتى، 170 تىن ئارتۇق تاللا بازىرى، 1000 گە يېقىن ئىشچى - خىزمەتچىسى بولغان، مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايوندىمىزدىن ھالقىپ، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردە قارشى ئېلىنىۋاتقان زامانىۋى كارخانىغا ئايلاندى. «ئارمان» مەھسۇلاتلىرى ب د ت تىنچلىق فوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن «ئىنساندىيەت ساغلاملىقىغا تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتى»، «جۇڭگونىڭ يېشىل يېمەكلىكى»، «شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى»، «يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق مەھسۇلات» دېگەندەك كاتتا شان - شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ئارمان» شىركىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۇكسەك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوللايدىغان 30 كىچىك پۇقراۋى كارخانا قاتارىغا كىرگۈزدى ھەمدە رادىل ئابلاغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامنى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى 9 - نويابىر «ئارمان» شىركىتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە «ئارمان» شىركىتى-

دىكىلەرگە زور مەدەت ۋە ئىلھام بەردى.
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە «ئارمان» شىركىتىنى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتۈرگەن باش دىرېكتور رادىل ئابلانىڭ ئىدىيىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بىز يېقىندا ئۇنى مەخسۇس زىيارەت قىلدۇق.
مۇخبىر: «ئارمان» شىركىتى ھازىر ئون يىللىق تارىخقا ئىگە بولدى. سىز ئون يىللىق ئىگىلىك تىكلەش تەسىراتىڭىزنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاپ بېرەلەرسىزمۇ؟
رادىل ئابلا: «ئارمان» ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن بالا.
مۇخبىر: «ئارمان» نىڭ مۇساپىسى تېخى ئۇزۇن دېمەكچىمۇسىز؟
رادىل ئابلا: شۇنداق، 1995 - يىلى «ئارمان» دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان بوۋاق ئىدى. مانا ھازىر ئۇ ئون ياشقا كىردى. بۇ بالا يەنە چوڭ بولۇپ، كامالەتكە يېتىدۇ. ئىشىنىمەنكى، تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەك «ئارمان» غا قۇچاق ئاچىدۇ.
مۇخبىر: سىز بۇ ئون يىلدا «ئارمان» شىركىتىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېز بولدى، دەپ قارامسىز؟
رادىل ئابلا: ياق، مەن ئۇنداق قارىمايمەن. ئەكسىچە، تەرەققىيات سۈرئىتىمىزنىڭ ئاستا بولۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن. ئېلىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى ساھەلەر، جۈملىدىن، كارخانىلار كۆچلۈك خىرىسقا دۇچ كەلدى. بۇ خىرىسلار بىزنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا ۋە چىقىش يولى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ھازىر بىز تەرەققىيات سەۋىيىمىزنىڭ باشقىلاردىن قانچىلىك، يەنى قانچە يىل ئارقىدا ئىكەنلىكىنى ھېسابلاشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، تەرەققىيات سۈرئىتىمىزنىڭ قانچىلىك ئاستا ئىكەنلىكىنى ھېسابلاشقا سەل قاراۋاتىمىز. باشقىلار بىلەن بولغان تەرەققىيات دەرىجىسى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقنى كىچىكلىتىشتىكى بىر-

دىنىر يول تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. يە-
نى، نەچچە ھەسسە كۆپ بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ، باشقىلار بەش
يىلدا قىلىشنى پىلانلىغان ئىشنى بىز بىر - ئىككى يىلدا قىلىشى-
مىز كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، پەرق چوڭايسا چوڭىيىدۇ-
كى، ھەرگىز كىچىكلىمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ھەرقانداق بىر
كارخانا خوجايىنىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان «ئاستا»، «ئالدىرى-
ماي»، «كېيىنچە» دېگەنگە ئوخشاش تەرەققىيات سۈرئىتىگە پۇت-
لىكاشاڭ بولىدىغان سۆزلەر يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە ئاشۇ
كارخانىلارغا ئاپەت خاراكتېرلىك چوڭ زىيانلارنى ئېلىپ كېلى-
دۇ. شۇڭا مەن بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماي قىلىشنىلا ئە-
مەس، بەلكى يەنە ئەتە ۋە ئۆگۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىمۇ
بۈگۈن قىلىپ تۈگىتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. چۈنكى سۈرئەت،
سۈپەت ۋە ئىناۋەت ئاخىرقى ھېسابتا كارخانىنىڭ تەقدىرىنى بەل-
گىلەيدىغان ئۈچ چوڭ ئامىل.
مۇخبىر: ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر كارخانىچى-
لار ئارىسىدا بىر - بىرىنى دوراش، يەنى ئوخشاش تۈردىكى
مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى بەك ئېغىر. بۇنىڭغا قان-
داق باھا بېرىسىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟
رادىل ئابلا: بۇ تەرەققىيات جەريانىدىكى بىر ئۆتكۈنچى باس-
قۇچ ھېسابلىنىدۇ. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىمۇ، ئېلىمىزدىمۇ
بۇنداق ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت
قىلماي بولمايدۇكى، تەرەققىي قىلغان جايلار بىلەن تەرەققىي
قىلمىغان جايلارنىڭ، ساپاسى يۇقىرى ئادەم بىلەن ساپاسى تۆۋەن
ئادەمنىڭ دوراش ئۇسۇلىدا زور پەرق بولىدۇ. كۈچلۈك ئىجاد-
چانلىق ئاساسىدىكى دوراش ياخشى ئەھۋال، چۈنكى كارخانىلار-
نىڭ باشقىلارنى دورىشىدىكى مەقسەت، باشقىلارنىڭ ياخشى تەرەپ-
لىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىدە ئىجادچانلىق روھىنى يېتىلدۈ-
رۈش ئارقىلىق كارخانىنىڭ «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى ئاشۇ-

رۇشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادەملىك ئالەم كېمىسى قويۇپ بەرگەنلىكىنى ھەرگىز ئامېرىكىلىقلارنىڭ دۇنياۋى-لىق دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ پەقەت باشقىلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىش، خالاس. لېكىن باشقىلارنى ئۆلۈك ھالدا دوراش ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا مەن مېخانىك ھالدىكى دوراشنى ئەمەس، ئىجادىي دوراشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ بازار ئىگىلىكى بىلەن ئۇچراشقىنىغا 400 ـ 500 يىل بولۇپ قالدى. ئېلىمىزدە بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغىلى ئون نەچچە يىل بولدى. ئۇنىڭ ئۈس-تىگە تارىخىمىزدا ھازىرقى كارخانىچىلىقىمىزغا ئۈلگە بولغىدەك ئەندىزە بولغان ئەمەس. شۇڭا ھازىر ئۇيغۇر كارخانىچىلار ئوتتۇ-رىسىدا يامان سۈپەتلىك دوراش ئەھۋالى خېلى ئېغىر. مېنىڭچە دوراش يامان ئىش ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى دوراشنى ئىلمىي، ئىجادىي قىلساق ياخشى بولاتتى.

مۇخبىر: قارىغۇلارچە دوراشنىڭ زىيىنىغا كىم ئۇچرايدۇ؟

رادىل ئابلا: قارىغۇلارچە دوراش، بىر تەرەپتىن، شۇ ساھە-دىكى باشلامچى كارخانىلارغا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىستېمالچىلار-غا زىيانلىق. چۈنكى، دوراش نەتىجىسىدە بازار قالايمىقانلىشىدۇ، بازار قالايمىقانلاشقانسېرى ئىستېمالچىلار سۈپەتسىز مەھسۇلاتلار-نىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ.

مۇخبىر: ئۇنداقتا دورامچى كارخانىچىلار زىيان تارتامدۇ؟

رادىل ئابلا: ئاخىرقى ھېساباتتا چوڭ زىياننى شۇلار تارتىدۇ. چۈنكى ئۆزى ئىجادىيلىقتا، يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بەرمى-گەن كارخانىنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى چەكلىك بولىدۇ. دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ سەۋىيىسىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. ئۇلار بارغانسېرى كارخانىنىڭ ئىناۋىتىگە ئەھمى-يەت بېرىدىغان بولىدۇ. كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىشەنچ



www.uyghurkitap.com

ئىناۋەت بىلەن ئادەملەر ئارا ئىشلىتىلىدىغان ئىناۋەت ماھىيەتتە ئوخشاش بىر ئۇقۇم.

مۇخبىر: سىزنىڭ ئوقۇش تارىخىڭىزنى ئۇيغۇر كارخانىچىلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىز 2004 - يىلى 300 مىڭ يۈەن خەجلەپ، شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كارخانا لىدىرلىرىنىڭ سودا - سانائەت باشقۇرۇش ماگىستىرلار سىنىپى(EMBA)غا 20 ئايلىق ئوقۇشقا كىرىپ ئوقۇدىڭىز، بۇ ھەقتىكى تەسىراتىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

رادىل ئابلا: بۇ قېتىمقى 20 ئايلىق ئوقۇشنى، ھېلىغۇ 300 مىڭ يۈەن ئىكەن، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پۇل تۆلەپ ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان ئوقۇش بولدى، دەپ قارايمەن، مېنىڭ ھازىرقى ئىدىيەم بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتىن ئىلگىرىكى ئىدىيەم ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدۇ. مەن بۇنى مېنىڭ كارخانىچىلىق ھاياتىمدىكى چوڭ بۇرۇلۇش دەپ ھېسابلايمەن. ئوقۇشقا كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈمدىن ئانچە - مۇنچە قانائەتلىنىپ يۈرگەن ئىدىم. ئوقۇشقا كىرىپلا ئۆزۈمنى كاچاتلاشقا باشلىدىم. ھازىر ئېرىشكەن نەتىجەمنىڭ ھېچقانچە نەتىجە ئەمەسلىكىنى، مەن ماڭىدىغان يولنىڭ تېخى ئۇزۇنلۇقىنى، ئۆگىنىدىغان نەرسىنىڭ كۆپلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ھەر قېتىمقى دەرس ۋاقتىدا مەكتەپ ئىچى ئېسىل پىكاپلارغا توشۇپ كېتىدۇ. بۇ پىكاپلاردا كىم ئولتۇرىدۇ؟ دەل بىز داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغان جۇڭگودىكى داڭلىق كارخانىلارنىڭ خوجايىنلىرى ئولتۇرىدۇ. شۇنچە چوڭ كارخانىنىڭ خوجايىنلىرى ئۆزىگە «توك» قاچىلاۋاتسا، مەن ئەلۋەتتە «توك» قاچىلىشىم كېرەك - دە! ئوقۇش ئارقىلىق ئىدىيەمدە جىق يېڭىلىنىش بولدى. بىر ئىشنى ياخشى قىلىمەن دەيدىكەنمىز، ئەڭ ئاۋۋال ئىدىيىنى يېڭىلىشىمىز بەك زۆرۈركەن. بىزدە ھازىر ھەممە نەرسە، جۈملىدىن، سىياسەتمۇ، باي-

www.uyghurkitap.com

لىقمۇ، پۇلمۇ بار، پەقەت كونا قاتمال رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاي-دىغان يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراش بەكلا كەمچىل، بىر دەم شۇنداق يېڭى ئىدىيىلا بولىدىكەن، باشقىلار قىلغان ھەرقانداق ئىشنى بىمالال قىلالايمىز، شۇڭا مەن ئىدىيە يېڭىلاشقا مەبلەغ سېلىش زۆرۈر، دەپ قارايمەن. ئەگەر بىر كارخانىچى 300 مىڭ يۈەن خەجلەپ ئىدىيىدىكى توساقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىيالىسا، بۇنى تولىمۇ ئەرزان سودا دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، كارخانىچىنىڭ ئىدىيىسىدىكى ھەربىر توساق كېيىنكى كۈنلەردە كارخانىغا نەچچە مىليون، ھەتتا نەچچە يۈز مىليون يۈەنلىك زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

مۇخبىر: «رادىل ئابلا ئۆزى جاپا تارتىپ ئوقۇمىسىمۇ، مەكتەپكە تۆلىگەن 300 مىڭ يۈەنگە راۋۇرۇس باشقۇرغۇچى خادىم تەكلىپ قىلسا بولماسمىدى» دېگۈچىلەرمۇ بولدى، سىزنىڭچە شۇنداق قىلىش ئاقىلانىلىك بولامدۇ؟

رادىل ئابلا: 300 مىڭ يۈەن خەجلەپ باشقۇرغۇچى تەكلىپ قىلىدىغان ۋە شۇ باشقۇرغۇچىنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغۇدەك كاللا بولۇش ئۈچۈن ئوخشاشلا 300 مىڭ يۈەن خەجلەپ ئوقۇش كېرەك ــ دە!

مۇخبىر: ئىگىلىشىمىزچە، سىز يېقىنقى بىرقانچە يىلدا يەنە نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، 30 نەچچە دۆلەتكە چىقىپسىز، تېخى يېقىندىلا ئامېرىكىدىكى تۆت داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرىپ كار-خانا باشقۇرۇش بويىچە لېكسىيە ئاڭلاپ كەپسىز، سىز مۇشۇنداق چەت ئەلگە كۆپ چىققاچقىمۇ، جەمئىيەتتە بىر مەزگىل «رادىل ئابلا (ئارمان) شىركىتىنى سېتىۋېتىپ چەت ئەلگە قېچىپ كې-تىپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر تارقالدى. سىزنىڭ شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ چەت ئەلگە كۆپ «قاتراش» تىكى مەقسىت-ىڭىزنى بىلىپ بېقىشقا بولامدۇ؟

رادىل ئابلا: بۇ سۆزلەر مېنىڭمۇ قۇلىقىمغا كىرىپ تۇردى.

بەزى يېقىنلىرىم تېلېفون بېرىپ سورىغانمۇ بولدى. مېنىڭچە، جەمئىيەت بولغانىكەن، خىلمۇخىل سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ بولۇشى تولىمۇ تەبىئىي ئەھۋال. خەلقىمىزنىڭ «ئارمان» غا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ناھايىتى ياخشى ئىش. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال. شاڭخەيدە ئوقۇشتىكى مەقسىتىم پۇل خەجلەپ يېڭى، ئىلغار ئىدىيە «سىڭدۈرۈش» بولسا، نۇرغۇن دۆلەتلەرگە چىقىپ ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە بولۇشتىكى مەقسىتىم كارخانامىنىڭ چوڭ ـ كىچىك «كېسەل» لىرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ساقايتىدىغان ئوبدان «دورا سىڭدۈرۈش»، شۇنداقلا كەلگۈسىدە قول تۇتۇپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ياخشى «جورا» ئىزدەشتىن ئىبارەت. جۇڭگو ـ كانادا شېرىكچىلىكىدىكى شىنجاڭ «ئارمان» يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر شىركىتى بىلەن دۇبەي «ئارمان» خەلقئارا سودا شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى دەل چەت ئەلگە توختىماي «قاتنىشىم» نىڭ مەھسۇلى دەپ قارايمەن.

مۇخبىر: ئۇرۇمچىدە بەزىلەر: «رادىلنى ئىلگىرى ‹ئارمان› تاللا بازىرىدا پات ـ پات ئۇچرىتىپ تۇراتتۇق، ھازىر كۆرۈنمەس بولۇپ قالدى» دېيىشمەكتە، سىز شىركەتنىڭ تەرەققىياتىدا قانداق رول ئويناۋاتىسىز؟

رادىل ئابلا: «ئارمان» شىركىتى پەقەت «ئارمان» تاللا بازىرىلا ئەمەس، ئۇ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، پەن ـ تېخنىكا، ئېچكى ـ تاشقى سودا بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي گەۋدە. «ئارمان» تاللا بازىرىنىڭ سودا سوممىسى «ئارمان» شىركىتىنىڭ ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ پەقەت 10% نى ئىگىلەيدۇ. شىركەتنىڭ ھەممە ھالقىلىرىدا ناھايىتى مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچىلار بار. ئەگەر بىر شىركەتتە باش دىرېكتور بار چاغدا بىر خىل، باش دىرېكتور يوق چاغدا يەنە بىر خىل ئەھۋال بولسا، بۇ شىركەتنىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسىدا مەسىلە بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەن «ئارمان» نىڭ باش دىرېكتورى بولۇش سۈپىتىم

www.uyghurkitap.com

بىلەن بۇ چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىنىڭ ماكرولۇق تەرەققىياتىنى پىلا-
نىنى ئويلىشىم كېرەك. ئەگەر «باش قوماندان» بىرىنچى سەپتە
يۈرسە، ئۇ «باش قوماندان» ئەمەس، ئاددىي بىر ئىشلەمچى
بولۇپ قالىدۇ، خالاس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق
كارخانىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلە بولىدۇ. شۇڭا
كارخانىدا نۇرغۇن ئادەم ئىشلەيدۇ، ھەربىر خادىم ئۆز رولىنى
ياخشى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. مېنىڭ قارىشىمچە، كارخانا
خوجايىنى «ئەتە نېمە ئىش قىلىمەن؟» دېگەننى، ئوتتۇرا قاتلام-
دىكى باشقۇرغۇچى خادىملار «بۈگۈن نېمە ئىش قىلىمەن؟» دې-
گەننى ئويلىشى كېرەك.

مۇخبىر: سىز كارخانا مەدەنىيىتى دېگەن ئۇقۇمنى قانداق
چۈشىنىسىز؟

رادىل ئابلا: بىر كارخانىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاخىرقى
ھېسابتا شۇ كارخانىغا ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق ئېلىپ كېلىدۇ.
چېچىلىپ تۇرغان قۇمدا ھەرگىز بىنا سالغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ
ئۈچۈن قۇمغا سۇ، سېمونت ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. كارخانا
مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش دەل كارخانىدا «سۇ» ۋە «سېمونت»
تەييارلاش دېمەكتۇر. دېمەك، كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش
كارخانىنىڭ ئويۇشۇش كۈچى ۋە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش جەريا-
نى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش داۋامى-
دا تۈزۈم بىلەن مەدەنىيەتنى، يەنى ئادەمگەرچىلىكنى ھەرگىز
ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك، يەنى ئادەمگەرچىلىكنى تۈزۈم
ئورنىغا دەسسىتىۋالماسلىق لازىم.

مېنىڭ قارىشىم شۇكى، زامانىۋى كارخانىلارنىڭ تەدبىر
بەلگىلىگۈچىلىرى كارخانىنى سىستېما، تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇ-
رۇش بىلەن ئادەمنى ئاساس قىلىپ باشقۇرۇشنى ئۆزئارا زىچ
بىرلەشتۈرۈشى، تۈزۈمنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇشى، زۆرۈر
تېپىلغاندا يەنە ئادەمگەرچىلىكتىنمۇ چەتنەپ كەتمەسلىكى لازىم.

«ئارمان» شىركىتىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، خادىملارنىڭ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىقلار تۈزۈملەشتۈرۈلگەن. بۇ ئىشلار تۈزۈم بىلەن ئادەمگەرچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش نۇقتىسىدىن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەچكە، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ئوبدان بولۇۋاتىدۇ.

مۇخبىر: ئىگىلىشىمىزچە، ئىلگىرى سىزنىڭ يېنىڭىزدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بىرنەچچە كىشى «ئارمان» دىن چىقىپ كېتىپتۇ، بەزىلەر ھەتتا ئايرىم شىركەت قۇرۇپتۇ. بۇ ئىشلار سىزنى بىئارام قىلدىمۇ، قانداق؟

رادىل ئابلا: مەن بۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلمىدىم، «ئارمان» دا ئىشلەپ چىقىپ كەتكەنلەرنى باشقا شىركەتلەر ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تېخى پەخىرلەندىم. بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئۇياق ـ بۇياقتا بولۇشى «ئارمان» شىركىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، بىز شىركەتنىڭ بارلىق ئىش ھالقىلىرىنى ئۆلچەم، تۈزۈم بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇپ باشقۇرىمىز. بەزى كارخانىلار ئادەمنى تەربىيىلەشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆلچەم، تۈزۈمگە سەل قارايدۇ. بۇ كارخانىغا نىسبەتەن ئەجەللىك خاتالىق ھېسابلىنىدۇ، نەتىجىدە شۇ ئورۇندا شۇ ئادەم بولمىسا ئىش يۈرۈشمەيدۇ. شىركىتىمىزدە مەلۇم ھالقىدا بىرەر ئادەم بولمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر ئادەمنى قويساقلا ئىش ئۆز پېتى يۈرۈشۈۋېرىدۇ. ئاددىي مىسال، شىركىتىمىزدە سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بېرىپ بىر ئىشنى بېجىرىپ كېلىشنىڭمۇ ئۆلچىمى بار. شۇڭا، مېنىڭچە كارخانا باشقۇرۇشتا چوقۇم ئادەم ئەمەس، تۈزۈمنى، سىستېمىنى مەركەز قىلىش كېرەك. ئادەمنى ھەرگىزمۇ سىستېمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالماسلىق كېرەك.

مۇخبىر: ئىختىساسلىقلار كارخانىنىڭ بىرىنچى كاپىتى

www.uyghurkitap.com

دېيىشكە بولامدۇ؟

رادىل ئابلا: شۇنداق. مەن ئىختىساسلىقلارنى ئىككى تۈرگە ئايرىيمەن. بىرى، بىلىملىكلەر؛ يەنە بىرى، ئەقىل - پاراسەتلىكلەر. بۇ ئىككى تۈردىكىلەر ئىچىدە ئەقىل - پاراسەتلىكلەر بىلىملىكلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىلىملىكلەر بىلىمگە تايىنىپ جەمئىيەتكە بايلىق يارىتىدۇ. ئەقىل - پاراسەتلىكلەر ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ۋە بىلىملىكلەردىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدىغان ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىدۇ ھەم شۇ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتكە تېخىمۇ كۆپ بايلىق يارىتىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىشلار ئەقىل - پاراسەتلىكلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشىدىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. دۇنيا تارىخىدىكى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھەممىسى بىلىملىك بولۇشى ناتايىن. ئەمما، ئۇلار ئۆز ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق بىلىملىكلەرنىڭ بىلىمىدىن، باشقا ئەقىل - پاراسەتلىكلەرنىڭ پاراسىتىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيا تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلالىغان.

مۇخبىر: سىزنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىڭىز نېمە؟

رادىل ئابلا: قىيىنچىلىق.

مۇخبىر: بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

رادىل ئابلا: چۈنكى ئادەم ھەر قېتىم بىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن تىرىشىدىكەن، ئىزدىنىدىكەن، بۇ قىيىنچىلىقنى يەڭگەندىن كېيىن بايلىققا ئېرىشىدىكەن. مەيلى تارىختا ياكى ھازىر بولسۇن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چوڭ - چوڭ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگۈچىلەردۇر. دۇنيادا نۇرغۇن كاتتا بايلار بار، ئۇلار شۇنچە باي تۇرۇپ، پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە ئۈندەيدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بايلىقلىرىنى پەرزەنتلىرىگە قالدۇرمايدۇ؟ چۈنكى ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىشنى ئۆگىنىشىنى

تەلەپ قىلىدۇ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بايلىق-نىڭ تۇگىمەيدىغانلىقىنى پەرزەنتلىرىگە ھېس قىلدۇرىدۇ. ئاددىي مىسال، ئامېرىكىغا چىقىپ ئوقۇغىنىمىز بار، لېكىن ئالدىنىمىزدا ئىنگلىز تىلى بىلمەسلىك قىيىنچىلىقى تۇرۇپتۇ. ئەگەر سىز بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىرادىسىگە كېلىپ، ئىككى - ئۈچ يىل ئىنگلىز تىلى ئۆگەنسىڭىز ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىقالايسىزغۇ؟ قارلەيلىسىگە قارايلى، ئۇ قاتمۇقات تاشلار ئارىسىدىن چىقىپ، تاغ چوققىسىدىكى قار - مۇزلار ئارىسىدا پورەكلەپ ئېچىلىدۇ. بۇ گۈلنىڭ قىممىتىگە قايسى گۈل تەڭ كېلەلەيدۇ؟ دېمەك، ھەممىمىز قىيىنچىلىقنى يەڭسەك، بايلىققا، بەختكە ئېرىشىمىز. يەھۇدىيلارنىڭ بىر گېپى ئېسىمگە كېلىپ قالدى: «يىغلاپ تۇ-رۇپ تېرىساڭ، كۈلۈپ تۇرۇپ ھوسۇل ئالىسەن».

(«شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» مۇخبىرى مۇھەممەد يۇنۇس بىلەن بىرلىشىپ يازغان)

2006 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

# ئەيدىز ھاياتىمىزغا «قارا قول» نى سۇنماقتا

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ يامراش ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتكىدەك ھالەتكە يەتتى. ئىگىلىنىشىچە، 2005 - يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 11 مىڭ 303 كىشىگە يېتىپ، سان جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرغان. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 0.35% كە، قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى 0.5% كە يېتىپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرغان.

دېمەك، ئەيدىزدىن ئىبارەت دۆلەت، مىللەت ۋە خەلققە پۈتمەس - تۈگىمەس بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان بۇ «ۋابا» نى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىش يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان «قىزىق نۇقتا» غا ئايلاندى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى سۇ شىۋۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ يامراپ كېتىشىنى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ چەكلەش توغرىسىدىكى بىر پارچە تەكلىپ ئەزالار ئارىسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغاپلا قالماي، يەنە ئۇنى «ئاخباراتلىق شەخس» كە ئايلاندۇردى.

ئەزا سۇ شىۋۇ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «2001 - يىلى 9 - ئايدىكى دوكلاتقا ئاساسلانغاندا،

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملان-
غۇچىلارنىڭ سانى 5755 ئىكەن، 2005 - يىلى 9 - ئايغا
كەلگەندە بۇ سان كۆپىيىپ 11 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، تۆت
يىلدا بىر ھەسسە ئاشقان. گەرچە شىنجاڭدا ئەيدىز كېسىلى ۋېناغا
زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇش ئارقىلىق تارقىلىشنى ئاساس
قىلىسىمۇ، نۆۋەتتە ئۇ قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگۈ-
چىلەر ۋە ئادەتتىكى كىشىلەر توپىغا قاراپ تېزلىكتە يامرىماقتا.
يەنى جىنسىي يول ئارقىلىق يۇقۇملىنىش نىسبىتى 1999 -
يىلىدىكى 0.15% تىن 2005 - يىلىغا كەلگەندە 4.4% كە
كۆپىيىپ، 28.3 ھەسسە ئاشقان. رايون نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا،
نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ئا-
ساسلىقى ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ
ئىككى جايدىكى يۇقۇملانغۇچىلار پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
يۇقۇملانغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 83.5% نى ئىگىلەيدۇ. بى-
راق، ھازىر ئەيدىز كېسىلى تېز تارقىلىش رايونىدىن ئاستا
تارقىلىش رايونىغا قاراپ تېزلىكتە كېڭەيمەكتە، بۇ ئەھۋال كى-
شىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. يەنى، يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ئاقسۇ،
قەشقەر، سانجى، بايىنغولىن قاتارلىق جايلاردىمۇ يۇقۇملانغۇچى-
لار تېزدىن كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 99 ناھىيە،
شەھەرنىڭ 80% ىدە ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇ-
چىلار بايقالدى، بۇ ھەرگىزمۇ قالغان 20% ناھىيە، شەھەردە يوق
دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، ھامىلىدار ئاياللار ۋە بوۋاقلار
ئىچىدىكى ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار
يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر-
نىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. ئاپتونوم رايون بويىچە
يۇقۇملانغان ھامىلىدار ئاياللارنىڭ سانى 2003 - يىلى 10 -
ئايدىن ئىلگىرىكى 32 دىن كۆپىيىپ، 2005 - يىلىغا كەلگەندە
272 گە يېتىپ، 7.5 ھەسسە ئاشقان. 2005 - يىلى بىر

يىلدىلا ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجىدا ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان 147 بوۋاق بايقالغان، ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر غۇلجا شەھىرىدە يۇقۇملانغان 381 بالا پاناھلىققا موھتاج بولۇۋاتىدۇ.»

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالىدا قانداق ئالاھىدىلىك بار؟

سۇ شىۋۇ بۇ مەسىلىگە مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ئىچىدە بىرىنچىدىن، ۋېناغا زەھەرنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغۇچىلار كۆپ بولۇپ، بۇ ئومۇمىي يۇقۇملانغۇچىلار سانىنىڭ 85.7% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، 20 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ئەرلەر كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 89.4% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 84% نى ئىگىلەيدۇ؛ تۆتىنچىدىن، نامراتلار كۆپ بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئىقتىساد ئاجرىتىپ داۋالىنىشىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار پەقەت ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشقىلا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.»

ئۇنداقتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدە قانداق مەسىلىلەر مەۋجۇت؟

ئەزا سۇ شىۋۇ بۇ مەسىلىگە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن جاۋاب بەردى: «بىرىنچى، يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى، ئەھۋالى ۋە يۇقۇملىنىش خەۋپى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس، يەنى ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ئىچىدىكى پەقەت 20% كىشىنىڭلا ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ يۇقۇملىنىش خەۋپى يۇقىرى كىشىلەر توپىنىڭ ئېنىق سانى ۋە ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەش تولىمۇ قىيىن؛ ئىككىنچى، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تورى پەقەت نۇقتىلاردىلا يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭ

قاپلاش دائىرىسى تار، بۇ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ۋەزىپىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمايدۇ، يەنى ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلقئارالىق ۋە دۆلەتلىك تۇرلەر پەقەت ئۇرۇمچى، ئىلى قاتارلىق جايلاردىلا يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. 99 ناھىيە، شەھەرنىڭ 68 ىدىلا نۇقتىلىق تەكشۈرۈش - لابوراتورىيە ئورنى تەسىس قىلىنغان؛ ئۈچىنچى، ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىراجىتى ئىنتايىن قىس. گەرچە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ خىزمەتكە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كۆپلەپ مەبلەغ ئاجراتقان بولسىمۇ، ئەمەلىي ئېھتىياجغا سېلىشتۇرغاندا ئاجرىتىلغان مەبلەغ يەنىلا كەمچىل. مۆلچەرلىنىشىچە، شىنجاڭ ھەر يىلى ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا 400 مىليون يۈەن مەبلەغكە ئېھتىياجلىق ئىكەن، ئەمما 2005 - يىلى ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئەڭ تۆۋەن ئېھتىياجنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمەيدۇ؛ تۆتىنچى، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى تازا يۈرۈشلۈك ئەمەس، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملىرى بىرقەدەر كەمچىل.»

دېمەك، ئەھۋال جىددىي، ۋەزىيەت كەسكىن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ خىزمەتنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھەم ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؟

ئەزا سۇ شىۋ تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: «بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ، دۆلەت ۋە خەلققە مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشى، شۇنداقلا قاتلاممۇقاتلام ‹ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى كومىتېتى› قۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئايرىش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، جايلار بۇ خىزمەتنى ئۆز جايىنىڭ ئامىۋى سەھىيە ئىشلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشى ۋە ئۇنى

‹ 11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان › غا كىرگۈزۈشى لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، جەمئىيەتتىكى بارلىق كۈچلەرنى بۇ خىزمەتكە ئاتلىنىشقا تولۇق سەپەرۋەر قىلىش لازىم؛ تۆتىنچىدىن، تەشۋىق تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مۇداپىئە ئېڭىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ بەشىنچىدىن، ئەيدىز كېسىلىنى تەكشۈرۈش تور سىستېمىسى بەرپا قىلىش لازىم؛ ئالتىنچىدىن، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈش لازىم؛ يەتتىنچىدىن، ‹ تۆت كەچۈرۈم، بىر غەمخورلۇق › سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنى داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم؛ سەككىزىنچىدىن، ئەيدىز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنى كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش لازىم؛ توققۇزىنچىدىن، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق مەركەزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە مالىيە جەھەتتىن مەدەت بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم؛ ئونىنچىدىن، مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ ئىشلىتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، مەخسۇس مەبلەغنى مەخسۇس ئىشلىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك.»

2006 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

# تەمبۇر تۇتقان «قىزىلگۈل»

ۋاقتى: 2006 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ۋاقتى كەچ سائەت 6:30.

ئورنى: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزىكا زالى.

پائالىيەت مەزمۇنى: مەرھابا نۇرمۇھەممەتنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا كېچىلىكى.

ئاق يۈزلۈك، يوغان قوي كۆزلۈك، قاپقارا ئۇزۇن كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ قىز بىر قاراشتىلا كىشىگە زىلۋا بويلۇق ئۇسسۇلچى ۋە مودېللارنى ئەسلەتسە، چىمەندوپپىسى، ئەتلەس كۆڭلىكى ۋە ئېگىز قاڭشالىرى ئۇن ـ تىنسىز ھالدا «مەن ئۇيغۇر قىزى» دېگەن مەنانى بېرىپ تۇراتتى.

بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ قولىغا چالغۇ تۇتۇپ، چالغۇ بولغاندىمۇ، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ «پاتېنت» ى قىلىپ كەلگەن، قولىنىڭ ھەربىر بارماق، ھەربىر بوغۇملىرىدىن قارا كۈچ تەلەپ قىلىدىغان تەمبۇرنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىقىپ، ئوركېستىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئېلىشى بۇ يەرگە جەم بولغان 100 دىن ئارتۇق سورۇن ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى.

ئۇنداقتا، «سەھنىدىكى بۇ قىز كىم؟» مانا بۇ سوئالنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن قولۇمدىكى «مەرھابا نۇرمۇھەممەتنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇزىكا كېچىلىكى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ۋەرەقىدىكى «مەرھابا نۇرمۇھەممەت 1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا سەنئەتكە ئىشتىياق باغلاپ، دۇتار، تەمبۇر، ساتار

چېلىشنى ئۆگەنگەن. 1999 - يىلى 14 يېشىدا ئىلى ئوبلاستلىق ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش مەركىزىگە ۋەكىل بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مۇزىكا ئورۇنداش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2002 - يىلى 9 - ئايدا قىزنىقىشى ۋە تالانتىغا تايىنىپ، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزىكا ئورۇنداش — تەمبۇر كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. ئۇ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، شىرمۇھەممەت نۇراخۇن، مىجىت يۇنۇس مۇئەللىملەردىن كەسپىي تەربىيە ئېلىپ، كەسپىي جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلىگەن. بۇ جەرياندا 2005 - يىلى 3 - ئايدا تايلاندقا چىقىپ، «ئاتاما فوندى جەمئىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق تويىغا تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ نومۇر كۆرسىتىپ، شۇ جايدىكى چەت ئەل مۇزىكىلىرىنى، خەلق ئاھاڭلىرىنى ۋە مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئورۇنداپ يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن، تۆت يىللىق ئوقۇش جەريانىدا تولۇق كۇرس ئوقۇتۇش پروگراممىسى بويىچە پۈتۈن دەرسلەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان» دېگەن خەتلەرگە كۆز يۈگۈرتتۇم.

كېچىلىك باشلىنىشى بىلەن، مەرھابا تۇنجى بولۇپ مىللىي ئوركېستىرنىڭ تەڭكەش قىلىشىدا ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسى «نۇزۇگۇم» نى ئورۇندىدى. تىمتاسلىقتا چۆمگەن سورلۇق زال، ئۇمىد ھەم ھەيرانلىق ھېسلىرى سىڭگەن جۈپ - جۈپ كۆزلەر ھە دېگەندىلا ئۇنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ پەدە بېسىۋاتقان، ناخۇن چېكىۋاتقان نازۇك بارماقلىرى، ھەتتا پۈتۈن ۋۇجۇدى سۈس تىترىمەكتە ئىدى. مۇشۇ تاپتا پۈتۈن سورۇن ئەھلىنىڭ دىققىتى پەقەت بىرلا نۇقتىغا — مەرھاباغا تىكىلگەندى. زال ئىچىدە تەمبۇرنىڭ مۇڭلۇق كۈيى ياڭرىماقتا ئىدى. تۇنجى مۇزىكا ئاخىرلاشتى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئۇزاققىچە داۋاملاشتى. مەرھابانىڭ ساۋاقداشلىرى خۇددى مۇشۇ مى-

نوتلارنى ئۆزاقتىن بويان تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندەك، سەھنىگە يوپۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇنىڭغا دەستە - دەستە گۈللەرنى تەقدىم قىلىدى. مەرھابا ئالدىدىن كېيىن شەنشى خەلق مۇزىكىسى — «كەشتىچى قىز»، ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى — «نىمپەدە» ۋە «تۇرك مارشى»، «ۋەتەن بېغىدا» قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئورۇندىدى. زال ئىچىدە ئالقىش سادالىرى ھېلىدىن - ھېلىغا ئاشلىنىپ تۇراتتى.

كېچىلىك تازا ئەۋجىگە چىققاندا رىياسەتچى تەمبۇر پېشۋاسى ھۇسەنجان جامى ئاكىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. بىر ئۆمۈر تەمبۇرنىڭ ئۆتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئاققان، ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى، ياشلىق باھارىنى خەلقىمىزگە ئېسىل كۈيلەرنى تەقدىم قىلىشقا سەرپ قىلغان بۇ ئۇستاز سەنئەتكار بۈگۈن بۆلەكچىلا ھاياجانلانغان ئىدى:

— بۈگۈن قىزىمىز مەرھابانىڭ بۇ كېچىلىكىگە قاتنىشىپ ناھايىتى ھاياجانلاندىم. مەرھابادەك قىزلىرىمىزلا بولىدىكەن، بىزنىڭ ئىزىمىز مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. مەن ئىلگىرى مەرھابانى تېلېۋىزوردا كۆرۈپ ئارىمىزدىن بىر ئايال تەمبۇرچى قىزنىڭ چىققانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈنگەنىدىم ھەم ئۇنىڭدىن چوڭ ئۈمىد كۈتكەنىدىم. مانا بۈگۈن ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدى. مەن ياشلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى ياخشى شارائىتنى قەدىرلەپ، ئۆز كەسپىنى ياخشى ئۆگىنىشىنى، ئارىمىزدىن يۈزلەپ - مىڭلاپ تەمبۇر ئىزباسارلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۇسەنجان جامىنىڭ سۆزىدىن كېيىن، مەرھابانىڭ زىلۋا قامىتى سەھنىدە يەنە پەيدا بولدى. بۇ قېتىم ئۇ تالانتلىق ياش تەمبۇرچى روزىمۇھەممەت مۇساجاننىڭ دۇتار بىلەن تەڭكەش قىلىشىدا ئىلى خەلق ناخشىسى — «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» نى ئورۇندىدى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى تەمبۇر كۈيىگە قوشۇلۇپ، زال ئىچىنى لەرزىگە سالدى. دەل شۇ چاغدا مەن ئالدى رەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئولتۇرغان ئۇستاز سەنئەتكار مۇساجان روزى ئاڭغا دىققەت قىلدىم. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇڭلۇق تەمبۇر كۈيى ۋە ئېسىللىق ناخشا ساداسى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزىمۇ سەرمەگەن ھالدا بېشىنى توختىماي لىڭشىتاتتى.

ناخشا ئاخىرلىشىپ مەرھابا بىلەن روزىمۇھەممەت مۇساجان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مېھمانلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى. روزىمۇھەممەت مۇساجان مەرھابانىڭ مۇزىكا چېلىش ماھارىتىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ دولىسىغا يېنىك شاپىلاقلاپ، قىزغىن تەبرىكلىدى. مۇخبىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇ يەردە شۇنداق بىر ئىشنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈمكى، بۇنىڭدىن دەل 10 يىل ئىلگىرى، دەل مۇشۇ مەكتەپتە روزىمۇھەممەت مۇساجانمۇ ئاپتونوم رايون بويىچە تەمبۇر كەسپىنى پۈتتۈرگەن تۇنجى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا كېچىلىكىنى ئۆتكۈزگەنىدى. پەقەت ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ چاغدىكى زال تولىمۇ تار ھەم كونا، بۈگۈنكى زال بولسا تولىمۇ ئازادە ھەم يېڭى ئىدى. كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان يېرى شۇكى، دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك مۇزىكانت روزىمۇھەممەت مۇساجان بۈگۈنكى كۈندە ئەل ئارىسىدا تونۇلغان تەمبۇرچى ھېسابلانسىمۇ، ئۇ مەرھاباغا ئوخشاش ئىزباسارلىرىنىڭ ئىشىنى ئۆز ئىشىم دەپ بىلىپ، ھېچقانداق مىننەت ۋە تەمەسىز ھالدا ئۇنىڭغا دۇتار بىلەن تەڭكەش قىلىپ بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلدى. دەرۋەقە، كۆز ئالدىمىزدىكى بىر ئىشنىڭ ئاز ـ تولا ئېپىنى ئېلىپ قالغاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكىلەرنى كۆزگە ئىلغۇسى كەلمەيدىغان، ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان، بولۇپمۇ ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشتىن باش تارتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا روزىمۇھەممەت مۇساجاننىڭ بۇنداق ئېسىل پەزىلىتىگە قايىل بولماي ۋە ئاپىرىن ئوقۇماي بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇستاز سەنئەتكار مۇساجان روزى سۆزگە تەكلىپ قىلىنغاندا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ھاياجانلىق ياشلىرى ئىختىيارسىز تۆكۈلۈپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن ئارىمىزدىن تۇنجى تەمبۇرچى قىز يېتىشىپ چىقىپتۇ. دېمەك، تەمبۇر تۇتقان بىر قىزىلگۈل سەھنىگە چىقىپتۇ، مەن بۇ يىل 81 ياشقا كىردىم. بىر قىزنىڭ سەھنىدە تەمبۇر چالغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن. بۇ ھەممىيلەننى خۇش قىلىدۇ، مەن قىزىمىز مەرھابانىڭ تەمبۇر چېلىش ماھارىتىنى ياخشى ئىگىلەش بىلەن بىللە تەمبۇرگە ئائىت ئىلمىي ئەمگەكلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشىنى، بولۇپمۇ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ياخشى كۈيلەرنى ئىجاد قىلىپ، خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، يالغۇز چېلىشنىلا بىلىپ، ئىجاد قىلىشنى بىلمىگەن سەنئەتكار ھەقىقىي سەنئەتكار ھېسابلانمايدۇ. پەقەت ئىجادىيەتلا سەنئەتكارنى خەلقنىڭ قەلب تۆرىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدۇرىدۇ.

رىياسەتچى بۈگۈنكى بۇ كېچىلىكتىكى ئەڭ ئالدىراش كىشى، مەرھابانىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى مىجىت يۈنۈسنى سۆزگە تەكلىپ قىلغاندا زال ئىچىدە يەنە بىر قېتىم ئالقىش ياڭرىدى. مىجىت مۇئەللىم سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن پەقەت ئوقۇتقۇچىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. بۇ شەرەپ ماڭا ئەمەس، بەلكى مېنى تەربىيىلىگەن مۇساجان روزى، ھۇسەنجان جامى، شىرمۇھەممەت نۇراخۇن قاتارلىق ئۇستازلارغا مەنسۇپ. مەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

مىجىت مۇئەللىم سۆزىنى تۈگىتىپ بىر دەستە گۈلنى تەمبۇر پېشۋاسى ھۇسەنجان جامى ئاكىغا تەقدىم قىلدى. ئۇستازنىڭ بۇ خىل كەمتەر ئالىيجاناب روھىدىن تەسىرلەنگەن مەرھابا بىلەن يەنە بىر ئوقۇغۇچىسى ئابدۇۋەلى ساتتار ئىككى دەستە

گۈلنى مۇساجان روزى بىلەن شىرمۇھەممەت نۇراخۇنغا سۇندى. بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ھەم تەسىرلىك كارتىنىلار ھەممىلىنىڭ قەلب قەسرىگە مۇستەھكەم ئورناپ كەتتى ...

مەرھابا ئاخىرىدا روزىمۇھەممەت مۇساجاننىڭ دۇتار بىلەن تەڭكەش قىلىشىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يىرىك كلاسسىك مۇزىكىلىرىدىن «كورت»، «ئەشۋاي» ۋە «ئەجەم» نى ئورۇندىدى. بولۇپمۇ خەلقىمىزنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئۆلمەس مۇزىكا «ئەجەم» ئورۇندالغاندا زال ئىچى تەمبۇرنىڭ ياڭراق سادالىرىدىن يەنە بىر قېتىم لەرزىگە كەلدى. مەرھابا گويا ئۆزىنىڭ زال ئىچىدە ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ناخۇننى سىم تارلارغا كۆچەپ ئۇراتتى. پەدە باسقان قوللىرى بولسا، خۇددى بىپايان يايلاقتىكى تولپاردەك تەمبۇرنىڭ ئۇزۇن سېپىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچقاندەك يۈگۈرەيتتى ...

كىچىلىك ئاياغلاشتى، لېكىن ھېچكىمنىڭمۇ بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. چۈنكى، «ئەجەم» ئەۋجىگە كۆتۈرگەن ھاياجانلىق ھېسلار دەماللىققا تارقايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھەممەيلەننىڭ ئارىمىزدىن چىققان بۇ تۇنجى تەمبۇرچى قىز مەرھابانى ۋە ئۇنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مىجىت يۇنۇسقا ئوخشاش تەلەپچان باغۋەنلەرنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلىگۈسى ۋە ئۇلارغا تەشەككۈر ئېيتقۇسى بار ئىدى.

— ئەخمەتجان ئاكا، مەرھاباغا نەچچە نومۇر قويىسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ داڭلىق ناخشىچىسى ئەخمەتجان ئەختەمدىن.

— مەرھابا خانىم - قىزلىرىمىزدىن چىققان تۇنجى تەمبۇرچى. بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلار خانىم - قىزلىرىمىز ئارىسىدا تەمبۇرچى يوق، دېگەن سۆز كەلمەسكە كەتتى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، مەن ئۇنىڭغا 100 نومۇر ئەمەس، 110 نومۇر

قويسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ دەپ قارايمەن، — دېدى ئۇ پەخىرلەنگەن هالدا.

— مىجىت مۇئەللىم، هاردۇقىڭىز چىقتىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن مىجىت يۇنۇستىن.

— مېنىڭ ئەمەس، خەلقىمىزنىڭ هاردۇقى چىقسا، مەن شۇنىڭدىن خۇشال. مەن پەقەت ئوقۇتقۇچىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. نەتىجە يەنىلا مەرهاباغا مەنسۇپ. مەن شۇنداق تىرىشچان، ئىرادىلىك ئوقۇغۇچۇم بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن.

— سىزنىڭچە، مەرهابا سىز پەخىرلەنگۇدەك شۇنچە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، تەمبۇر باشقا سازلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ هەربىر بارماقتىن ناهايىتى كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقىمۇ، خەلقىمىز ئارىسىدا ئەزەلدىن «تەمبۇرنى ئەرلەر چالىدۇ» دەيدىغان قاراش هۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن هەم هازىرغىچە مۇكەممەل يېتىشكەن ئايال تەمبۇرچى چىقىپ باقمىغان. مەرهابا بۇ جەهەتتە تۇنجى قەدەمنى باستى. ئۇ مۇشۇ قەدەمنى بېسىش ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلىدى. ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئىككى سائەت مەشىق قىلغاندا، ئۇ 4 ـ 5 سائەت مەشىق قىلدى. بولۇپمۇ، كېچىلىككە تەييارلىق قىلىشقا كىرىشكەندىن بۇيان، ئۇنىڭ كۈندىلىك مەشىق ۋاقتى 10 سائەتتىن كەم بولمىدى، هەتتا تىرناقلىرى ئاجراپ قاناپ كەتكەچكە، يالغان تىرناق سېلىپ مەشىقنى داۋاملاشتۇردى. بۈگۈنكى كېچىلىكتىمۇ ئۇ تەمبۇرنى يالغان تىرناق سېلىپ چالدى.

مەن مەرهابا نۇرمۇهەممەتنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇ ئۆزى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەشنى خالىمىدى. ئۇ پەقەت تارتىنچانلىق بىلەن كېيىنكى قەدەمدە تەمبۇرنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئۆگىنىش ئاساسىدا ساتار ئۆگەنمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ياخشى بىر خىزمەت تېپىپ، خەلقنى يېڭى ـ يېڭى كۈيلەردىن بەهرىمەن قىلىش

ئويى بارلىقىنى ئېيتتى.

بۇگۇنكى كېچىلىك مەندە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى، بۇ كېچە مەن ئۇچۇنلا ئەمەس، بارلىق سەنئەت سۆيەر خەلقىمىز ئۇچۇن ئۇنتۇلغۇسىز كېچە. چۇنكى، بۇگۇن سەنئەت بېغىمىزدا يەنە بىر ئۆزگىچە گۇل پورەكلەپ ئېچىلدى. سەنئەت پېشۋاسى مۇساجان ئاكىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «تەمبۇر تۇتقان بىر قىزىلگۇل» سەھنىمىزگە چىقتى.

2006 ـ يىل ماي، ئۇرۇمچى

# بوش كەلمە، نومچىلار

## مۇقەددىمە

— بۇ قېتىمقى نىشان نېمىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ياسىن سىدىق مېنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ.

— نىشان نوم! — دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— ناھايىتى ياخشى، نوم بازىرىمىز ھازىر ۋىلايەت بويىچە دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى، كىچىك بازار قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ سوممىسى، يۇقىرى تېخنىكىلىق تېمىتىپ سۇغىرىش كۆلىمى، قاقاسلىقتا بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى، مو بېشىغا توغرا كېلىدىغان قوغۇن مەھسۇلاتى ۋە مو بېشىدىن يارىتىلىدىغان ئىقتىسادىي ئۇنۇم قاتارلىق ئالتە جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنداق بولغاچقا نوم «قۇمۇلدىكى بىرىنچى بازار» دېگەن نامغا ئېرىشتى، نومدا يېزىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار.

— مەنمۇ مۇشۇ پاكىتلارغا قىزىقىپ، نوم ھەققىدە بىر نەرسە يېزىش مەقسىتىدە ئالايىتەن كەلدىم.

— خاتىرجەم بولۇڭ! مەن سىزنىڭ بۇ قېتىمقى نوم سەپىردىكىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوللايمەن!

ھاكىم ياسىن سىدىقنىڭ كەسكىن پوزىتسىيىسى مېنى سۆيۈندۈردى. ھاكىمنىڭ ئەتراپلىق ھەم ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەن ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرغۇن گايىتنىڭ يول باشلىشىدا تولىمۇ كۆڭۈللۈك ھەم ئەھمىيەتلىك بولغان نوم سەپىرىگە ئاتلاندىم.

## تۇنۇگۇنكى نوم

نوم ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدىن 72 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر ئاددىي بازار بولۇپ، ئۇ جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىغا جايلاشقان. ئەلمىساقتىن تارتىپ نومنىڭ ئىككى نەرسىسى داڭلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، نومنىڭ بورىنى؛ يەنە بىرى، نومنىڭ قوغۇنى. نومنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناھايىتى ناچار بولۇپ، ھەر يىلى سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران چىقىدىغان ۋاقىت 100 كۈندىن ئاشىدۇ، كىلىمات جەھەتتە يازدا قاتتىق ئىسسىق، قىشتا دەھشەتلىك سوغۇق، كىلىماتى ئالاھىدە قۇرغاق بولۇپ، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاران 11 مىللىمېتىر. شۇنداق بولغاچقىمۇ قومۇل ۋاڭلىقى دەۋرلىرىدە گۇناھكارلارنى پالايدىغان ئىككى جاي (يەنە بىرى شىڭشىڭشىيا) نىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن.

ئەمگەكچان نوم دېھقانلىرى ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە بىر تەرەپتىن چېگرىنى قوغداشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ھەم مۇقەددەس مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆز يۇرتى، ئۆز ۋەتىنىنى جان تىكىپ قوغداش بىلەن بىللە يەنە ناچار تەبىئىي شارائىت بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ، ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرۇپ، قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىغا ماس كېلىدىغان قوغۇننى ئۆزلىرىگە ئەڭگۈشتەر قىلىپ، ئەجدادلارنى ئەۋلادلارغا ئۇلاپ كەلگەن. شۇنداق بولغاچقىمۇ، نوم قوغۇنىنىڭ شان ـ شۆھرىتى خېلى بۇرۇنلا يىراق ـ يېقىنغا تارقىلىپ نوم دېگەن سۆز بىلەن قوغۇن دېگەن سۆز بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. گەرچە قوغۇنچىلىق نوم دېھقانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپى ھېسابلانسىمۇ، بىراق تاكى 1996 ـ يىلىغا كەلگۈچە قوغۇن پەقەت دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرىدىلا تېرىلاتتى، ئېتىزلارغا

بولسا يەنە باشقا جايلارنىڭكىگە ئوخشاش بۇغداي، قوناق قاتارلىق ئەنئەنىۋى زىرائەتلەر تېرىلاتتى. نوملۇقلار ئارىسىدا قوغۇنلىرىنى سېۋەت ۋە ئات - ئۇلاغ هارۋىلىرىغا سېلىپ ياكى ناهىيە بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ پۇل قىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئۇلار تېرىغان قوغۇنلىرىنى ئاساسلىقى ئۆزلىرى يەپ تۈگىتەتتى. ئۇ چاغلاردا نوملۇقلار ئېتىزلىقلىرىغا پۇلغا يارىمايدىغان بۇغداي، قوناق تېرىغاننىڭ ئورنىغا تەمى تىلنى يارغۇدەك ئېسىل قوغۇنلارنى تېرىپ، ئۇنى سېتىپ يانچۇقىنى تومپايتىش دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى. ئۇ چاغلاردا دېهقانلارنىڭ قوغۇندىن قىلىدىغان كىرىمى ئۇلارنىڭ يىللىق ساپ كىرىمىنىڭ 20% گىمۇ يەتمەيتتى. شۇڭا ئەينى چاغلاردا نوم دېهقانلىرىنىڭ كۈنلىرى تولىمۇ غورىگىل ئۆتەتتى. ئەتىيازدىن كۈزگە مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۇلىشىپ نامراتلىقنىڭ ئاچچىق تەمىنى «تازا ئوبدان» تېتىغان ئىدى...

## «خانىش» ئاچقان يول

تولىمۇ سالقىن ناهىيە بازىرىدىن ئايرىلىپ بىر سائەتكىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتا «تونۇر» نىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىشىمنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن، كۆچلۈك ئاپتاپ تەپتىدىن پۈتۈن ئەزايىمدىن شۇرقىراپ ئېقىۋاتقان تەرلەرنى ئېرتىپ ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.

— نومنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناهىيە بازىرىدىن 8 — 10 گرادۇس يۇقىرى، — دەپ چۈشەنچە بەردى تۇرغۇن گايىت.

بازارلىق پارتكوم شۇجىسى خۇ شىنمىن بىلەن مۇئاۋىن بازار باشلىقى يارى يۇسۇپ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— نەتىجە ئىلگىرىكى يول ئاچقۇچىلارغا مەنسۇپ، بىز پەقەت ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇق.

ئۇلار ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى ئەنە شۇنداق قىسقىلا خۇلاسىلىدى. مەن نومدا زىيارەتتە بولغان بىر كۈن جەريانىدا بازار رەھبەرلىرى ۋە نوم دېھقانلىرى بىلەن كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشىپ نوملۇقلار ۋە نوم قوغۇنى ھەققىدە نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلىدىم ...

1993 ـ يىلى قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك قوغۇن بايرىمىدا نوم يېزىسى (2001 ـ يىلى نومدا يېزا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بازار تەسىس قىلىنغان) قىرساي كەنتىدىكى دېھقان ئەمەت ئىمىننىڭ «خانىش» ماركىلىق قوغۇنى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، نوم قوغۇنىنىڭ شۆھرىتىنى بىراقلا ئاشۇرۇۋەتكەندى. بۇنىڭ بىلەن نومغا، يەنى «خانىش» قا كۆز تىككۈچىلەر كۆپەيدى. بولۇپمۇ 1994 ـ ۋە 1995 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون ئىچى ـ سىرتىدىن «خانىش» نى ئىزدەپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى زادىلا ئۈزۈلمىدى. بىراق، ئۇ چاغلاردا نومچىلار قوغۇننى سېتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى يېيىش ئۈچۈنلا تېرىغاچقا، كۆلەم تولىمۇ ئاز بولۇپ، ئۇلار گۇاڭجۇ، شاڭخەي، شېنجېن قاتارلىق جايلاردىن چامادانلىرىغا لىق پۇل قاچىلاپ كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە ئون مىڭ تونىلاپ قوغۇن سېتىش توختامى تۈزۈشكە ئامالسىز قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «خانىش» نىڭ نامى يىراق ـ يىراقلارغا تارقالغان بىلەن ئەمەلىيەتتە نوم قوغۇنچىلىرىنىڭ يەنىلا «ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق» ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، يىراق يوللارنى بېسىپ نومغا ئۈتتەك قىزىپ كەلگەن سودىگەرلەر توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ، سالپىيىپ قايتىشقا مەجبۇر بولاتتى ...

قانداق قىلىش كېرەك؟ مانا ھازىر قوغۇننى كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىسا، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ياخشى بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولدى. ئۇنداقتا كۆلەمنى تېزدىن كېڭەيتمەي يەنە نېمىگە قاراپ تۇرغۇلۇق؟! بىراق بۇ ئىش ئېيتماققا ئاسان بولغىنى

بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، قوغۇن تېرىشنىڭ خەۋپ - خەتىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، مۇبادا قوغۇنغا بىرلا كېسەل تەگسە ۋە ياكى قوغۇن چېكىلىپ ئۈزۈش ئالدىدا بىرلا يامغۇر ياغسا ياز بويى ئېتىز بېشىدا دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ جاپا - چېكىپ ئىشلىگەن دېھقانلار ھەممە دەسمايىسىدىن بىر كېچىدىلا ئايرىلىپ زار - زار يىغلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولاتتى، شۇڭا كۆلەمنى كېڭەيتىشكە يېزا رەھبەرلىرىمۇ، دېھقانلارمۇ تەۋەككۇل قىلالمايتتى، بىراق ئاشۇ ئازغىنە يەردىكى بۇغداي، قوناق بىلەن دېھقانىنىڭ كۈننى قاچان ياخشىلاپ بولغىلى بولار؟ باشقىچە يول تۇتۇپ، دېھقانىنىڭ كۈننى ئاز - تولا ياخشىلىمىسا جاپاكەش دېھقانلار مەڭگۈ ئەتىگەنگە تاپسا كەچكە يوق، بۈگۈنگە تاپسا ئەتىگە يوق، دەپ ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟!

ئەنە شۇنداق كۆپ ئويلىنىش، كۆپ دېلىغۇل بولۇشلاردىن كېيىن، 1996 - يىلى ئەتىيازدا نومچىلار تۇنجى قېتىم 300 مو يەرگە «خانىش» تېرىپ تەلىيىنى بىر سىناپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. 300 مو يەردىكى «خانىش» بوران - چاپقۇنلاردىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ كۈزگە ئۇلاشتى، ئالتۇن كۈزدە قوغۇن ئېتىزلىرى ئالتۇن رەڭگە كىردى. ئالتۇندەك ساپسېرىق سارغىيىپ، ھۆسنىگە تولغان «خانىش»لار پىلەكلەر ئارىسىدىن تاتلىق جىلۋە قىلىپ كىشىنىڭ مەيلىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە رام قىلىپ تۇراتتى ...

«نوم خانىشى» نىڭ «ھۆسن - جامالى» ھەققىدىكى «رىۋايەت» لەر ناھايىتى تېزلا يىراق - يېقىنغا تارقالدى، ئېغىر چامادانلارنى كۆتۈرگەن «خانىش» نىڭ «ئاشىق» لىرى ئارقا - ئارقىدىن نومغا كېلىشكە باشلىدى.

300 مو يەردىكى «خانىش» 900 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇلغا سېتىلدى، تۇنجى بولۇپ قوغۇن تېرىشقا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان دېھقانلار بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا باشقىلار ھە-

ۋەس قىلىدىغان بايلارغا ئايلاندى ...

مانا بۇ 300 مو يەرگە تېرىلغان «خانىش» نومۇرلۇق «خانىش ئىنقىلابى» نىڭ پىلتىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى. 1997 ـ يىلىدىن باشلاپ نومدىكى 10 كەنتنىڭ ھەممىسىدە دېگۇدەك يەرلەرگە كەڭ كۆلەمدە قوغۇن تېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، بولۇپمۇ 1998 ـ يىلى ئېتىز بېشىدا ھەربىر كىلوگرام قوغۇن باھاسىنىڭ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە بولغان 2.8 يۈەنگە چىقىشى «خانىش ئىنقىلابى» نى بىراقلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى. ساپسېرىق، تەمى تىلنى يارغۇدەك تاتلىق قوغۇنلار نوملىقلارنىڭ «ئالتۇن تۇخۇم» بغا ئايلاندى، ئۇلار قوغۇن تېرىپ يانچۇقىنى تومپايتىپ، ناھىيە، ھەتتا ۋىلايەت بويىچە كىرىمى ئەڭ كۆپ دېھقانلارغا ئايلاندى.

قوغۇن نوم دېھقانلىرىنى كۆلدۈرۈپمۇ باققان، ھەم زار ـ زار قاقشىتىپ، يىغلىتىپمۇ باققان. شۇنداق بولغاچقىمۇ، نوم دېھقانلىرى ئارىسىدا «پۇل تاپاي دېسەڭمۇ قوغۇن تەر، زىيان تارتىپ باقاي دېسەڭمۇ قوغۇن تەر» دەيدىغان غەلىتە بىر سۆز بار. ئەلۋەتتە، بۇ سۆز ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس. نوم دېھقانلىرى بۇ سۆزنى ئۆز ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەپ چىقارغان.

2001 ـ يىلى نوم دېھقانلىرى تولىمۇ قاباھەتلىك بىر يىلنى ئۆتكۈزدى، شۇ يىلى سۈپەتسىز قوغۇن ئۇرۇقىنىڭ كاساپىتىدىن قوغۇننىڭ «تاتلىق تەمى» نى ئېتىپ ئۆگەنگەن نوملىقلار تۇنجى قېتىم قوغۇننىڭ «ئاچچىق تەمى» نى ئېتىدى، 3000 مودىن ئارتۇق يەردىكى قوغۇن نە تاشقى كۆرۈنۈش، نە تەمى جەھەتتە بازارغا يارىماي، بىراقلا كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى، سۈپەتسىز ئۇرۇق دەستىدىن دېھقانلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، نۇرغۇن كىشى ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئازلا قالدى. ئەينى چاغدا نوم بازىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن تۇرغۇن غوجى شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «نۇرغۇن دېھقانلار ئېغىر ئىقتىسادىي زىيانغا بەرداش-

لىق بىرەلمەي قالدى، چۈنكى قوغۇنچىلىق ئەسلىدىنلا سېلىنىدىغان دەسمايىسىمۇ كۆپ، پايدىسىمۇ كۆپ كەسىپ بولغاچقا، دېھقانلار بۇ ئىشتا بىر يىقىلسا، قايتا ئۆزىنى رۇسلىشى ناھايىتى قىيىن، گەرچە ساختا ئۇرۇق ئىشى دېھقانلار بىلەن ئۇرۇقچىلىق شىركىتى ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلار يېزا، كەنت كادىرلىرىغا باشقىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى، بىزنىڭ خىزمەت ئىشلىشىمىزمۇ تەسكە توختىدى، گەرچە ئەينى چاغدا ۋىلايەت بازارغا يارىماي ئېتىز بېشىدا سايىنىڭ تېشىدەك ياتقان لاۋزا ھەم مايماق ـ سايماق قوغۇنلارغا «مېھرى ـ شەپقەت قوغۇنى» دەپ چىرايلىق ئىسىم قويۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مەجبۇرىي ھالدا ھەر كىلوسىنى 0.4 ـ 0.5 يۈەندىن سېتىش، شۇنداقلا ساختا ئۇرۇق بىلەن تەمىنلىگەن شىركەتنى ھەر مو قوغۇن ئۈچۈن دېھقانغا 1200 يۈەندىن جەمئىي 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىشكە بۇيرۇش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ زىيىنىنى زور دەرىجىدە ئازلاتقان بولسىمۇ، ھەر مو يەردىن ئوتتۇرىچە 3000 ـ 4000 يۈەن كىرىم قىلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ تارتقان زىيىنى يەنىلا خېلى چوڭ بولدى».

بىراق، كىشىنى كۆيۈندۈرىدىغىنى شۇكى، قەيسەر نومىلىقلار يەنىلا ئۆزلىرى يىقىلغان جايدىن دەس تۇردى. 2002 ـ يىلى ئۇلار ئۆتكەن يىلى تېتىغان زىياننىڭ ئاچچىق تەمىنى ئۇنتۇپ قايتىدىن قوغۇنچىلىققا كىرىشتى، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايدىغان يېرى، ئۇلار بۇ قېتىم ھەربىر قەدەمنى تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇختا بېسىشنى ئۆگىنىۋالغان بولۇپ، ئۇرۇق تاللاش، تېرىش، سۇغىرىش، چۈنەك تارتىش قاتارلىق ھەممە ئىشتا تېخنىك خادىملارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلدى.

نومىلىقلارنىڭ قوغۇنغا بەرگەن مېھرى ـ مۇھەببىتى، قىلغان ئەقىدىسى ۋە سىڭدۈرگەن ئەجرى بىكارغا كەتمىدى، مانا ھازىر

نوم بازىرىدا تېرىلىدىغان ئومۇمىي قوغۇن كۆلىمى 50 مىڭ موغا، يىللىق قوغۇن مەھسۇلاتى 100 مىڭ توننىغا يېتىپ، نوم بازىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندى، دېھقانلارنىڭ يىللىق كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4700 يۈەنگە يېتىپ، ۋىلايەت بويىچە ئەڭ باي بازار بولۇپ قالدى، بازار بويىچە يىللىق ساپ كىرىمى 30 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ئائىلە 213 كە، 50 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ئائىلە 97 گە، 100 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ئائىلە 40 قا يەتتى. 2000 - يىلى نوملىقلار «نوم» ماركىسىنى رەسمىي ئەنگە ئالدۇردى، 2002 - يىلى «نوم» ماركىلىق كۆز-لۈك قوغۇن «يېشىل يېمەكلىك» گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، «نوم» ماركىلىق قوغۇن يەنە شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## ئېتىز بېشىدىكى پاراڭلار

قىرساي كەنتى — نوم بازىرىدىكى ئون كەنت ئىچىدە ئەڭ چوڭ كەنت ھېسابلىنىدۇ، بۇ كەنتتە 4000 موغا يېقىن يەر بولۇپ، بۇ كەنتنىڭ تېرىلغۇ مەيدانى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ باي ۋە ئاداقتىن ئىبارەت ئىككى يېزىسىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ مەيدانى بىلەن تەڭ كېلىدۇ. قىرسايلىقلارنى قوغۇنچىلىقتا نوملىقلارنىڭ سەركىسى دېيىشكە بولىدۇ. نېمىشقا دەمسىز؟ چۈنكى 1993 - يىلى تۇنجى بولۇپ «خانىش» نى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتۈرگەن ئەمەت ئىمىنمۇ، 1996 - يىلى قوغۇننى تۇنجى قېتىم ئېتىزغا كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىشنىڭ باشلامچىلىرىمۇ، يەنە تېخى 2002 - يىلى قوغۇن ئېتىزلىرىدا چۈنەكنى يوق قىلىپ تېمىتىپ سۇغۇرۇشنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئاۋانگارتلىرىمۇ مۇشۇ كەنتتىن چىققان. 2005 - يىلى بۇ كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى

كىرىمى 4800 يۈەنگە يېتىپ، بازارنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتكەن.

قىرساي كەنتىدىكى چەكسىز كەتكەن قوغۇن ئېتىزلىقىنىڭ بېشىدىكى دەرەخ سايىسىدە بىز كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابلىمىت توختىنىياز بىلەن قىرسايلىقلار، قوغۇن ۋە تېمىتىپ سۇغىرىش دېگەن تېمىلاردا كەڭ - كۇشادە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. 10 يىل كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، بەش يىل كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن ئابلىمىت توختىنىياز بىزگە قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ۋە تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ئەۋلادتىن - ئەۋلاد قوغۇن بىلەن ھەپىلىشىپ كەلگەن قىرسايلىقلار گەرچە 1996 - يىلى قوغۇن كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە باشلامچىلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇپ، بۇ ئىشنىڭ تۈنجى بولۇپ مېغىزىنى چاققان بولسىمۇ، 2002 - يىلدىكى تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىغا ھە دېگەندە دەرگۇماندا بولۇپ، ئاكتىپ ماسلاشمىغان. چۈنكى، قىرسايلىقلار ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ چۆنەك تارتىپ قوغۇن تېرىپ، چۆنەكلەرنى تولدۇرۇپ سۇ باشلاپ ئۆگەنگەن. مانا ئەمدى قوپۇپ، «چۆنەك تارتماي قوغۇن تېرىيسەن، سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىسەن» دېسە ئۇلار كۆنەتتىمۇ؟ بىر تېمىم، ئىككى تېمىم سۇغا قوغۇن قانامدۇ؟ كۆتۈر، ئۇنداق يېڭى تېخنىكاڭنى! قوغۇن دېگەننى كۆز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ قانغۇچە سۇغىرىش كېرەك - دە!

يۇقىرىدىن نومنىڭ قوغۇن ئېتىزلىقلىرىدا تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئاجرىتىلغان 6 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشكىلى نەۋاخ، لېكىن ئۆز ئېتىزىدا بۇ ئىشنى قىلىشقا كۆنىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. قوغۇن تېرىلغۇ

ۋاقتىنىڭ قىستاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئابلىمىت قانائەتلىقلار ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدى، بىراق دېھقانلاردىن يەنىلا زوۋان چىقمايتتى، ئاخىرى ئۇ كەنت كادىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ بۇ تېخنىكىنى بىر-ناق قىلدى. دەرۋەقە، ئالتۇن كۆزدە بۇنىڭ كارامىتى كۆرۈلدى. يېڭى تېخنىكا ئىشلىتىلگەن يەرلەردىكى قوغۇننىڭ بىرلىك ھوسۇلى چۆنەك تارتىپ تېرىلغان يەرلەرنىڭكىدىن ئوبدانلا يۇقىرى بولدى، سۇ پۇلىمۇ ئۈچ ھەسسىگە يېقىن تۆۋەن بولدى، بۇ ئىش شۇندىلا باشقا دېھقانلارنى قايىل قىلدى، مانا ھازىر قىرسايدا ھەممە ئېتىزدا تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتى ...

— تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى قوللىنىلغان ئېتىزلارنىڭ ھەر موسىغا 1000 تۇپ قوغۇن مايىسىسى تەرگىلى بولىدۇ، چۆنەك تارتىلغان ئېتىزغا بولسا 700 تۇپ قوغۇن تېرىلىدۇ، دېمەك بىر مودا 300 تۇپ قوغۇن مايىسىسى ئارتۇق دېگەن گەپ، بىر تۇپ مايسا بىر قوغۇن دەپ ھېسابلىساق، 300 تال قوغۇن ئارتۇق چۈشىدۇ، مانا ھازىر دېھقانلىرىمىز بۇنداق ئىنچىكە ھېساباتقا ئۇستا بولۇپ كەتتى، — دەپ چۈشەندۈردى ئابلىمىت.

ئۇ يەنە بىزگە ئۆزىنىڭ ھەر يىلى 30 مو يەرگە قوغۇن تېرىپ 70 ـ 80 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا تېلېفون ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىدىكى سودىگەرلەر بىلەن قوغۇن سېتىش توختامى تۈزۈپ، سودىگەرلەر بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى بولۇپ، 20 ـ 30 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىدىغانلىقىنى، بۇ كەنتتە قوغۇن تېرىپ يىلىغا نەچچە يۈز مىڭ يۈەن كىرىم قىلىدىغان دېھقانلارنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ يىل ئەھۋال قانداقراق؟ — سورىدىم مەن.

— يامغۇر ياغماي ھاۋا ئوبدان بولسا، كىرىم ئۆتكەن يىلدىكىدىن ياخشى بولارمىكىن.

— يامغۇر ياغماي؟! — ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن.
— نومدا مۇنداق بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ نوم دېھقانلىرى سۇغا قاتتىق تەشنا بولسىمۇ، بىراق يامغۇرنىڭ يېغىشىنى زادىلا خالىمايدۇ. بولۇپمۇ قوغۇن چېكىلگەندە دېھقانلىرىمىز كېچە - كۈندۈز ئاسمانغا قاراپ ھاۋانىڭ ئوچۇق، قۇياشنىڭ پارلاق بولۇشىنى تىلەيدۇ. مۇبادا مۇشۇ كۈنلەردە بىرلا يامغۇر ياغسا تاۋار قوغۇنلار يېرىلىپ بازارغا يارىمايدۇ، بۇ دېھقانلار ئۇچۇن چوڭ پاجىئە.
ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى.

## بۈگۈنكى نوم

مانا بۈگۈنكى يېپيېڭى نوم بازىرىغا قاراڭ! ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسلىق يولىدىنمۇ كەڭ قىلىپ ياسالغان ئاسفالت يول، يول ياقىسىدىكى قىزىل، ئاق، سېرىق ۋە كۆك رەڭدىكى خىزمەت بىنالىرى، مەكتەپ، يەسلى، دوختۇرخانا بىنالىرى، ئاھالىلەر ئولتۇراق بىنالىرى، يول بويىدىكى قاتار سېلىنغان ماگىزىن، ئاشخانىلار... يولدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان ھەر خىل ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلار، ئېتىز قىرلىرىغا توختىتىپ قويۇلغان، قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان پىكاپ، موتسىكلىت، تراكتورلار... مانا بۇلار بۈگۈنكى نوم مېنىڭ مېڭەمگە قالدۇرغان چىرايلىق سۈرەتلەر.
— نومدا ئۆزگىرىش ھەقىقەتەن چوڭ ئىكەن، — دېدىم مەن تۇرغۇن گايىتقا.
— ھەقىقەتەن شۇنداق، ھازىر نوم بازىرى ئاراتۇرۇك ناھىيە بازىرىدىنمۇ خېلىلا چوڭ، — دېدى ئۇ جاۋابەن.
30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى

72 كىلومېتىر بولغان ئاراتۇرۇك ـ نوم تاشيولىنىڭ 2002 ـ يىلى پۈتۈپ قاتناش باشلىنىشى بىلەن نوم قوغۇنىنى سىرتقا توشۇش زور دەرىجىدە راۋانلىشىپلا قالماي، يەنە بۇ يول بويىنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاش جەھەتتىمۇ چوڭ رول ئوينىدى.

مۇئاۋىن بازار باشلىقى يارى يۈسۈپ مېنىڭ قىزىقىشىمنى سەزگەندەك يول بويىدىكى چىرايلىق بىنالارنى كۆرسىتىپ توختىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئەنە ئاۋۇ چىرايلىق ئاق بىنا ئۆتكەن يىلى 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ياسالغان بازارلىق مەركىزىي باللار باغچىسى، مانا ماۋۇ ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بۇ يىل 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت بىناسى، ماۋۇ بازارلىق شىپاخانا، ئاۋۇ يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ئىككى بىنا مەخسۇس دېھقانلار ئۈچۈن سېلىنغان ئولتۇراق ئۆي، ئاۋۇ …

نوم بازىرىنىڭ قوغۇنچىلىق كەسپىدىلا ئەمەس، بەلكى شەھەر قۇرۇلۇشى، كۆكەرتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمۇ كىشىنى قايىل قىلىدىكەن. يېقىنقى بىر قانچە يىلدا شەھەر قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 451 مىليون يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پار بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليون يۈەنگە، پاسكىنا سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بازار بويىچە پار بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى 100% كە يەتكەن، دېھقانلارنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان ئولتۇراق ئۆيى 500 يۈرۈشكە يەتكەن، سىملىق تېلېۋىزىيە، تېلېفون قاتارلىقلار ھەممە كەنتلەرگىچە ئومۇملاشقان …

نوم مەندە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى، نوم ماڭا يېڭى

ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئاتا قىلدى، مەن نومنىڭ بۇگۈنىدىن ئۈنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم! مەن نومدىن خوشلىشىش ئالدىدا مۇنداق خىتاب قىلدىم:

— بوش كەلمەڭلار، نوملىقلار! سىلەرنى ئالەم تونىسۇن!!

2006 ـ يىل ئىيۇل، ئاراتۇرۇك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «ئالاھىدە كىشىلەر» ئارىسىدا 10 كۈن

## سەپەر خاتىرىلىرى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تىد-
لەك، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى ئېلىپ، خېلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ
خاربىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك 4 ـ نۆۋەتلىك
ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن
خەيرلىك سەپەرگە ئاتلانغان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 19
تەنھەرىكەتچى ۋە ترېنېر، يېتەكچى، خىزمەتچى خادىم، مۇخبىر
قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان 30 نەپەر كىشى 2006 ـ
يىلى 26 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 9 دا ئۈرۈمچى خەلقئارا
ئايروپورتىغا جەم بولدى.

— تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆردۈڭلار، ئۇلارنىڭ
ھەممىسى ئەقلى ئاجىزلار، كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆ-
زى چىقالمايدۇ. شۇڭا سىلەر ھازىردىن باشلاپ ھەم مۇخبىر،
ھەم ئۆمىكىمىزنىڭ خىزمەتچى خادىمى. تەنھەرىكەتچىلەر ھەم
ئۇلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىغا ئىگە بولۇش سىلەرنىڭمۇ مەسئۇلىيىد-
تىڭلار. شۇڭا سىلەرگىمۇ بىر كىشىلىكتىن ۋەزىپە بېرىمىز،
ماسلىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسى تەشۋىقات بۆلۈ-
مىنىڭ باشلىقى جۇ يوڭمىنىڭ ئايروپورتتا «شىنجاڭ گېزى-
تى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق
گېزىتى» دىن كەلگەن تۆت مۇخبىرغا ئېيتقان تۇنجى سۆزى.

دەرۋەقە، مەن ئۈرۈمچى ئايروپورتىنىڭ چوڭ زالىغا كى-

رىپ، بىز بىلەن سەپەرداش بولىدىغان تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن
كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى، يۈرۈش -
تۇرۇشى ۋە گەپ - سۆزلىرىگە قاراپ ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن
ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ئالاھىدە» كىشىلەر ئىكەنلىكىنى،
بولۇپمۇ ھەربىر تەنھەرىكەتچىنىڭ سومكا ۋە تەنھەرىكەت كېيىمىگە
ناھايىتى ئېنىق قىلىپ يېزىلغان يېتەكچى خادىملارنىڭ ئىسىم -
فامىلىسى، ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى ۋە ئادرېسى قاتارلىق-
لارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ياردەمگە موھتاج كىشىلەر
ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم. جۇ يوڭمىنىنىڭ سۆزلى-
رىنى ئاڭلاپ، خۇددى ئۇنتۇپ قالغان بىرنەرسىنى ئەسكە ئالغاز-
دەك بولۇپ، ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇلارغا بۇ ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا
چامىمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىش بۇرچۇمنىڭ بارلىقىنى تونۇپ
يەتتىم.

قىسقىغىنە باش قوشۇشتىن كېيىن، بىز ئۆمەكنىڭ يېتەك-
چى ۋە خىزمەتچى خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئىش تەقسىماتى
قىلىپ، يۈك - تاقلارنى توشۇشقا ھاۋالە قىلىش، تەنھەرىكەتچى-
لەر يېنىدا ئېلىۋالغان سومكىلارغا قاراش، تەنھەرىكەتچىلەرگە
مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قى-
لىش، بېلەت، كىملىك ۋە ئايروپىلانغا چىقىش كارتىلىرىنى
باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا كىرىشىپ كەتتۇق. تەقسىمات بو-
يىچە مەن «تەنھەرىكەتچىلەر قوشۇنى» غا «تۇرشاۋۇل» بولۇپ،
ئۇلارنى ساق - سالامەت ئايروپىلانغا چىقىرىشقا مەسئۇل بولدۇم.

ئىككى سائەتتىن ئارتۇق يۈقىرى - تۆۋەن قاتراپ، يۈك
تاقلارنى توشۇشقا ھاۋالە قىلىش، بېلەت تەكشۈرتۈش ۋە سۈغۇرتا
رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈش،
تەنھەرىكەتچىلەرنى خۇددى يەسلى باللىرىنى تىزغاندەك بىرمۇبىر
تىزىلدۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتقۇزۇپ ئايروپى-
لانغا ساق - سالامەت ئېلىپ چىققۇچە ھېرىپ ھالىمىزدىن كېتەيلا
دېدۇق.

ئاخىر بۇ ئىشلارمۇ ئوڭۇشلۇق تۈگەپ، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 11 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، جۇڭگو خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ «بوئىن — 777» تىپلىق غايەت زور ئايروپىلانى ئۈرۈمچى ئايروپورتىدىن قوزغىلىپ، شەرققە — بېيجىڭغا قاراپ ئۇچتى.

تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ماقالە يېزىش ۋە ئايروپورتتىكى ئىككى سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان قاتىلاڭچىلىق مېنى ئوبدانلا ھالىمدىن كەتكۈزگەن بولغاچقا، ئايروپىلانغا چىقىپ راسا بىر ئۇخلىۋېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپمۇ ئۈلگۈرگەنىدىم، ئەپسۇس، ئايروپىلان قوزغىلىپ ئون مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەي بۇ «شېرىن چۈش» بەربات بولدى. ئايروپىلان قوزغىلىپلا تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى مۇلازىملار باغلاپ قويغان بىخەتەرلىك تاسمىسىنى يېشىپ تاشلاپ ئايروپىلان بۆلۈمچىسى ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرسە، بەزىلىرى نېمىنىدۇر بىر نەرسىلەرنى تالىشىپ ئۆزئارا «خىرىس» قىلىشقا باشلىدى، يەنە بەزىلەر بولسا «بېشىم قېيىۋاتىدۇ»، «قۇسقۇم كېلىۋاتىدۇ» دەپ غەلۋە قىلغىلى تۇردى. ئەزەلدىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشقىلا ئادەتلەنگەن ئېلىلىق چىراي مۇلازىملار ناھايىتى تېزلا بۇ بالىلارنىڭ تازا «نورمال» ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن بىزگە ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى. بىز ئىلاجسىز يەنە بىر قېتىم ئىش تەقسىماتى قىلىپ، ھەربىرىمىز تۆت - بەشتىن تەنھەرىكەتچىگە مەسئۇل بولۇپ، يول بويى ئۇلارنى «جىم ئولتۇر!»، «قولۇڭنى تارت!» دەپ باشقۇرۇپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق.

ئۈچ يېرىم سائەتلىك سەپەردىن كېيىن ئۆمىكىمىز ئاخىرى بېيجىڭ «پايتەخت خەلقئارا ئايروپورتى» غا يېتىپ كەلدى. مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئايروپورتلارنىڭ بىرى بولغان پايتەخت ئايروپورتى كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ئادەمنىڭ كۆپلۈكى بىلەن

كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. ئۆمىكىمىز بۇ يەردە بەش سائەت-
تىن ئارتۇق توختاپ، ئاندىن بېيجىڭدىن خاربىنغا ئۇچىدىغان
ئايروپىلانغا ئالمىشاتتى. مانا بۇ ئادەم دېگىنى ئىچىدە بەش سائەت-
تىن ئارتۇق ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈپ، تەنھەرىكەتچىلەرنى قان-
داق قىلىپ خاربىنغا ساق - سالامەت ئېلىپ بېرىش ھەممەيلەن-
نىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان چوڭ ئىشقا ئايلاندى. چۈنكى، مۇبادا
بۇ يەردە سەللا بىخەستەلىك قىلساق، تەنھەرىكەتچىلەرنى يىتتۈ-
رۈپ قويۇش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. شۇنداق بولغاچ-
قىمۇ، بىز بۇ يەردە تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ، تەنھەرىكەتچى-
لەرگە تاماق بېرىش، يۈك - تاقلارنى قايتا توشۇشقا ھاۋالە
قىلىش، كولباسا، مىنېرال سۇ، نان تالىشىپ جېدەل قىلغانلار-
نىڭ غەلۋىسىنى بېسىش ۋە ھاجەتكە بارىدىغانلارنى قولىدىن يېتە-
لەپ ئاپىرىپ - ئەكېلىش قاتارلىق ئىشلارنى تەقسىمات بويىچە
خېلى ئوڭۇشلۇق تاماملىدۇق.

بىراق، «قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەك، بىز يۈز
بېرىشىنى خالىمايدىغان ئىش يەنىلا يۈز بەردى. پايتەخت ئايروپور-
تىنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ خاربىنغا بارىدىغان ئاي-
روپىلاننى ساقلاۋاتقان چېغىمىزدا، «ياڭ گۇەندى ئايروپىلانغا
چىقىش كارتىسى بىلەن كىملىكىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ» دېگەن
خەۋەر بىردىنلا ھەممىمىزنى دەككە - دۈككىگە سېلىۋەتتى. ئەم-
دى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئايروپىلانغا چىقىش كارتىسى بىلەن كىم-
لىك بولمىسا، ئايروپىلانغا چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئايروپىلان
كۈتۈش زالىدىن سىرتقا چىقىپ كېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
28 ياشلىق ياڭ گۇەندى بولسا ئۇ نەرسىلەرنى نەگە تاشلىۋەتكەن-
لىكىنى ئېيتىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بىر چەتتە
زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كىچىك بالىدەك مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى.
مۇخبىرلار بىلەن خىزمەتچى خادىملار ئورۇندۇقلارنىڭ ئاستىدىن
تارتىپ، ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىقىچە ئالا قويماي ئىزدەشكە

باشلىدۇق. بىراق، ئۇ نەرسىلەر ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى بارغانسېرى يېقىنلاۋاتاتتى. گېزىتىمىز مۇخبىرى لى شىڭ دەرھال بىر خىزمەتچى خادىمنى باشلاپ بىخەتەرلىك باشقۇرۇش تارماقلىرى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈش ئۈچۈن ماڭدى. ناھايىتى تېزلا رادىئودا ياڭ گۇەندى ئىسىملىك يولۇچىنىڭ ئايروپىلانغا چىقىش كارتىسى بىلەن كىملىكى يىتۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېلان بېرىلدى، بىراق بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىدى، مۇبادا يەنە ئامال بولمىسا، خىزمەتچى خادىمدىن بىرنى قوشۇپ، ياڭ گۇەندىنى مۇشۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ، باشقىچە چارە ئىزدەشتىن ئۆزگە يول يوق ئىدى، مۇشۇ تاپتا ھەممەيلەن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

بۇ قېتىم لى شىڭ ھالقىلىق رول ئوينىدى. بىز ئايروپىلانغا چىقىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، ئۇ يېڭىـدىـن بىجىرگەن ئايروپىلانغا چىقىش كارتىسى بىلەن ساقچى تەرەپنىڭ ئىسپاتنامىسىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. شۇندىلا ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى. ياڭ گۇەندىمۇ يىغىسىدىن توختاپ، كۆپچىلىككە ئەگىشىپ ئايروپىلان پەشتىقىغا قەدەم باستى...

بۇ قېتىمقى سەپەر ھەقىقەتەن ھەم جاپا ـ مۇشەققەتلىك، ھەم ئەھمىيەتلىك، ئۇنتۇلماس سەپەر بولدى، گەرچە ھەممەيلەن ھېرىپ ـ چارچىغان بولساقمۇ، لېكىن چىن كۆڭلىمىزدىن ئاشۇ ئالاھىدە بالىلارغا ئاز ـ تولا مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلالىغىنىمىزدىن خۇشال ئىدۇق. چۈنكى، ئۇلار پەقەت بىزنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئۆزلىرىگە مېھىر ـ مۇھەببەت، سۆيگۈ، ئىللىقلىق ئاتا قىلىشىغا، ئۆزلىرىنى چۈشىنىشىگە، ئۆز قوينىغا ئېلىشىغا، ئۆزلىرىگە ياردەم ھەم يار ـ يۆلەكتە بولۇشىغا تولىمۇ موھتاج. ئەنە شۇندىلا ئۇلار ئۆزلىرىنى قەدىر ـ قىممەتلىك، بەختلىك ۋە باشقىلار بىلەن باپباراۋەر ھېس قىلىدۇ، ئەلۋەتتە!

## ئالاھىدە ئولىمپىك ھەققىدە كونا - يېڭى خاتىرىلەر

مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇخبىرى سۈپىتىدە «خورازنىڭ قۇيرۇقى» دىن ئەچچە مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ «خورازنىڭ تاجىسى» غا كەلگىنىممۇ راست، «ئالاھىدە ئولىمپىك» دېگەن بۇ ئاتالغۇ توغرىسىدا ئانچە كۆپ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىم ئۇمۇ راست! ئۆزۈمگە «ئالاھىدە ئولىمپىك» توغرىسىدا ئاز - تولا بىرنەرسە «يۇقتۇرۇپ» بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەملىرىمنى بىلمەي ئەمەس، بىلىپ بېسىش مەقسىتىدە سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى بۇ گۈزەل شەھەرگە كېلىپ قىلغان تۇنجى ئىشىم مۇسابىقە تەشكىللىي كومىتېتى قارمىقىدىكى ئاخبارات مەركىزى مەخسۇس مۇخبىرلار ئۈچۈن تەييارلىغان كومپيۇتېرلاردىن بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى ئىزدەش بولدى. بىر كۈن ئەتىگەندىن - كەچكىچە «تىمىسقىلاپ» يۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى ئۆزۈم ئاز - تولا قانائەتلەنگۈدەك بىر نەرسىلەرنى تاپقانمۇ بولدۇم، بىراق بۇ نەرسىلەردىن ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز قانائەتلىنەمدۇ يوق، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، قېنى ئەمىسە، مەن ئېيتىپ باقاي، سىز ئاڭلاپ بېقىڭ:

«ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەخسۇس ئەقلىي جەھەتتىن مېيىپ كىشىلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان تەنتەربىيە پائالىيىتىدۇر».

مانا بۇ «ئالاھىدە ئولىمپىك» دېگەن سۆزگە بېرىلگەن خەلقئارادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان تەبىر.

«پۈتۈن دۇنيادىكى ئەقلىي جەھەتتىن مېيىپ كىشىلەرنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ساغلام كىشىلەر بىلەن باراۋەر

ئاساستا قاتنىشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش».

مانا بۇ ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ قانات يايدۇرۇشىنىڭ تۈپ مەقسىتى.

«ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشى، مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش ئىشى، قەيسەرانە روھ يېتىلدۈرۈش ئىشى، ھاياتلىققا ئۈمىد شاملىرىنى يېقىش ئىشى، ئاخىرقى ھېسابتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئىشى!»

مانا بۇ ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىلەر ۋە ئۇنى قوللىغۇچىلارنىڭ مەڭگۈلۈك شوئارى!

ھازىر دۇنيا بويىچە 170 مىليوندىن ئارتۇق ئەقلىي جەھەتتىن مېيىپ كىشى بار بولۇپ، بۇ پۈتۈن يەر شارىدىكى ئىنسانلار ئومۇمىي سانىنىڭ %3 ىنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، ھازىر يەر شارىدىكى ھەر يۈز ئادەمنىڭ ئۈچى ئەقلىي جەھەتتىن مېيىپ. ئېلىمىزدە 60 مىليوندىن ئارتۇق تۈرلۈك مېيىپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەقلىي جەھەتتىن مېيىپ كىشىلەر 12 مىليوندىن ئاشىدۇ. مانا بۇ قورقۇنچلۇق رەقەملەر ھەرقانداق بىر كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سېلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ۋۇجۇدى ئاز - تولا ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ۋىجدان ئىگىسىنى ئاشۇ ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن مېيىپ كىشىلەرنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى توغرىسىدا خىيال سۈرۈشكە ۋە باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، دۇنيا ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قانداق بارلىققا كەلگەن؟ بۇ ھېكايىنى ئامېرىكىدىن، كېنىنىدىلار ئائىلىسىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئامېرىكىلىق يۇسىف كېنىنىدى ئەر - خوتۇننىڭ توققۇز پەرزەنتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ قىزى، يەنى ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى يوھان كېنىنىدىنىڭ سىڭلىسى روسمارى كېنىنىدى

تۇغما ئەقلىي جەھەتتىن توسالغۇغا ئۇچراش كېسەلىگە گىرىپتار بولغان ئىدى. ئەر - خوتۇن كېنىندىلار ئۇنىڭ كېسەلىنى داۋالىتىپ، ساقايتىش مەقسىتىدە مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرىدۇ، بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئوپېراتسىيە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىپ، ئۆز ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن كېنىندىلار ئىلاجسىزلىقتىن قىزىنى ۋىسكاس شتاتىدىكى ئالاھىدە باللار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇنى بۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت تۇرغۇزۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. 1957 - يىلىغا كەلگەندە روسمارىنىڭ سىڭلىسى يۇنىس كېنىندى خانىم «كېنىندى فوندى جەمئىيىتى» نىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ ھەم بۇ فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، مەخسۇس ئەقلى ئاجىز كىشىلەرنى ئوبيېكت قىلغان تېببىي پەن تەتقىقاتى، مائارىپ ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەت نەتىجىلىرى بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

1963 - يىلى يازدا يۇنىس كېنىندى خانىم ھەدىسى روسمارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 35 ئەقلى ئاجىز كىشىنى تەشكىللەپ ئۆز ئۆيىنىڭ ئارقا گۈللۈكىدە ئۈچ ھەپتىلىك يازلىق لاگېر پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ. يازلىق لاگېر پائالىيىتىدە يۇنىس كېنىندى خانىم بۇ ئەقلى ئاجىز باللارنى تۈرلۈك تەنتەربىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرىدۇ. باللار بۇ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆزلىرى ئەزەلدىن ئېرىشىپ باقمىغان خۇشاللىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە، ماسلىشىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىدا ناھايىتى چوڭ ئىلگىرىلەش بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇكسەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. مانا

بۇ ئىشتىن كېيىن يۇنىس خانىم «ئەقلى ئاجىز كىشىلەرنى مۇ-
شۇنداق تەنھەرىكەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە كۆپلەپ
قاتناشتۇرغاندىلا، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئەۋزەللىكلىرى
چەكتە جارى قىلدۇرۇپ ئۇلارغا ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمەت
تۇيغۇسى ئاتا قىلغىلى بولىدىكەن» دەپ قاراپ يولدىشى شرايۋېر
ئەپەندىنىڭ قوللىشى بىلەن ئەقلى ئاجىز بالىلارنى تۈرلۈك تەنھە-
رىكەت پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەيدىغان بىر مەخسۇس بازا قۇرۇپ،
تېخىمۇ كۆپ ئەقلى ئاجىز بالىلارنى بۇنداق پائالىيەتلەرگە ئۇيۇش-
تۇرىدۇ.

1968 - يىلى 7 - ئايدا يۇنىس كېيىنىدى خانىمنىڭ زور
كۈچ سەرپ قىلىپ تەشكىللىشى بىلەن روياپقا چىققان تۇنجى
نۆۋەتلىك دۇنيا ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئامې-
رىكىنىڭ چىكاگو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇسابىقىگە ئىككى
دۆلەتتىن 1000 غا يېقىن تەنھەرىكەتچى قاتنىشىدۇ. تۇنجى نۆۋەت-
لىك مۇسابىقە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، يۇنىس
خانىم بۇ مۇسابىقىنى چوقۇم داۋاملىق ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىپ،
بۇ ئىشنى توپتوغرا 20 يىل داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل
قەيسەرانە روھى ۋە تىرىشچانلىقى ئاخىر خەلقئارا تەنتەربىيە ساھە-
سىدىكىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

1988 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلقئارا ئولىمپىك
كومىتېتىنىڭ رەئىسى سامارانچ ئەپەندى ئۆز قولى بىلەن تارىخىي
ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تۈرلۈك ھۆججەتكە ئىمزا قويۇپ، خەلقئارا
ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى خەلقئارا ئولىمپىك
كومىتېتىنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

خەلقئارا ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەسىس
قىلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىق
ۋە ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ مۇسابىقە
ھازىرغىچە 11 نۆۋەت ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىن-

قى ئون نۆۋەتلىكى ئامېرىكىدا، 11 ـ نۆۋەتلىكى ئېرلاندىيىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئېلىمىز 1987 ـ يىلىدىكى 7 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئالاھىدە ئولىمپىك مۇسابىقىسىدىن باشلاپ، بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا باشلىغان. 2007 ـ يىل 10 ـ ئايدا 12 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئېلىمىزنىڭ شاڭخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۆزگىچە مۇسابىقە تۈرى ھەر خىل تىل، ھەر خىل ئىرقتىكى كىشىلەرگە ئورتاق بولغان دۇنياۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان دۆلەت ۋە رايون ھەم كىشىلەر كۆپەيدى. مانا ھازىر بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان دۆلەت ۋە رايونلار ئەڭ دەسلەپكى ئىككىدىن كۆپىيىپ 160 نەچچىگە، ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەتچىلىرى دەسلەپكى 1000 دىن كۆپىيىپ 2 مىليون 250 مىڭغا، مۇسابىقە تۈرلىرى ئۈچتىن كۆپىيىپ 27 گە يەتتى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ھەرقايسى دۆلەتلەرمۇ ئۆز دۆلىتىدە مەملىكەتلىك ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى رەسمىي كۈنتەرتىپكە كىرگۈزدى. ئېلىمىز ھازىرغىچە جەمئىي تۆت نۆۋەت مەملىكەتلىك ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە 530 مىڭدىن ئارتۇق ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەتچىسىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. 2004 ـ يىلى باش شۇجى خۇ جىنتاۋ خەلقئارا ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئاپىرىدە قىلغۇچىسى يۇنىس كېنىنىدى خانىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قوبۇل قىلغاندا، ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى نۇقتىلىق قوللايدىغان ئۈچ چوڭ مۇسابىقە تۈرىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ بۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە سۆزى ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت ئىشلىرىنى پۈتكۈل جۇڭخۇا ئېلىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى...

## «جەڭگاھ» خاتىرىلىرى

گۈل ـ چېچەك ھەم دەل ـ دەرەخلەرگە پۈركەنگەن، ئۈستۈ-رىسىدىن ھەيۋەتلىك سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان گۈزەل شەھەر خاربىن ھەم ئوچۇق ـ يورۇق، مېھمان-دوست، سەمىمىي خاربىنلىقلار ھە دېگەندىلا بىزنى قىزغىن قار-شى ئالدى. بۇ دەل خاربىننىڭ يامغۇر پەسلى بولغاچقا، كۈندۈزى سىم ـ سىم، كېچىسى چېلەكلەپ قۇيغاندەك توختىماي يېغىپ تۇرىدىغان يامغۇر پۈتۈن شەھەردىكى ھەربىر ئىمارەت، ھەربىر گۈل ـ گىياھنى پاكىز يۇيۇپ تازىلىغاندىن باشقا، تەنھەرىكەتچى-لەر ئۈچۈن مۇسابىقىگە ماس كېلىدىغان ئاجايىپ سالقىن ھاۋانى بەخش ئەتكەنىدى.

ئۈچ كۈنلۈك مۇھىت ۋە مەيدانغا ماسلىشىش مەشقىدىن كېيىن، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى تەنھەرىكەتچىلەر ئۆزلى-رىنىڭ ئاساسلىق «جەڭ» مەيدانى بولغان گۈزەل سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى بويىغا جايلاشقان خاربىن سودا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇسا-بىقە مەيدانىدا 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەتىگەندە «جەڭ» نى رەسمىي باشلىۋەتتى.

ئالاھىدە ئولىمپىك مۇسابىقە مەيدانىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدى-لىكى شۇكى، تەلۋىلەرچە ۋارقىراش، قاقاقلاپ كۈلۈش، ھۆركى-رەپ يىغلاش بۇ يەردىكى ئاساسلىق سىمفونىيە ھېسابلىنىدۇ. ئۇچقاندەك تېز يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئارقىغا بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈش، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۆزىچە توختىۋېلىش، مەيدان-دىن چىقىپ كېتىش ياكى ئولتۇرۇۋېلىش قاتارلىقلار بۇ يەردە ھېچقانچە يېڭىلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە «جەڭ» گە چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسى «ئالاھىدە» كىشىلەر، ئۇلار ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋاللار ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇلار پەقەت باش-قىلارنىڭ ئۆزلىرىنى چۈشىنىشىگە، ئەپۇ قىلىشىغا، تەسەللى ۋە

مەدەت بېرىشكە موھتاج.
چۇشتىن ئىلگىرىكى مۇسابىقىدە 16 ـ 21 ياشلىقلار گۇرۇپ-پىسى بويىچە ئاياللارنىڭ 100 مېتىرغا يۇگۇرۇش مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن 17 ياشلىق خۇيزۇ قىزى سۇ تاۋ مۇكاپاتلاش سەھنىسىدىن چۇشۇپ، ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ تىرې-نېرى لى لىنى مەھكەم قۇچاقلاپ قاقاقلاپ كۇلۇشكە باشلىدى، بىراق ئۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپىدا مۇسابىقىگە چۇشۇپ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن سوي مىڭشيا بولسا ھۆركىرەپ يىغلاپ مەيداننى بېشىغا كىيدى، بۇ ئىش لى لىنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ نە كۇلۇشنى، نە قايغۇرۇشنى بىلمەي تەڭقىسلىقتا قالدى ھەم سۇ تاۋنىڭ قۇچىقىدىن تەسلىكتە ئاجراپ، سوي مىڭشياغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى، بىراق ئۇ يىغىدىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئەتراپتىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى، لېكىن ئۇ يىغىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.
چۇشتىن كېيىنكى ئەھۋال تېخىمۇ قىزىقارلىق بولدى. سوي مىڭشيا يىراقتا سەكرەش مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىد-شىپ، ئۇچرىغانلا كىشىگە مېدالنى كۆرسىتىپ، ئاغزى يۇمۇل-ماي كۇلگىلى تۇردى، 400 مېتىرغا يۇگۇرۇش مۇسابىقىسىدە نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن سۇ تاۋ بولسا، چىملىقتا ئولتۇرۇۋېلىپ تەنتەربىيە كىيىمى بىلەن بېشىنى چۇمكەپ يىغلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ يىغىسى سوي مىڭشيانىڭ چۇشتىن بۇرۇنقى يىغىسىدىنمۇ قاتتىق ئىدى.
مانا مۇشۇنداق قاقاقلاپ كۇلۇش، ھۆركىرەپ يىغلاشلارنىڭ يەتتە كۇنلۇك مۇسابىقە جەريانىدا پەقەت شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمى-كىدىلا قانچە قېتىملاپ تەكرارلانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىش ھەقىد-قەتەن قىيىن ...
قارا قاشلىق، قاڭشارلىق، يوغان قوي كۆزلۇك، 17 ياش-لىق ئۇيغۇر قىزى گۇزەلنۇر توختىروزى شىنجاڭ مېيىپلار كەس-

پىي تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدىن كەلگەن. گۈزەلنۇر بۇ يىل 6 ـ ئايدا ئۈرۈم-چىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئالا-ھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 100 مېتىر ۋە 400 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە ئىككى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، بۇ قېتىم-قى مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا تاللانغان. تولىمۇ جىمى-غۇر، كەم سۆز بۇ قىزچاق تۇنجى مەيدان 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە مىس مېدالغا ئېرىشىپ، تېخىمۇ جىمىپ كەتتى. بىراق، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن چۈشتىن كېيىنكى 400 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە باشقىچە قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىق-تى. رېپپېرنىڭ تاپانچىسىدىن «گۇم!» قىلغان ئاۋاز چىقىشى بىلەن تەڭ، ئۇ خۇددى كىرىچىدىن ئايرىلغان يا ئوقىدەك مەنزىلگە قاراپ ئېتىلىپ، كۈچلۈك رەقىبلىرىنى ناھايىتى تېزلا خېلى ئارقىدا قالدۇردى ھەم ئاخىرقى پەللىگە تۇنجى بولۇپ يېتىپ كەلدى.

ئۇنىڭ بۇ مەيدان مۇسابىقىدىكى ئىپادىسى ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇردى، ھەتتا باشقا ئۆمەكتىكىلەرمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

گۈزەلنۇر ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ، مۇكاپات سەھنىسىدىن چۈشكەندىن كېيىن، مەن تۇنجى بولۇپ ئۇنى زىيارەت قىلدىم:

— دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— دېھقان، تۇگەپ كەتتى.

— قاچان؟

— مەن تەتىلدە بارسام تۇگەپ كېتىپتۇ.

— ئاپىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ھاۋاخان.

— قانچە ياشقا كىردى؟

— ...

— قانچە مو يېرىڭلار بار؟
— بىلمەيمەن.
— ئۆيىڭىزگە تېلېفون بېرىپ، ئاپىڭىزغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويالىمۇ؟
— بىزنىڭ ئۆيدە تېلېفون يوق.
— قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىمۇ يوقمۇ؟
— بىلمەيمەن.

مەن ئۇنى تولىمۇ ھاياجان بىلەن زىيارەت قىلغانىدىم، بىراق ناھايىتى تېزلا كۆڭلۈم غەشلىككە چۆمدى. مۇشۇنداق بىر چىرايلىق، قاملاشقان قىزچاق نېمىدەپ ...

بىراق، مەن يەنىلا ئۇنىڭغا، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق ئەقلى ئاجىز كىشىلەرگە چىن دىلىمدىن خۇشاللىق، ئۇتۇق ھەم بەخت تىلىدىم.

مۇسابىقىنىڭ تۈنجى كۈنىلا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يېڭىنىڭ ئاتلېتىكا تۈرىدە بەش ئالتۇن مېدال، تۆت كۈمۈش مېدال ۋە ئىككى مىس مېدالغا ئېرىشىپ، مۇخبىرلار كۆڭۈل بۆلىدىغان «قىزىق نۇقتا» غا ئايلىنىپ قالدى. مۇسابىقە ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، تىكتاك توپ، دۇگىلەتمە توپ قاتارلىق تۈرلەردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن خۇش خەۋەر تارقىلىشقا باشلىدى، مېدال كۆپەيگەنسېرى كۈلكىلەرمۇ كۆپەيدى، بىراق يىغىلارمۇ توختاپ قالمىدى ...

4 - ئاۋغۇست بۇ نۆۋەتلىك ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. ئاخىرقى نەتىجە شۇكى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 7 ئالتۇن مېدال، 12 كۈمۈش مېدال، 11 مىس مېدالغا ئېرىشتى. بۇ يەردە شۇ نەرسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۇمكى، بۇ نۆۋەتلىك ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئېلىمىزنىڭ ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ

چوڭ، قاتناشقان تەنھەرىكەتچى ئەڭ كۆپ، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ساپاسى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر قېتىملىق مۇسابىقە بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 1400 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى قاتناشقان مۇشۇنداق كەسكىن «جەڭ مەيدانى» دا ئاران 19 ماھىردىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بۇنداق چوڭ نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشى يالغۇز تەنھەرىكەتچىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى چەكسىز پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمدۈردى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، مېدالغا ئېرىشكەن ھەربىر تەنھەرىكەتچىنىڭ شادلىق كۈلكىسىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۈلكىسى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

شۇنداق، مۇسابىقىگە قاتناشقان ھەربىر تەنھەرىكەتچى ئۈچۈن مېدال تولىمۇ قىممەتلىك، ئەمما بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەممىدىن قىممەتلىكى بۇ «ئالاھىدە» كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىشى ۋە مۇشۇنداق سورۇنلاردا ئۆزىنى نامايان قىلىش روھى. مانا مۇشۇ روھ ئۇلارنى ھاياتلىقتىن ئۆزىگە تېگىشلىك خۇشاللىق ئىزدەشكە، ئۆز قەدرى - قىممىتىنى نامايان قىلىشقا ۋە تۇرمۇشتىن ئۆزگىچە مەنە تېپىشقا ئۈندەيدۇ، ئەلۋەتتە!

## «جەڭگاھ» سىرتىدىكى خاتىرىلەر

شۇنىسى ئېنىقكى، ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ باشقا تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە ئوخشاشمايدىغان «ئالاھىدە» تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئالاھىدە تەرەپلىرى مۇسابىقە مەيدانىدىلا ئەمەس، بەلكى مەيدان سىرتىدىمۇ ناھايىتى روشەن گەۋدىلىنىدۇ. مەيدان سىرتىدىكى باشقا ئىشلار توغرىسىدا مۇخبىرلىق خاتىرەمگە چۈشۈرۈۋالغان نۇرغۇن خاتىرىلەر ئىچىدىن ئۆزۈمگە كۈچلۈك تەسىر قىلغان تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنى



www.uyghurkitap.com

ھېكايە قىلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم. ئېھتىمال، بۇ خاتىرىلەر سىلەرنىڭمۇ يۈرەك تارىڭلارنى ئاز - تولا چەكسە ئەجەب ئەمەس!

مۇسابىقىنىڭ تۇنجى كۈنى شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى خارىبىن سودا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆز كارامەتلىرىنى نامايان قىلىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان مىنۇتلاردا، ماڭا بىر تەرەپتىن بۇ ئالاھىدە تەنھەرىكەتچىلىرىمىزنىڭ قەيسەرانە ئېلىشىش روھى كۈچلۈك تەسىر قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تەنھەرىكەتچىلەرگە ئۆز ئاتا - ئانىلىرىغا ئوخشاش غەمخورلۇق قىلىۋاتقان ترېنېرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا خۇددى چىراغ تۈۋىدىكى پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرگەن بىر توپ ئانىلار مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزلىرىگە رام قىلىۋالدى.

— ساغلام تەنھەرىكەتچىلەرگە بىر ھەرىكەتنى بىرقانچە قېتىملا چۈشەندۈرسىڭىز بىلىۋالالايدۇ، لېكىن بۇ بالىلارغا ئوندىلاپ، يۈزلەپ چۈشەندۈرسىڭىزمۇ يەنىلا ئۆزى بىلگەننى قىلىۋېرىدۇ.

شىنجاڭ مېيىپلار كەسپىي تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى لى لى زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغاندا، تۇنجى سۆزىنى ئەنە شۇنداق باشلىدى.

29 ياشلىق لى لى بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىدە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن يېنىك ئاتلېتىكا تۈرىدىكى مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىدىغان 11 تەنھەرىكەتچىگە ترېنېر بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەن. ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن قىزىنى ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپ، ئېغىر ھەم شەرەپلىك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، «جەڭ» گە ئاتلانغان لى لى بۇ يەرگە كېلىپلا 11 بالىغا ھەم ئانا، ھەم ئاتا بولۇپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن يېتىپ - قوپۇش ۋە تاماقتا بىللە بولۇش، ئۇلارنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغۇزۇش، تاماق يېگۈزۈش، مەشىق قىلدۇرۇش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، جېدەل -

ماجىرا قىلغانلارنى ئۆزئارا ياراشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ روھىي كەي-
پىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش قاتارلىق باش ـ ئاخىرى چېنىقماس ئىش-
لار ئۇنى ھە دېگەندىلا ئوبدانلا ھالىدىن كەتكۈزدى. بولۇپمۇ
مەشىق مەيدانىدىكى تېخنىكىلىق قائىدىلەرنى بىرمۇبىر ئۆگىنىش
بىلەن ئەزەلدىن ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئەركىلەپ چوڭ بولغان بۇ
«ئالاھىدە» بالىلارنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى
ئەڭ ياخشى روھىي كەيپىياتتا مۇسابىقىگە ئاتلاندۇرۇش ئۇنىڭ
ئۈچۈن بەكمۇ قىيىنغا توختىدى. ھەر كۈنى سەھەردە بالىلاردىن
بىر سائەت بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، كەچتە ئەڭ ئاخىرقى بىر
بالىنى ئۇخلىتىۋەتكەندىن كېيىن، ياستۇققا باش قويۇش ئۇنىڭ
جىسمانىي كۈچىنى ئوبدانلا خوراتتى.

بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىدە لى لى ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى
كۆرۈپ، ياخشى نەتىجە قازاندى. لېكىن، خاربىندا ئۇنىڭ يەنە
ئۆزىگە خاس ئەپسۇسلۇقلىرىمۇ قالدى. بۇنىڭ بىرى، ئۇ ئاشۇ
بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن دەپ، خاربىن شەھىرىدە ئۆت-
كۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابى-
قىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش
يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۆز ھاياتىدا ئېرىشكەن ئەڭ كاتتا شان ـ
شەرەپ بولغان «مەملىكەت بويىچە ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت
خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن خەتلەر يېزىلغان شەرەپ
گۇۋاھنامىسىنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن مەھرۇم
قالدى. يەنە بىرى، ئۇنىڭ ئاشۇ كەپسىز 11 «بالا» سى ئۇنى
مۇسابىقە ئارىلىقىدىن بىر قانچە سائەت ۋاقىت چىقىرىپ، خاربىن-
نىڭ «قۇياش ئارىلى»، «يولۋاس باغچىسى»، «سۇڭخۇاجياڭ
دەريا ساھىلى» قاتارلىق مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىغا داڭلىق
گۈزەل سەيلىگاھلىرىنى كۆرۈش ۋە بۇ يەرلەردە بىرەر پارچە
خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلدى. ئۇنىڭ
خاربىندىكى ئون كۈنى پۈتۈنلەي ياتاق بىلەن مۇسابىقە مەيدانى

ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈپ، بالىلارنىڭ تامىقىنى يېگۈزۈش، كىيىمىنى كىيگۈزۈش، بەدىنىنى ئۇۋۇلاش ۋە ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلۈش، تەڭ قايغۇرۇش بىلەنلا ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا سۇڭخۇاجياڭ بويىدىن تەڭرىتاغ ئېتىكىگە تولىمۇ خۇشال، تولىمۇ مەردانە قىياپەتتە قايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېرىشكەن ئۇتۇق ھەم شان - شەرەپلىرى ئاشۇ ئەپسۇسلىنىقلىرىدىن نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە ئېشىپ كەتكەنىدى.

ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى «ئاتا - ئانىلار قوشۇنى» نى بۇ مۇسابىقىدىكى يەنە بىر «ئالاھىدە قوشۇن» دېسەك ھەرگىز مۇبالىغە بولماس. ئېگىلىنىشىچە، ھەر نۆۋەتلىك ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتى مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلارغا ھەمراھ بولۇپ، مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغان جايغا كېلىشىگە رۇخسەت قىلىدىغان بولۇپ، بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىگە مەملىكەت بويىچە 300 دىن ئارتۇق ئاتا - ئانا پەرزەنتلىرىگە ھەمراھ بولۇپ خاربىنغا كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى پارس ئېرپان، لۇ جۈەن، شېن شىن، ياڭ گۈەندى قاتارلىق تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ بار ئىدى.

مانا بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇسابىقە مەيدانىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ھەربىر ئىش - ھەرىكىتى مەندە ئۇلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك ھۆرمەت ۋە قايىللىق تۇيغۇسى قوزغاپ، ئىختىيارسىز ھالدا مېنى ئۇلارغا ئاپىرىن ۋە مەدەت ئوقۇشقا ئۈندىدى:

دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئانا ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىنىڭ ئالىم، مۇتەخەسسىس، دوكتور، چولپان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، قىسقىسى، باشقا ھەرقانداق بالىدىن ساغلام، ئەقىللىق، ئۆتكۈر بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇكى، ھەرگىز جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن مېيىپ، كەمتۈك، ئاجىز بولۇشىنى

خالىمايدۇ. ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، مۇبادا تەق-
دىر ـ قىسمەت تۇپەيلىدىن پەرزەنتى مېيىپ، لېكىن ئوغۇلسا،
ئۇلار يەنىلا پۈتۈن مېھىر ـ مۇھەببىتى ۋە سۆيگۈسىنى، ھەتتا
باشقا پەرزەنتلىرىگە ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغان بارلىق نەرسىسىنى
شۇ مېيىپ پەرزەنتلىرىگە بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ،
سۆيىدە ئاقىدۇ. قان ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ كەلگۈسى
ئىستىقبالى ئۈچۈن ھاياتلىق خەرىتىلىرىنى سىزىدۇ. مانا بۇ
ئەلمىساقتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قىل سىغماس ھەقىقەت.
مەن سۆھبەتلەشكىنىمنىڭ بويىدا يۇقىرىقى سۆزلىرىمنى ئەمەلىي
ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلاۋاتقان بىر پىداكار ئانىنى ئۇچرات-
تىم، ئۇ ئاتۇش شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 30 يىللىق
ستاژىغا ئىگە تۆھپىكار باغۋىنى گۈلنىسا زۇنۇن خانىم. ئۇنى
جۇڭگو خەرىتىسىنىڭ ئۇ بۇرجىكىدىن بۇ بۇرجىكىگە ئەنە شۇ
ئانىلىق مېھرى «ئۇچۇرۇپ» كەلگەنىدى.

ئاتا ـ ئانىنىڭ ھاردۇقى نەدىن چىقىدۇ؟ ئۆز پەرزەنتىنىڭ
نەتىجە ۋە ئۇتۇقلىرىدىن چىقىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، گۈل-
نىسا خانىم بىلەن يولدىشى ئېرپان ئەپەندىنىڭ ھاردۇقى خارىبىدا
چىقتى دېسەك ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. ئۈچ ئوغۇلنىڭ
ئاتا ـ ئانىسى بولغان بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ئىككى ئوغلى
ئىسرائىل بىلەن ئىسراپىلنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتۇپ،
جەمئىيەتكە يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقىدىن تولىمۇ
پەخىرلەنسىمۇ، بىراق تەقدىر ـ قىسمەت تۈپەيلىدىن ئەقلىي جە-
ھەتتىن تۇغما مېيىپ بولغان كىچىك ئوغلى پارس 20 يىل
مابەينىدە ئىزچىل تۇردە ئۇلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەپ،
قەلبىنى ھەسرەتكە چۆمدۈرۈپ كەلگەنىدى.

پارس ئېرپان كىچىكىدىنلا توپ تېپىش، ۋېلسىپىت مى-
نىش، يۈگۈرۈش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە تولىمۇ ھې-
رىسمەن ئىدى. بۇ يىل 6 ـ ئايدا ئۇ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق

مىيىپلار بىرلەشمىسى، تەنتەربىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار-نىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، يىنىك ئاتلېتىكا تۈرىدە ئىككى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئالاھىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇ-سابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. ئوغلىدىن تازا خاتىرجەم بولالمىغان ئانىمۇ پۈتۈن خىراجەتنى ئۆزى چىقىرىپ، بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، زور ئۈمىد ۋە ئارمانلار بىلەن خاربىنغا كەلدى.

مۇسابىقىنىڭ تۇنجى كۈنى پارس ئېرپان 400 مېتىرلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە رەقىبلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئا-خىرقى پەللىگە تۇنجى بولۇپ يېتىپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا ئوغلىنىڭ «جەڭ» غەلىبىسىگە تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئانا قۇچاق-لىرىنى كەڭ يېيىپ، ئېتىلغىنىچە ئوغلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، چىڭ قۇچاقلىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان مارجاندەك كۆز ياشلى-رى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ، پەسكە قاراپ سىيرىلىپ چۈشتى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ھەرگىز گۈلنىسا خانىمنىڭ ئوغلى پارس ئۈچۈن تۆككەن تۇنجى كۆز يېشى ئەمەس، بەلكى بۇ كۆز ياشلار ئۇ ئوغلى دۇنياغا كۆز ئاچقاندا، ئوغلىنىڭ باشقا نورمال بالىلار-دىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا، ئۆزىۋۇن تۈنلەردە مۇشۇ ئاجىز ئوغلىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈستىدە غەم ـ ئەندىشىگە چۆككەندە تۆككەن ياشلىرىنىڭ داۋامى بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ تاپتا ئۇ 20 يىل مابەينىدە يۈرەك پارىسى پارس ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قانچە قېتىم ـ لاپ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرەلمەس-لىكىمۇ مۇمكىن. بىراق، بۈگۈنكى بۇ كۆز يېشى ئىلگىرىكى كۆز ياشلىرىغا ھەرگىز ئوخشاشمايدۇ. ئىلگىرىكى كۆز ياشلىرىغا ھەسرەت ـ نادامەت، غەم ـ قايغۇ ۋە ئېچىنىش ـ ئۆكۈنۈشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئاچچىق تەمى سىڭگەن بولسا، مانا بۇگۈنكى بۇ كۆز ياشلىرىغا شادلىق، بەخت، غەلىبە ۋە تەنتەنىنىڭ شېرىن تەمى سىڭگەن. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇ مۇشۇ مىنۇتلاردا ئاۋازىنى بارىچە قويۇۋېتىپ، تازا بىر قانغۇچە يىغلىۋېلىشقا تامامەن ھەقلىق.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پارس ئېرپان يەنە بىر قېتىم كارامىتىنى نامايان قىلىپ، ئەرلەرنىڭ يىراقتا سەكرەش مۇسابىقىسىدە يەنە بىر قىممەتلىك ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى ئالتۇن مېدال، ئىككى مىس مېدالنىڭ ساھىبى بولۇپ، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بويىچە ئەڭ كۆپ مېدالغا ئېرىشكەن، شۇنداقلا ئىككى ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن بىردىنبىر ماھىر بولۇپ قالدى. مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن مۇخبىرلار ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنى «قورشاۋ» غا ئېلىۋېلىپ، بەس ـ بەستە سۈرەتكە تارتىپ ۋە سوئال سوراپ، ئۇنى چولپانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

مەن ھەر قېتىم پارس ئېرپان ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ كەلگەن ۋە ياكى مۇكاپات سەھنىسىگە چىقىپ مېدال تاپشۇرۇۋالغاندا، ياندا تۇرۇپ گۈلنىسا خانىمنى كۆزەتتىم. ھەربىر خۇشاللىق پەيتلىرى يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا تۇنجى قېتىمقىغا ئوخشاش ھاياجانلىق كۆز ياشلىرى گويا يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك توختىماي سىيرىلىپ چۈشەتتى، ئۇ خۇددى پۈتۈن ئائىلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئاشۇ تولىمۇ ئىللىق باغرىغا مۇجەسسەم قىلغاندەك، ئوغلىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، پېشانە ۋە مەڭزىلىرىگە توختىماي سۆيەتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوغلىغا ئاتىۋەتكەن مېھىر ـ مۇھەببىتى بەكمۇ چوڭقۇر ھەم چەكسىز ئىدى...

مەن يەنە لۇ جۈەن، شېن شىن، ياڭ گۈەندى قاتارلىق تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ گۈلنىسا خانىمنىڭكىگە ئوخشاش تەپچىپ تۇرغان ئوتلۇق مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق ھارارەتلىرىنى تالاي قېتىم ھېس قىلدىم.

ئەپسۇسكى، بۇلارنى قەلىمىم ئارقىلىق بىرمۇبىر يەتكۈزۈپ بې-رىشكە ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلدىم. لېكىن، شۇنىڭغا ئىشىنى-مەنكى، بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ، ياق! پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پارس، لۇ جوەن قاتارلىقلارغا ئاتا قىلىدىغان ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببىتى مەڭگۈ كۈچەيسە كۈچەيدۇكى، ھەرگىز ئاجىزلىمايدۇ.

بىزنى ئۆزىنىڭ سىم - سىم يامغۇرى بىلەن كۈتۈۋالغان خاربىن ئوخشاشلا يەنە سىم - سىم يامغۇرى بىلەن ئۇن - تىنسىز ھالدا ئۇزىتىپ قويدى. 5 - ئاۋغۇست كەچتە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 19 قىز - يىگىت غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمگەن ھالدا 30 مېدالنى ئېلىپ، غەربكە — تەڭرىتاغ باغرىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار ئاخىرقى قېتىم ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىغا قاراپ، ئىختىيارسىز ھالدا مۇنۇلارنى خىتاب قىلىشتى:

— خەيرخوش، گۈزەل خاربىن! خەيرخوش، سۇڭخۇاج-ياڭ! تۆت يىلدىن كېيىن فۇجۇدا كۆرۈشەيلى!

2006 - يىل ئاۋغۇست، خاربىن، داليەن، چىڭداۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# «ئارمان» دىن چاقنىغان مەرىپەت نۇرى

ئالتۇن كۈزدە ئانا دىيار قەشقەرنىڭ باغلىرىمۇ، هويلا ـ ئاراملىرىمۇ، كوچا ـ كويلىرىمۇ، ئېتىز ـ قىرلىرىمۇ، ئىشقىلىپ، هەممىلا يېرى تولىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرىپ، كىشىگە ئاجايىپ بىر ئاسايىشلىق مەنزىرىنى ئاتا قىلىدۇ. هەممىلا يەرنى مەمۇرچىلىق، مول هوسۇل شادلىقى قاپلاپ، ناغرا ـ سۇناي سادالىرى كۆكتە ياڭرايدۇ. مانا مۇشۇنداق چاغلاردا مەن بۇ خىسلەت هەم تىلسىملارغا باي تۇپراققا قەدەم بېسىپ، تولىمۇ خاسىيەتلىك هەم ئەهمىيەتلىك بىر ئىشنىڭ شاهىتى بولدۇم.

10 ـ سېنتەبىر سەهەردە، قەشقەر يېڭىشەهەر ناهىيە بازىردىكى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش ۋە ئەر ـ ئايال ئەسلىدىكى ناهىيىلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قورۇسىدا ياڭرىغان يېقىملىق ناغرا ـ سۇناي ساداسىنىڭ سېهرىي كۈچى بىلەن ئىختىيارسىز قىلىۋاتقان ئىش، يەۋاتقان تاماقلىرىنى تاشلاپ، ئۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. بۇ نېمە تەنتەنە؟ هە، راست، بۈگۈن 22 ـ قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى ئەمەسمۇ؟! قارىغاندا، ئوقۇغۇچىلار مېهنەتكەش ئۇستازلىرىنىڭ بايرىمى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ قېنى، ئۇنداق بولسا بىزمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ بېرىپ كۆرۈپ باقايلى.

دەرۋەقە، مەكتەپ قورۇسى ئاجايىپ قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن بولۇپ، گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن قورۇ يېپيېڭى مەكتەپ فورمىسى كىيگەن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئاتا ـ ئانىلار ۋە مېهمانلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بۇ يەرگە توپلانغان كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ

سەبىي غۇنچىلارنىڭ چىھرىدە ئەكس ئەتكەن شادلىق جىلۋىلىرى بۈگۈن بۇ يەردە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرسە، مەكتەپ بىناسىنىڭ ئۈستىگە تارتىلغان قىزىل رەڭلىك پلاكاتقا يېزىلغان «يېڭىشەھەر ناھىيە ‹ئارمان› باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمى» دېگەن چوڭ - چوڭ خەتلەر شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇش، ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، مائارىپنى قوللاش ۋە جەمئىيەتكە مېھىر - شەپقەت ئاتا قىلىش يولىدا باسقان يەنە بىر خاسىيەتلىك قەدىمىنىڭ بۈگۈن بۇ يەردىن باشلىنىدىغانلىقىنى ئەل - جامائەتكە ئۈن - تىنسىز جاكارلاپ تۇراتتى.

ئۇرۇمچى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 9 دا شىنجاڭ «ئارمان» كەسپىي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى، قابىل ياش كارخانىچى رادىل ئابلا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەكبەر غوپۇر قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوتتاشتەك قىپقىزىل پاياندازسېلىنغان مەكتەپ قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار چەكسىز شادلىق ئىلكىدە ناغرا - سۇناي پەدىلىرىگە كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. بولۇپمۇ، باش دىرېكتور رادىل ئابلا بىلەن ۋالىي ئەكبەر غوپۇر يېڭىشەھەر ناھىيە «ئارمان» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يوپۇقىنى ئاچقاندا، 650 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوللىرىدىكى گۈللەرنى توختىماي پۇلاڭلىتىپ، ئۆزلىرىنى ئىختىيارسىز يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈۋەتتى. رەئىس سەھنىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىشقان، يىراق - يېقىندىن مۇشۇ پائالىيەت ئۈچۈن بۇ يەرگە ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلغان مېھمانلار ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ شادلىقىغا جور بولۇش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كەلگەن «چاقىرىلمىغان مېھمان» لارمۇ قەلبىدىكى ھاياجانلىرىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، توختىماي چاۋاك چالماقتا ئىدى.

مۇشۇ تاپتا، ھەممە ۋۇجۇد ئىگىسىنىڭ قەلبىدە ھاياجان ھېسلىرى مەۋج ئۇرۇپ، چېھرىدە شادلىق جىلۋىلىرى باھار ئاپتىپىدەك نۇر چاچماقتا ئىدى ...

يۆلەكسىزنى يۆلىگەنلەر ياشىسۇن،
يۆگەكسىزنى يۆگىگەنلەر ياشىسۇن.
ئۆزى ئالماي گۆھەر ياغسا ئاسماندىن،
ئەلگە يامغۇر تىلىگەنلەر ياشىسۇن.

تەبرىكلەش پائالىيىتىدە رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرى تۈگەپ، مەكتەپ سەنئەت كۇرۇژوكىدىكى ئوقۇغۇچىلار تەييارلىغان سەنئەت نومۇرلىرى باشلانغاندا، 6 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى پىرقەتجان ئابلەت خۇددى چوڭ ئادەملەردەك قولىغا دۇتار ئېلىپ، سالماق قەدەملەر بىلەن سەھنىگە چىقىپ ئورۇندىغان «ياشىسۇن» دېگەن بۇ ناخشا ھەممەيلەننىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىپ، قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

ناخشىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىغا ئەگىشىپ، سەھنىدىكى رادىل ئابلانىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەشتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان رەپىقىسى مۇنەۋۋەر خانىم بولسا مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى قولياغلىقى بىلەن توختىماي سۈرتمەكتە ئىدى. خوش، مۇنەۋۋەر خانىمنىڭ كۆز ياشلىرىنى جاھاندىكى بارلىق ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆرگەندە تۆكىدىغان ھاياجانلىق ياشلىرى دەپ بىلەيلى، ئۇنداقتا، 1000 دىن ئارتۇق «ئارمانلىق» نىڭ «ئاتامانى» بولغان قەيسەر ئىرادىلىك كارخانىچى رادىل ئابلانىڭ كۆز چاناقلىرىدا پەيدا بولغىنى زادى قانداق ياش؟

11 يىل ئىلگىرى «تۆمۈر تاۋاق» نىڭ «ئىسسىق مېھرى» دىن ۋاز كېچىپ، بار ـ يوقى 3000 يۈەن بىلەن ئىگىلىك

تىكلەش يولىغا ماڭغان بۇ ئەزىمەت «ئارمان» شىركىتىنى بۈگۈنكىدەك 13 تارماق شىركىتى، 1000 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، مەھسۇلاتى 150 خىلدىن ئاشىدىغان، خەلقئاراغا يۈزلەنگەن زامانىۋى كارخانا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا قانچىلىك جاپا - مۇشەققەت ۋە ئېغىر قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن؟ ئەنە شۇ قىيىنچىلىق، مۇشەققەت ۋە دىشۋارچىلىقلار ئالدىدا كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش ئاققۇزۇپ باقمىغان بىر ئەركەك بۈگۈن نېمىشقا چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ؟

ئېھتىمال بۇ سوئاللارغا مۇشۇ تاپتا پەقەت رادىل ئابلا ئۆزىلا جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن...

مەن پىرقەتجان سەھنىدىن چۈشۈشى بىلەن تەڭ، ئۇنى زىيارەت قىلدىم.

— بىز تېلېۋىزوردىن «ئارمان» مەشرىپىدە ئارمان شىركىتىدىكى تاغا - ھەدىلەرنىڭ مەكتىپىمىزگە نۇرغۇن پۇل بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولغانىدۇق، بۇ قېتىم ئۇلار بىزگە كىيىم - كېچەك ۋە ئوقۇش قوراللىرىنى ئېلىپ كەپتۇ. شۇڭا بىز ئۇلارغا ئاتاپ بۇ سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلىدۇق، بىز چوقۇم ياخشى ئوقۇپ، كەلگۈسىدە رادىل داداشقا ئوخشاش قابىلىيەتلىك ئادەم بولىمىز.

سەنئەت نومۇرلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رادىل ئابلا قاتارلىقلار يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئادىلجان ئابدۇرېشىتنىڭ ھەمراھلىقىدا سىنىپ ۋە ئىشخانىلارنى ئارىلىدى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلاردىن شىركەت ھەل قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك قانداق قىيىنچىلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىرمۇبىر سورىدى.

ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى بۇ پائالىيەتتە يېڭىشەھەر ناھىيە «ئارمان» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئەركىن سايىتنى ئەڭ ئال-

دىراش كىشى دىيىشكە بولاتتى. گەرچە ئۇ تاڭ سەھەردىن چىڭقىر-
چۈشكىچە يۇقىرى - تۆۋەن، ئوڭ - سولغا تولا قاتراپ ھېرىپ
ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، كەيپى تولىمۇ چاغ ئىدى. ئۇ زىيارە-
تىمنى قوبۇل قىلىپ مۇنداق دېدى:

— بۇگۈن مەكتىپىمىزدىكى 650 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى
ۋە 40 قا يېقىن ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدى-
غان قۇتلۇق بىر كۈن بولدى. چۈنكى، بىز بۈگۈن شىنجاڭ
«ئارمان» شىركىتىدىن ئىبارەت بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە داۋام-
لىق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدىغان ياخشى يۆلەككە ئىگە بولدۇق.
بىز «ئارمان» شىركىتى تۇنجى قېتىمدا بەرگەن 250 مىڭ يۈەن
مەبلەغدىن پايدىلىنىپ، كۆلىمى 400 - 500 كۋادرات مېتىر
كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ، كۆپ ۋاستىد-
لىك ئوقۇتۇش سىنىپى، تەجرىبىخانا، كۇتۇپخانا قاتارلىقلارنى
قۇرىمىز.

— ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇلۇشىدا قاچان ئىش
باشلىنىدۇ؟

— ھازىر بارلىق تەييارلىقلار پۈتتى. 9 - ئاينىڭ 20 -
كۈنى ئىش باشلايمىز.

— كېيىنكى قەدەمدە يەنە قانداق پىلانىڭلار بار؟

— ناھىيىمىز دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە، گەرچە
ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئۇنۇم-
لۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەبلەغ جەھەتتە
بىزدە بىر قىسىم قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت، شۇڭا بىز «ئارمان»
دىن ئىبارەت ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك كارخانىنىڭ
مەكتىپىمىزگە ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت پاي-
دىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كېيىنكى قەدەمدە مەكتەپ مەيدا-
نىنى ياساش، پارتا - ئورۇندۇقلارنى يېڭىلاش، ئوقۇتۇش ئەسلى-

ھەلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىپ، مەكتە-پىمىزنى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ قىلىپ قۇ-رۇپ چىقىشقا تىرىشىمىز!

مەن ئاخىرىدا رادىل ئابلانى بۇگۇنكى مۇراسىم توغرىسىدا ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

— بۇگۇن بۇ يەرگە كېلىپ، يېڭىشەھەر «ئارمان» باشلان-غۇچ مەكتىپىدىكى 700 گە يېقىن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى بىلەن بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ تولىمۇ ھاياجانلاندىم. «ئارمان» شىر-كىتى ئۆتكەن يىلى سېنتەبىردە خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزىسىدا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تۇنجى «ئارمان» باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرغاندا، مەن بىزنىڭ يەنە بىر نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئون «ئارمان» مەكتىپى قۇرىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا جەمئىيەتكە ئوچۇق - ئاشكارە ۋەدە بەرگەنىدىم. بۇگۇن بۇ يەردە ئىككىنچى «ئارمان» مەكتىپىنىڭ يوپۇقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاچتۇق. دېمەك، يەنە 700 گە يېقىن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى «ئارمانلىق»لار قوشۇنىغا قوشۇلدى. ئۇلار «ئارمان» شىركىتىنىڭ مەڭگۈ ئاي-رىلماس بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

— ئاڭلىسام، «ئارمان» شىركىتى بۇ مەكتەپكە سالغان مەبلەغ ئىچىدە شىركەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئىئانە قىلغان پۇلمۇ بار ئىكەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، بىز ئەسلىي يېڭىشەھەر ناھىيە «ئارمان» باش-لانغۇچ مەكتىپىگە تۇنجى قەدەمدە 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش-نى پىلانلىغان ئىدۇق. ئويلىمىغان يەردىن، شىركەتنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى 80 گە يېقىن باش ۋاكالەتچىلىرى ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، 80 مىڭ يۈەن پۇل يىغىپ شىركەتنىڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، مائارىپنى قوللاش ۋە جەمئىيەتكە مېھىر -

مۇھەببەت ئاتا قىلىشتەك بۇ ئىشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈر-
دى. ئارقىدىنلا «ئارمان» شىركىتىدىكى 1000 دىن ئارتۇق
ئىشچى - خىزمەتچى شىركەت پارتىيە باش ياچېيكىسى، ئىشچىلار
ئۇيۇشمىسى ۋە ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن
ھەرىكەتكە كېلىپ، 20 مىڭ يۈەن پۇل يىغىپ، مەكتەپكە ئىئانە
قىلدى. مەن «ئارمان روھى» نىڭ يەنە بىر قېتىم نامايان بولغان-
لىقىدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن.

— ئۇن «ئارمان» مەكتىپى قۇرۇش «ئارمان» شىركىتىگە ئېغىر كەلمەسمۇ؟

— مەن ئۇنداق قارىمايمەن. چۈنكى «ئارمان» شىركىتى ھەرگىز بىر ئىزىدا توختاپ قالمايدۇ. ئۇ مەڭگۈ ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ، كۆلىمى ۋە تىجارەت دائىرىسى ئۇزلۇكسىز كېڭىيىدۇ. «ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، مائارىپنى قوللاش، جەمئىيەتكە مېھىر - مۇھەببەت ئاتا قىلىش» — «ئارمان» شىركىتىنىڭ كارخانا مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى. شۇنداق بولغاچقا، بىز ھازىرغىچە تۈرلۈك خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا 4 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلالىدۇق. بىزنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى نىشانىمىز پۇلنى قانچە كۆپ تاپساق، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقىمىز، بولۇپمۇ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش. بىز چوقۇم ھەربىر «ئارمان» مەكتىپىنى شىركىتىمىزنىڭ بىر تارمىقى دەپ بىلىپ، بۇ مەكتەپلەرگە يىلمۇيىل مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى شۇ جايدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مەكتەپلەردىن قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. مەن يەنە پارتىيىمىزنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، پۇل تېپىۋاتقان بارلىق سودىگەر، كارخانىچىلارنىڭ مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك، خاسىيەتلىك ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

يېرىم كۈنلۈك پائالىيەت ئاخىرلاشتى. شادىمان بالىلار قول-

لىرىدىكى چىرايلىق گۈللىرىنى پۈلاڭلاتقىنىچە رەھبەرلەر، مېھمانلار ۋە ئاتا - ئانىلىرىنى ئۆزىتىپ قويۇپ، گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە قالدى. ئۇلارنىڭ چېھرىدىكى شادلىق كۈلكىلىرىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىللە قالدى. ئىشىنىمەنكى، بۇ بەختىيار غۇنچىلارنىڭ چېھرىدىكى شادلىق كۈلكىلىرى مەڭگۈ جىلۋە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىدىكى گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىمۇ يېقىن كەلگۈسىدە روياپقا چىقىدۇ، ئەلۋەتتە!

2006 - يىل سېنتەبىر، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# ئەجەللىك 10 ـ ھالقا

ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىنىڭ ئەر ـ ئاياللارنىڭ يەككە تۈردىكى مۇسابىقىلىرىدە تەسىس قىلىنغان 12 ئالتۇن مېدالنىڭ بىرەرىمۇ شىنجاڭ ماھىرلىرىنىڭ بوينىغا ئېسىلمىدى. ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئالتۇن مېدال، يەنى ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ كوللېكتىپ تۈردىكى ئالتۇن مېداللا قالدى. شىنجاڭ ماھىرلىرى بۇ ئىككى مېدالدىن، ھېچبولمىغاندا بىرەرىنى قولغا كەلتۈرەلمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟! مۇبادا قۇرۇق قول قايتىشقا توغرا كەلسە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 20 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىگە قانداق يۈز كەلگىلى بولىدۇ؟! مېيىپلار تەنھەرىكەت ئىشلىرىنى، جۈملىدىن، شىنجاڭ مېيىپلار ئوقيا ئېتىش كوماندىسىنى كۆپ يىللاردىن بېرى قوللاپ كەلگەن ئاپتونوم رايون ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسى رەھبەرلىرىگە نېمە دەپ جاۋاب بەرگۈلۈك؟!

مانا مۇشۇنداق ئېغىر سوئاللار مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ كوماندىسىنىڭ باش ترېنېرى يوڭ يۈپىڭدىن تارتىپ ھەربىر ماھىرنىڭ بېشىغا توقماق بىلەن ئۇرغاندەك قاتتىق تەگمەكتە ئىدى.

ئەر ـ ئاياللارنىڭ يەككە تۈردىكى مۇسابىقىلىرى 17 ـ ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن ئاياغلاشتى. شىنجاڭ كوماندىسى بىر كۈمۈش مېدال ۋە ئۈچ مىس مېدالغا ئېرىشتى. مەملىكەت بويىچە ئەنئەنىۋى كۈچلۈك كوماندا ھېسابلىنىدىغان شۇنداقلا كوماندا تەركىبىدە ئافېنا مېيىپلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ

چېمپىيونى ۋاڭ يەنخوڭ، كۆپ قېتىم مەملىكەت ۋە خەلقئارا مۇسابىقىلەردە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن جاڭ نەن، مەملىكەت چېمپىيونى جۆھەر يالقۇن قاتارلىق مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا داڭلىق ماھىرلار بار شىنجاڭ كوماندىسىغا نىسبەتەن، 12 ئالتۇن مېدالنىڭ ھەممىسىنى رەقىبلىرىگە تارتقۇزۇپ قويۇش ئادەم ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان بىر ئىش ئىدى. بولۇپمۇ، بۇ نەتىجىنى 2003 - يىلى سېنتەبىردە نەنجىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ ئوقيا ئېتىش كوماندىسى ئېرىشكەن تۆت ئالتۇن مېدال، ئۈچ كۈمۈش مېدال ۋە ئالتە مىس مېدالغا سېلىشتۇرغاندا، پەرق ھەقىقەتەن چوڭ ئىدى.

ئىلگىرى دۆلەت مېيىپلار ئوقيا ئېتىش كوماندىسىنىڭ باش ترېنېرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ۋاڭ يەنخوڭغا ئوخشاش ئولىمپىك چېمپىيونلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان، 12 يىلدىن بېرى شىنجاڭ كوماندىسىنى باشلاپ خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە نۇرغۇن كاتتا شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرگەن «ئالتۇن مېداللىق ترېنېر» يوڭ يۈپىڭغا نىسبەتەن روھىي بېسىم ھەممىدىن بەك ئېغىر ئىدى. مۇشۇ تاپتا ئۇ خۇددى بەدىنىنى نەچچە توننىلىق ئېغىر تاش بېسىۋالغان ئادەمدەك قاتتىق ئازابلانماقتا ئىدى. مۇبادا بۇگۈنكى كوللېكتىپ مۇسابىقىدە يەنە سەۋەنلىك كۆرۈلسە ...

18 - ئۆكتەبىر ئەتىگەن سائەت 7 دە، كۈنمىڭ شەھىرىنىڭ «خەيگېن» تەنھەرىكەت مەشىق بازىسىدىكى چىملىقتا كوماندا ئەزالىرىنى مەشىقلەندۈرۈۋاتقان يوڭ يۈپىڭ بۇ ئىشلارنى داۋاملىق ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. گەرچە ئۇ تۈنۈگۈندىن بېرى ھەربىر ماھىرغا «جىددىيلەشمە! ھودۇقما! ئۆزۈڭنى ئەركىن تۇت!» دەپ قايتا - قايتا جېكىلەپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئېغىر بېسىم تەسىرىدە ئۆزىنىڭ بەدىنى توختاۋسىز تىترىمەكتە ئىدى. چۈنكى،

ئۇ ئالتۇن مېدال ئالالماي شىنجاڭغا قايتىدىغان ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت دەپ بىلەتتى.

سائەت 9 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئاياللارنىڭ ئوقيا ئې-تىش تۈرى بويىچە كوللېكتىپ مۇسابىقىسى رەسمىي باشلاندى. ئۇلارنىڭ شىنجاڭ ئاياللار كوماندىسىنىڭ كىچىك گۇرۇپپىدىكى نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقتىن، بىۋاسىتە سەككىز كۈچ-لۈك كوماندا قاتارىغا كىرىپ، تۇنجى مەيدان مۇسابىقىدە لياۋنىڭ كوماندىسى بىلەن تۆت كۈچلۈك كوماندىغا كىرىش سالاھىيىتىنى تالىشىش «جېڭى» گە چۈشتى. بۇ مەيدان مۇسابىقىدە شىنجاڭ كوماندىسى 159 غا قارشى 179 نەتىجە بىلەن رەقىبىنى يېڭىپ، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىردى.

ئالتۇن مېدالنى تالىشىش مۇسابىقىسى شىنجاڭ كوماندىسى بىلەن ئۇنىڭ بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىدىكى ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى بولغان گۇاڭدۇڭ كوماندىسى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلدى.

مۇسابىقىنىڭ باشلىنىش سىگنالى چېلىندى. شىنجاڭ كو-ماندىسىدىن 22 ياشلىق قازاق قىزى ئۇلتاي قۇنۇسباي تۇنجى بولۇپ مەيدانغا چۈشتى. ئۇلتاي ئوقيانى قولىغا ئېلىپ، ئالدى بىلەن قارشى تەرەپتىكى رەقىبىگە قارىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۈگۈن-كى رەقىبى دەل ئاياللارنىڭ يەككە تۈردىكى مۇسابىقىسىدە ئۆزىنى ۋە سەپدىشى جۇھەرنى شاللىۋەتكەن گۇاڭدۇڭنىڭ داڭلىق ماھىرى زېڭ دوڭدى ئىدى. تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆتكۈزۈلگەن يەككە تۈردىكى مۇسابىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇلتاينى يەنە بىر قېتىم زېڭ دوڭ-دىغا روبىرو قويۇش تولىمۇ خەتەرلىك ئىش بولۇپ، پسىخىك جەھەتتىن زېڭ دوڭدى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى، بىد-راق، باش تىرېنېر يوق يۇپېڭغا ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن باشقا تاللاش يولى قالمىغان ئىدى، چۈنكى ۋاڭ يەنخوڭنىڭ لياۋنىڭ كوماند-سى بىلەن بولغان يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدىكى ئىپادىسى ياخشى بولمىدى، دېمەك ھازىر ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى نورمال

ئەمەس ئىدى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 4 - يىللىق ئوقۇغۇ-
چىسى لى جىڭجى تۇنجى قېتىم مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتناش-
قان بولغاچقا، ئۇنى تۇنجى بولۇپ مەيدانغا سېلىش باش ترېنېرغا
نىسبەتەن چوڭ تەۋەككۇلچىلىك ئىدى. شۇڭا، يوڭ يۇپىڭ ھەر-
قايسى تەرەپلەردىكى ئامىللارنى قايتا - قايتا ئويلىشىپ، ئاخىر
يەنىلا ئۇلتاينى تۇنجى ئوقنى ئېتىشقا بەلگىلەپ، ئۆزىنىڭ، شىن-
جاڭ كوماندىسىنىڭ، شۇنداقلا شىنجاڭ خەلقىنىڭ بارلىق ئۈمى-
دىنى ئاشۇ يۇرتدىشىغا باغلىدى. ئەگەر ئۇلتاي تۇنجى ئوقتا
كەتكۈزۈپ قويسا، شىنجاڭ كوماندىسىنىڭ پۈتۈن مۇسابىقە نەتى-
جىسىگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتەتتى. ئۇلتاي تەمكىنلىك
بىلەن يا ئوقىنى كىرىچكە سېلىپ، قارىغا ئالدى. ئۇ رەقىبىگە
يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كىرىچنى كۈچەپ تارتتى. مۇشۇ
تاپتا ئۇ ترېنېرنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ ئىشەنگەنلىكىنى ۋە پۈتۈن
ئۈمىدىنى ئۆزىگە باغلىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇلتاي تۇنجى
ئوقنى كىرىچتىن ئايرىدى.

— 10 - ھالقا!!

رېپېرىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن تەڭ، پۈتۈن مەيداندا ئالقىش
ۋە قىيقاس سادالىرى كۆككە ياڭرىدى. ئۇلتاينىڭ رەقىبى زېڭ
دوڭدى بىر دىنلا ساراسىمىگە چۈشتى. مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن
بەدىنى خۇددى توك تېپىۋەتكەندەك توختىماي تىترەشكە باشلىدى.
ئۇ تۇنجى ئوقنى ناھايىتى تەستە كىرىچتىن ئايرىدى.

— 5 - ھالقا!

مەيداندىكى شىنجاڭ ماھىرلىرىنى قوللىغۇچىلار يەنە بىر
قېتىم قىيقاس كۆتۈردى. ئۇلتاينىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭ
كوماندىسىنىڭ ئىككى ئەزاسى ئارقا - ئارقىدىن ئوخشاش 9 -
ھالقىغا ئاتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ كوماندىسى تۇنجى باسقۇچ-
لۇق مۇسابىقىدە 39 غا قارشى 46 نەتىجە بىلەن ئۈستۈنلۈكنى
ئىگىلىدى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق مۇسابىقىدە، ئۇلتاي يەنە بىر

www.uyghurkitap.com

قېتىم ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپ 10 ـ بالقىغا ئاتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ رەقىبى زېرەك دوگدى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ ئوتقىنى قارىغا تەگكۈزەلمەي، نۆل نومۇر ئالدى. مەيداندا يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. ئۇلتاينىڭ روھىدىن تەسىر-لەنگەن لى جىڭجىمۇ غەيرەتكە كېلىپ 10 ـ ھالقىغا تەگكۈزدى؛ لى جىڭجىنىڭ رەقىبى كۈچلۈك روھىي بېسىمغا بەرداشلىق بېر-رەلمەي، ھودۇقۇپ، ئاران 3 ـ ھالقىغا تەگكۈزدى. مەيداندا «شىنجاڭلىقلار يارايدۇ!» دېگەنگە ئوخشاش مەدھىيە سۆزلىرى توختىماي ياڭرىدى. بۇنداق كۈچلۈك روھىي مەدەت ئەزەلدىن روھىي جەھەتتىكى بېسىمى ئەڭ ئېغىر بولۇپ كەلگەن شىنجاڭ-نىڭ داڭلىق ماھىرى ۋاڭ يەنخوڭغىمۇ كۈچلۈك مەدەت بولدى. ئۇ ئىككى ماھىرنىڭ روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئىككىنچى باسقۇچ-لۇق مۇسابىقىدە يا ئوقنى 9 ـ ھالقىغا تەگكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن 2 ـ باسقۇچلۇق مۇسابىقىدە ماھىرلىرىمىز رەقىبلىرىنى بىراقلا 29 نومۇر ئارقىدا قالدۇردى، بۇنداق مەملىكەتلىك چوڭ مۇساب-قىدە ئالدىنقى ئىككى باسقۇچلۇق مۇسابىقىدىلا 29 نومۇر ئارقىدا قېلىش مەغلۇپ بولدى، دېگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، گۇاڭدۇڭ ماھىرلىرى 3 ـ باسقۇچلۇق مۇسابىقىدىن باشلاپ بىراقلا بوشىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئەكسىچە، شىنجاڭ ماھىرلىرى ئېغىر روھىي بېسىمدىن بىراقلا ئازاد بولۇپ، ئۆزلىد-رىنى تولىمۇ ئەركىن ھېس قىلماقتا ئىدى، چۈنكى ئۇلار كېيىند-كى ئىككى باسقۇچلۇق مۇسابىقىدە ئوقنى ئاسمانغا ئېتىۋەتمىسى-لا، ئالتۇن مېدالنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بوينىغا ئېسىلىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەن ئىدى. ئۇلتاي بۈگۈن راستىنلا «تەلۋىلەشكەن» ئىدى، ئۇ بۇ قېتىم ئىككى ئوقنى ئايرىم ـ ئايرىم 10 ـ ھالقا ۋە 9 ـ ھالقىغا تەگكۈزدى، ۋاڭ يەنخوڭ بىلەن لى جىڭجىنىڭ ئىپادىسىمۇ ئالاھىدە ياخشى بولدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ باسقۇچلۇق مۇسابىقىدە گۇاڭدۇڭ كوماندىسى 47 نومۇر ئارقىدا قالدى.

4 ـ باسقۇچلۇق مۇسابىقىدە ۋاڭ يەنخوڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پاي
ئوقنى 10 ـ ھالقىغا تەگكۈزدى. دېمەك، ئۆلتاي 10 ـ ھالقا
بىلەن باشلىغان مۇسابىقىنى ۋاڭ يەنخوڭ 10 ـ ھالقا بىلەن
تولىمۇ چىرايلىق ئاخىرلاشتۇردى.

157 گە قارشى 199، بۇ شىنجاڭ كوماندىسى بىلەن گۇاڭ-
دۇڭ كوماندىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇسابىقە نەتىجىسى. شىنجاڭ
كوماندىسى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە مۇتلەق ئۈس-
تۈنلۈك بىلەن رەقىبىنى يەڭدى. ئۆلتاي، لى جىڭجى ۋە ۋاڭ
يەنخوڭ ئېتىلىپ كەلگىنىچە باش ترېنېرى يوڭ يۈپىڭنى چىڭ
قۇچاقلىدى. ئۈچ ماھىر ۋە ترېنېرنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق
ياشلىرى تۆكۈلدى. ئەتراپتىكى شىنجاڭلىق ماھىر، خىزمەتچى
خادىم ۋە مۇخبىرلارنىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ ئىختىيارسىز
نەملەندى ...

شىنجاڭلىق ئۈچ ماھىر مۇكاپات سەھنىسىگە چىقتى، ئۇلار-
نىڭ بوينىغا ئۆزلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭ
خەلقى ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ھەم ئەھمىيەتلىك بولغان جۇلا-
لىق ئالتۇن مېداللار ئېسىلدى، ئەتراپتىكى كىشىلەر كۈچلۈك
ھاياجاندا توختىماي ئالقىش ياڭراتتى. شىنجاڭ كوماندىسىدىكى
ئەزالارنىڭ كۆزلىرى خۇددى كېلىشىۋالغاندەك بىرلا ۋاقىتتا نەم-
لەشتى. مۇشۇ تاپتا، ئۇلارنىڭ كۆز يېشى كۈنمىڭنىڭ قۇياش
نۇرىدا تولىمۇ نۇرلۇق ھەم يارقىن كۆرۈنمەكتە ئىدى.

2006 ـ يىل ئۆكتەبىر، كۈنمىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# هايات ـ مامات دەقىقىلىرىدە

— ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئابدۇكېرىمنى مەركەزدىن مۇكاپاتلاپتۇ، دەيدۇ.

— قايسى ئابدۇكېرىمنى دەيسىلەر؟

— ئالدىنقى يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كان قۇتقۇزۇش بازىسىدا تەربىيىلەنگەن ھېلىقى ئوتتۇرا بوي، قارامتۇل يىگىتچۇ.

— ھە، خىزمەت دېسە جېنىنى بېرىدىغان ھېلىقى ئاداشما؟ بايدىكى كان ۋەقەسىدە قەھرىمانلىق كۆرسىتىمەن دەپ، تاس قالغاندى جېنىدىن ئايرىلغىلى ...

— ئۇ خۇددى بارلىق شان ـ شەرەپلەرنى «كۆتۈرە» ئېلىۋالغاندەك، ھەر يىلى ئۆزۈلدۈرمەي مۇكاپات ئېلىپ كېلىۋاتىدىغۇ! بۇ قېتىمقىسى نېمە مۇكاپاتكەن؟

— بۇ قېتىم ئۇ «مەملىكەتلىك تېخنىكا ماھىرى» بوپتۇ. رەھبەرلەرنىڭ دېيىشىچە، مەركەزدىكى رەھبەرلەر «ھازىرغىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەككىز قېتىملىق باھالاشتا سەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان تۇنجى مەملىكەتلىك تېخنىكا ماھىرى» دەپ ئۇنى مەخسۇس قوبۇل قىپتۇ: بىز دەك كان قۇتقۇزغۇچىلارغا نىسبەتەن بۇ ناھايىتى چوڭ شەرەپ جۇمۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق. دېمىسىمۇ، ئۇ ئالغان مەملىكەت دەرىجىلىك ئالىي تېخنىك ئۇنۋانى تېخى كۆپلىرىمىزدە يوق، ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ ئالغان مۇكاپات، مېداللىرىنىڭ كۆپلۈكىنى دېمەمسىلەر تېخى؟! ھۆكۈمەتمۇ شۇنىڭدەك كىشىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ ـ دە.

ئابدۇكېرىم ھەر قېتىم شەرەپكە ياكى تەقدىرلەشكە ئېرىشـ

كەندە، ھۆرمەت، قايىللىق ۋە ھەسەت ئارىلاشقان بۇنداق گەپ - سۆزلەر خېلى ۋاقىتلارغىچە كەسپداشلىرىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. ئابدۇكېرەم بېيجىڭدىكى «مېھماندارچىلىقى»نى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلگۈچە ئۇ ھەقتىكى «خەۋەرلەر» ئاپتونوم رايونلۇق كان قۇتقۇزۇش بازىسىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ كان قۇتقۇزۇش ئەترىتىگىچە چاقماق تېزلىكىدە تارقىلىپ، كان قۇتقۇزۇش خادىملىرىنىڭ قىزىق پاراڭ تېمىسىغا ئايلاندى. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئەگەر سىزمۇ بۇ قىزىق پاراڭ تېمىسىغا قىزىقىپ قالغان بولسىڭىز، تۆۋەندىكى قۇرلارغا نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ.

## فۇكاڭدىكى ئۇنتۇلماس «جەڭ»

2005 - يىل 12 - ئىيۇل، كەچ سائەت 11 گە ئاز قالغاندا تۇيۇقسىز چېلىنغان سىگنال ئاپتونوم رايونلۇق كان قۇتقۇزۇش بازىسىنىڭ تىمتاسلىققا چۆمگەن قورۇسىنى بىردىنلا ۋەھىمىگە سېلىۋەتتى. ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا «لىققىدە» ئادەم ئولتۇرغان بەش قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ چوڭ يولغا چىقتى ھەمدە فۇكاڭ تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ئالدىدىكى ماشىنىلارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان ئوتتۇرىدىكى ماشىنىنىڭ شوپۇرغا يانداش ئورۇندۇقىدا بىر يېگىت توختىماي تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇغداي ئۆڭ كەلگەن، قىپقىزىل قۇتقۇزۇش كىيىمى كىيىۋالغان، سىرتقى قىياپىتىدىن چېلىشچى پالۋانلارغا خاس كۈچتۈڭگۈرلۈكى «مانا مەن» دەپ بىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئابدۇكېرىم مىجىت بولۇپ، ئۈچ يىلدىن بېرى مۇشۇ تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتاتتى. قۇتقۇزۇش ماشىنىسىغا چىقىپلا

جىددىي تەييارلىقتا كىرىشكەن خادىملار ناھايىتى تېزلىكتە قۇتقۇ-
زۇش كېيىملىرىنى كىيىشىپ، «جەڭ قوراللىرى»نى تەييارلاپ
تەخ بولۇشتى ھەمدە خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تەڭ ماشى-
نىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئەترەت باشلىقىغا تىكىلدى.
ئۇلارنىڭ بىلمەكچى بولغىنى ئالدىنقى كۈنى، يەنى 7 - ئاينىڭ
11 - كۈنى سەھەر سائەت ئىككىدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە فۇكاڭ
«شىنلۇڭ» كۆمۈر كېنىدا يۈز بەرگەن گاز پارتلاش ۋەقەسى ۋە
دەسلەپكى باسقۇچتا قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغان ئىككى تارماق ئەترەتنىڭ
ھازىرقى ئەھۋالىغا ئائىت زۆرۈر ئۇچۇرلار ئىدى. تارماق ئەترەت
باشلىقى ئابدۇكېرىم سەپداشلىرىنىڭ جىددىيلەشكەن كۆزلىرىدىن
ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، ئادىتى بويىچە ئاۋۋال
خادىملارنىڭ تەييارلىقىنىڭ پۇختا بولغان - بولمىغانلىقىنى قايتا
تىدىن بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇ ھەممەيلەنگە تېزلىكتە
قاراپ چىققاندىن كېيىن، تېخى بايىلا تاپشۇرۇۋالغان خەنزۇچە
ئۇقتۇرۇشنى بىر خىل رىتىمدا ئوقۇشقا باشلىدى: «دەسلەپكى
تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ قېتىمقى گاز پارتلاش ۋەقەسى مەملى-
كىتىمىز دائىرىسىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئېغىر ھادىسىلەر-
نىڭ بىرى. ئەھۋال ئېغىر، ۋەزىيەت مۇشكۈل، شۇڭا تېزدىن
ھادىسە نەق مەيدانىغا كېلىپ، جىددىي بۇيرۇق كۈتۈش ھالىتىدە
تۇرۇڭلار ...»
قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرى ئاخىرى ۋەقە يۈز بەرگەن نەق مەي-
دانىغا يېتىپ كەلدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن كەلگەن رەھ-
بەرلەر كان ئېغىزىغا يېقىن جايدا بىردە كان خەرىتىسىنى ئالدىغا
يېيىۋېلىپ بىر-بىرىگە دېيىشىپ قۇتقۇزۇش خىزمىتى ھەققىدە
پىكىرلەشسە، بىردە كان ئاستىنى تەكشۈرۈپ چىققانلاردىن كان
ئاستىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، قۇتقۇزۇش قوماندانلىق شتابىدىكى
مەسئۇل كىشىلەرگە يوليورۇق، كۆرسەتمىلەرنى بەرمەكتە ئى-
دى. كان ئەتراپىغا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ توختاۋاتقان

هەر خىل قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىنىڭ كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ئاۋازلىرى بۇ يەرنى بەئەينى جەڭ مەيدانىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ماشىنىدىن چۈشۈپلا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قوماندانلىق شتابىغا كەتكەن ئابدۇكېرىم يېرىم سائەتلەردىن كېيىن سەپداشلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى ۋە ناھايىتى جىددىي قىياپەتتە:

— ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى، — دېدى بۇيرۇق ئاڭلاش تەلەپپۇزدا، — بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ناھايىتى مۈشكۈل، كان ئاستىدىكى ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇننى تەخمىنەن مۆلچەرلىگىلى بولسىمۇ، لېكىن كان رايونى بەك چوڭ بولغانلىقتىن، كان ئاستىدا قالغانلارنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كان قۇدۇقىنىڭ يەر يۈزى بىلەن بولغان تەكشىلىكى 42 گرادۇس. كان ئېغىزىدىن گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن جايغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئىككى كىلومېتىرغا يېقىن يولنى پىيادە بېسىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، كان ئاستىدىكى 11 خىل زەھەرلىك گاز ۋە كاننىڭ تەكرار گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغان ۋاقتىمىز كۆپ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا تەن ساپاسى ئەڭ ياخشىلاردىن 16 ئادەم مەن بىلەن ماڭىدۇ، باشقىلار سىرتتا بۇيرۇق كۈتۈڭلار!

مانا، چارلاش ئارغامچىسىدا بىرقانچە مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ، بەللىرىنى چىگىۋالغان توققۇز قۇتقۇزۇش خادىمى قاپقارا ئىس - تۈتەك بىلەن قاپلانغان كان ئاستىدا ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە. ئاچچىق ئىس دەستىدىن كۆزنى ئېچىش قەتئىي مۇمكىن بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، كان ئاستىدىكى كۆزگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەر خىل گازلارنىڭ تەسىرىدە توختىماي قۇيۇلۇۋاتقان ئاچچىق ياشلار ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، خۇددى پۇتكۈل ئەزاسى سېزىمنى يوقاتقاندەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. مۇشۇنداق ئەھ-

ۋالدا ئۇلارغا پەقەت ۋاگون يولىنى قولى بىلەن تۇتۇش ئارقىلىق نىشاننى بەلگىلەپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلىش-تىن باشقا چارە يوق ئىدى. مۇشۇ سۈرئەت بويىچە ماڭغاندا ناھايىتى قىسقا ئارىلىقنىمۇ سائەتلەپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. 100 مېتىر، 200 مېتىر... ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئابدۇكېرىم تۇيۇقسىز بېلىگە باغلانغان ئارغامچىنى سىلكىدى. بۇ قۇتقۇزغۇچى خادىملارنىڭ ھادىسە بىر تەرەپ قىلىنىۋېتىپ ئەھۋال بايقالغاندا «سۆزلىشىدىغان» كەسپىي تىلى ئىدى. بۇ كان ئېغىد-زىدىن 350 مېتىر كېلىدىغان قۇدۇق ئورنى بولۇپ، ئۇچىنىغا خىزمەت كىيىمى كىيگەن ئۈچ كان ئىشچىسى يۇقىرىغا يامىشىۋات-قان ھالەتتە بىرقانچە مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۇن - تىنسىز ياتاتتى. نېرىراقتا تېخىچە يېنىق تۇرغان كان چىرىغىنىڭ يورۇ-قىدا ئۇلار ئېنىق كۆرۈندى. «بۇ ئۇچەيلەننىڭ تېخى تىنىقى بار ئىكەن. ئامالىنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش كې-رەك. ئارقىدىكى ئۇچۇڭلار ئۇلارنى دەرھال كان ئاغزىغا ئېلىپ چىقىڭلار (بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى ھايات قالغان)، قالغان-لار داۋاملىق ئالغا!» تەجرىبىلىك ئەترەت باشلىقى ئابدۇكېرىم قول ئىشارىسى ئارقىلىق «سۆزى» نى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆيلىنىپ تۇرۇپ قالدى. «دەسلەپكى قەدەمدە ھادىسىگە ئۇچرى-غانلارنى بايقىدۇق. دېمەك، ھادىسە رايونىغا يېقىنلاشتۇق دېگەن گەپ. ئەمدى بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلمىساق، كان ئاستىدا قالغان باشقا ئىشچىلارنى تېپىشىمىز تەسكە توختايدۇ، لېكىن ماڭا ئەگە-شىپ مېڭىۋاتقان خادىملارنىڭ ھاياتىغىمۇ مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك». ئىس - تۈتەكلەر ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈۋاتقان قۇدۇق ئاستىدا ئۇنىڭ كاللىسى جىددىي پىكىر قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئاخىر ئەترەتتىكى ئەزالارنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، بىر گۇرۇپپىنى مېڭىۋاتقان يۆنىلىش بويىچە يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى يەنە بىر گۇرۇپپىنى باشلاپ يان تەرەپتىكى ئەڭ خەتەرلىك ھېساب-

لىنىدىغان تارماق كان يولى ئارقىلىق ئاستا يۇرۇپ كەتتى. ۋاقىت ئۆتمەكتە، يان تەرەپتىن ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقان «چاراس - چۇرۇس» ئاۋازلار ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت پارتلاش ئېھتىمالى تۇغدۇرىدىغان زەھەرلىك گازلارنى ئەسكەرتمەكتە. كان ئاستىغا چۆڭقۇرلاپ كىرگەنسېرى، ئۇنىڭ قولىدىكى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى شۇ دائىرىدىكى زەھەرلىك گازنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى، ماڭغان مۇساپە قاتارلىقلاردىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. «كاربون چالا ئوكسىد قاتارلىق زەھەرلىك گازنىڭ قويۇقلۇقى سەل - پەل تۆۋەنلىدى. كان ئېغىزى بىلەن بولغان ئارىلىق 600 مېتىر، ھەي ... ئۇلارنى تېزرەك تاپالىسام ياخشى بولاتتى. ئەگەر ئوكسىگېن تۈگەپ كېتىپ قالسا، مېنىڭمۇ تۈگەشكىنىم شۇ ...» ئۇ شۇ خىيالنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ قاتتىق يىقىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يىقىلغان جايغا قولىنى ئۇزاتتى. ھالقا بولۇپ قالغان كان چىرىغىنىڭ سىمى «سەن ئىزدىگەن ئادەم بۇ يەردە» دېگەندەك، گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن ياغاچ - تاشلارنىڭ تېگىدىكى بىر جەسەتكە چىڭ باغلاقلىق تۇراتتى. ئابدۇكېرىم جەسەتنى ناھايىتى ئەستە تارتىپ چىقىرىپ، بىر تاختايغا تۈز قىلىپ ياتقۇزدى - دە، ئۇنىڭ مىجىلىپ چۈل - چۈل بولۇپ كەتكەن ئەزالىرىنى قوشۇپ تاڭدى ھەمدە ئۇنى يۈدۈپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى. ۋاگون يولىغا ئېسىلىپ كېتىۋاتقان ئابدۇكېرىم تىتىلىپ كەتكەن پەلىيىنىڭ ئىچى بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى قانىغانىدى. ئارىدىن قانچە سائەت ئۆتتىكىن، ئۇ ئاخىرى كان ئېغىزىغا يېقىنلاشتى. ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرغانلارغا جەسەتنى تۇتقۇزۇپلا، يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى ... مانا ھازىر ئۇ جەسەتلەرنى ئەپچىقىۋېتىپ، رەھبەرلەرنىڭ سۆزىگىمۇ پەرۋا قىلماي، 11 - قېتىم كان ئاستىغا كىرىپ كەتتى. باشقا كۆپ ساندىكى قۇتقۇزغۇچى خادىملار بىر قانچىدىن جەسەتنى تېپىپ چىق-

قاندىن كېيىن، گازدىن زەھەرلىنىش ۋە ماغدۇرسىزلىنىش سە-ۋەبىدىن، ھادىسە رايونىغا قايتا كىرەلمىدى. ئابدۇكېرىمنىڭ تېخىچە قايتىپ چىقالمايۋاتقانلىقىنى بىلگەن رەھبەرلەر [illegible] دىيىلىشىپ قالدى.

— چىقتى، چىقتى ... — كان ئېغىزىدىكى كىمدۇر بىرى ئۈنلۈك توۋلىۋەتتى. ئۈچ جەسەتنى بىر كىچىك كۆمۈر توشۇش ھارۋىسىغا سېلىپ ئىتتىرىپ چىققان ئابدۇكېرىمنىڭ چىرايى كىملىكىنى تونۇش مۇمكىن بولمىغىدەك ھالغا كېلىپ قال-غانىدى.

تاماقمۇ يېمەي، 20 نەچچە سائەت كان ئاستىدا يۈرۈپ، 14 جەسەتنى تېپىپ چىققان ئابدۇكېرىم بۇ يەردىكى ئەڭ «ئالىي تاماق» بولغان تەييار چۆپنى يەپ بولۇپ، چوڭ چېدىرغا كىردى - دە، بىر - بىرى بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن سەپداشلىرىنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كى-رىپ ئۇيقۇغا كەتتى ...

## ئاخىرقى جەسەتنى ئىزدەش

فۇكاڭ «شىنلوڭ» كۆمۈر كېنىدا تارتقان يەتتە كۈنلۈك جاپا - مۇشەققەتنىڭ ھاردۇقىنى تېخى دېگەندەك چىقىرىپ بولال-مىغان كان قۇتقۇزۇش خادىملىرى 2005 - يىل 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى باي ناھىيىسىنىڭ «ياتۇر» كۆمۈر كېنىدا يۈز بەرگەن ھادىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئاپ-تونوم رايونلۇق كان قۇتقۇزۇش بازىسىدىكى تەربىيىلىنىشنى ئا-خىرلاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرغان ئابدۇكېرىممۇ يېڭى «جەڭ» مەيدا-نىغا دەرھال يېتىپ كەلدى ۋە بۇيرۇقا بىنائەن ئۆزى مەسئۇل بولغان تارماق ئەترەتنى باشلاپ، تېمپېراتۇرىسى 38 سېلسىيە گرادۇسقا يەتكەن كان ئاستىغا كىرىپ كەتتى. كەچ كىرىشكە ئاز

قالغاندا، بارلىق قوتقۇزغۇچى خادىملار ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سېلىپ، كان ئاستىدا قالغان 13 جەسەتنى ئېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى بىر جەسەتنى ھەرقانچە قىلسىمۇ تاپالمىدى. ۋەزىيەتنى چوقۇم ئورۇندىماي بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى سىدىقجان تۇردى سەل جىددىيلىشىپ قالدى.

— باشلىق، ئۇ يەرگە ھامان بىرىمىز چۈشمىسەك بولمايدۇ، مەن يەنە بىر قېتىم چۈشۈپ ئىزدەپ كۆرەي، — ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئابدۇكېرىمگە تىكىلگەنىدى.

بىرپەس تالاش - تارتىشتىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئاخىرى ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقىنى قايىل قىلدى. ئۇ بېلىنى ئارغامچىدا باغلاپ قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئارىدىن يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندە، ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرغان قۇدۇق ئاغزىدىكى خادىملار ئۇنىڭ ئارغامچىنى سىلكىش ئارقىلىق ئەۋەتكەن «خۇش خەۋىرى» نى تاپشۇرۇۋالدى. لېكىن، ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا قايتىپ چىقىشقا بەلگە بەرمەي تۇرۇپلا، ئابدۇكېرىم ئارغامچىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ جەسەتنى ئېلىپ بىراقلا چىقماقچى بولغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنىدى. سىدىقجان ئابدۇكېرىمنى ۋەزىيەتنى تېزرەك ئورۇنداش ئۈچۈن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن زەھەرلىك گاز ئوكيۇقلۇقى ئەڭ يۇقىرى بولغان كان قۇدۇقىغا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئاچچىقلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان مۇشۇ پەيتلەردە، ئابدۇكېرىم 120 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تىك كان قۇدۇقىدا ياغاچلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان جەسەتنى قانداق ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى.

توساتتىن «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەممە نەرسە پەسكە ئۆرۈلدى. ئابدۇكېرىم قاتتىق بىر ئىڭراپ كۆزىنى ئاچقاندا

www.uyghurkitap.com

سول بىلىكى يوغان بىر تال ياغاچنىڭ ئاستىدا تۇرالىشى، ئۇ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىۋاتقان قولىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ياغاچنىڭ ئاستىدىن تارتىپ چىقىرالمىدى. ئەكسىچە قانچە كۈچىنى گەنسېرى ياغاچ شۇنچە ئېغىرلاپ كېتىۋاتقاندەك، ئاغرىق ئازابى ئۇنى «ۋاي، داد!» دېگۈزۈۋەتتى. ئۇ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن مۇشۇنداق شارائىتتا ھايات قېلىشىدىنمۇ ئۈمىد يوقتەك ھېسسىياتقا كەلدى. ئۇ يېنىدىكى ياغاچ دۆۋىسىدىن بەدىنىنىڭ يېرىمى چىقىپ تۇرغان جەسەتكە قاراپ، تۇنجى قېتىم ئۆزى ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى.

ئۇ ئائىلىسىنىڭ يوكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا دادىسىغا ئەگىشىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك كۆمۈر كانىغا ئىشچى بولۇپ كىردى. شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 19 ياشتا ئىدى. كاندا ئۈچ يىل كۆمۈر توشۇغان ئابدۇكېرىم 1997 - يىلى ھازىرقى خىزمەت ئورنىغا تاللىنىپ، كان قۇتقۇزۇش ھاياتىنى رەسمىي باشلىدى. مانا ھازىرغىچە نەچچە مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى كانلارغا كىرىپ، تالاي جەسەتلەرنى ئۆز قولى بىلەن تېپىپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق كان قۇتقۇزۇش بازىسىدا تەربىيىلىنىۋاتقاندا، ئىشتىن سىرتقى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشىمەن دەپ، قىشنىڭ جاڭ - جاڭ سوغۇقلىرىدا ئاپتوبۇس ساقلاپ ئىككى قىشنى ئۆتكۈزدى. خىزمەت، دەپ يۈرۈپ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن بۇ يىگىت مانا ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئىنس - جىن يوق كان ئاستىدا جان تالاشماقتا. «مەن مۇشۇنچىۋالا جاپا تارتىپ، ھاياتىمنى دوغا تىكىپ نېمىلەرگە ئېرىشتىم؟ بۇ كەسپىنىڭ نەرى ماڭا شۇنچە قەدىرلىك؟ توغرا، مېنىڭ ھاياتىم، خۇشاللىقىم مۇشۇ كەسپىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك جەريانلىرىغا چەمبەرچاس باغلىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. مەن نېمىشقا ھەر يىلى دېگۈدەك شەرەپ گۈلى تاقىيالىدىم؟ سەپداشلار، رەھبەرلەر ماڭا نېمىشقا شۇنچە ئىشىنى-

دۇ، ئۇلار ھازىر كان ئېغىزىدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدۇ؟ مېنىڭ
قايتىپ چىقىشىمنى ...» ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىغا بىردىنلا كۈچ كىرگەندەك بولدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى
قېتىم پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ، چارە ئويلاشقا باشلىدى.
«پالتا!» توساتتىن ئۇنىڭ ئېسىگە بېلىگە قىستۇرۇۋالغان پالتى-
سى كەلگەندى. ئۇ پالتىسىنى ئېلىپ، بېسىلىپ قالغان قولى
بىلەن ياغاچ ئوتتۇرىسىغا قىستۇردى ـ دە، بار كۈچى بىلەن
پالتىنى ئۈستىگە قايرىدى. ياغاچ سەل ـ پەل مىدىرلىغاندەك
قىلىۋېدى. ئۇنىڭ قولى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى، ئۇ لېۋىنى
چىڭ چىشلەپ، پالتىنى يەنە بىر قېتىم ھەرىكەتلەندۈردى. ئىك-
كىنچى قېتىم، ئۈچىنچى قېتىم ...
ياغاچ تاختايغا تېڭىلغان جەسەتنى بىردە سۆرەپ، بىردە يۆ-
دۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتقان ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ كان ئاغزىغا قاراپ
كېتىۋاتقىنىغا قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنى، قانچىلىك يول
يۈرگەنلىكىنى بىلەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ پات ـ پات ئۆزىگە «ئاز
قالدى، يەنە ئازراق چىداي!» دەپ پىچىرلاپ قوياتتى. ئۇ كېتى-
ۋېتىپ توساتتىن بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك توختاپ قالدى
ھەم تېزلىكتە بېلىگە قىستۇرۇۋالغان پالتىسىغا قولىنى ئۇزاتتى.
دېگەندەك بايىلا ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالغان پالتىسى يوق
بولۇپ چىقتى. «يېنىمىزدىكى قورال ـ سايمانلىرىمىزنى كان
ئاستىدا قالدۇرۇپ قويۇپ چىقىش ئىنتىزامىغا ئەڭ ئېغىر خىلاپ
ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى، يەنە كېلىپ بۇ بىزدەك قۇتقۇزغۇچى خا-
دىملار ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىش. شۇڭا كان ئاستىدا جېنىم قالسى-
مۇ، پالتام قېپقالماسلىقى كېرەك.» ئۇ شۇلارنى ئويلىدى ـ دە،
نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن جەسەتكە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن،
خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىگىنىچە ئارقىغا قاراپ يۈرۈپ
كەتتى ...
ئارىدىن ئىككى سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە، كان قۇدۇ-
قىنىڭ يانتۇ ئېغىزىغا قاپقارا بىر گەۋدە يېقىنلاپ كەلدى، ئۇ